# بۇلاق



1981 3

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەجمۇئەسى)

3

AltunOq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1981 - يىل ئۈرۈمچى

## مۇندەرىجە

گۇمنام غەزەللىرى ............................................ 1
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىرسۇلتان ئوسمانوۋ
گۇل ۋە بۇلبۇل (داستان) ......... موللا ئەلەم شەھيارى 129
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ۋاھىتجان غۇپۇر، ئەسقەر ھوسىيىن
شائىرە زىبۇنىسا .................. ئابدۇرېيىم سابىت 219
شائىر تەۋپىق .................. مىرەھمەت سېيىت 228
ئەھمەد يۈنەكىنىڭ «ھىبەتۇلھەقايىق» داستانى
........................ پروفېسسور ي. ئە. بېرتىلىس
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەبىبۇللا ئىلى
قاراغوجا خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
توغرىسىدا............................ ئابدۇرېيىم سابىت 286
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە
راۋاجلىنىشى............ ھاجى ئەخمەت 313

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مەلىكە گۈلروز (قىسسە) ....................................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسلام سادىق 333
ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ............................
توپلىغۇچىلار: سۇلتانەم ئومەر، ئابدۇراخمان ئەبەي،
مەھەممەت رەھىم 361

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۇمنام غەزەللىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەرسۇلتان ئوسمانوۋ

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئۇچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن شائىر گۇمنام 1963 - يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» دە ت. ئىبلىيوۋ تەرىپىدىن بىرقانچە غەزەللىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىنلا دەۋرىمىز جامائەتچىلىكىگە مەلۇم بولدى. بۇ قېتىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دىمۇ 1963 - يىلى ئېلان قىلىنغان شۇ غەزەللەر قايتا تونۇشتۇرۇلدى.

شۇندىن بۇيان گۇمنام غەزەللىرى ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىلىكى بىلەن كىتاپخانلار ئارىسىدا يۇقىرى باھاغا ئىگە بولدى.

بىز مانا شۇ ئاساستا بۇقېتىم كەڭ كىتاپخانلارغا گۇمنامنىڭ قولىمىزدا بار بولغان ھەممە غەزەللىرىنى تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

شائىر گۇمنامنىڭ بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولغان بىردىن - بىر غەزەللەر دىۋانىنى يولداش ئەرشىدىن تاتلىق 1957 - يىلى يەكەندە سايىم ئاخۇن دىگەن كىشىدىن ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ فورماتى 10.5×16.5 سانتىمېتىر؛ دىۋان ئۇشتىلەنگەن يەرلىك قەغەزگە كوچۈرۈلگەن، خېتى ئانچە ياخشى ئەمەس.



AltunOq

كىتابنىڭ قولىمىزدا بار قىسمىدا كۆچۈرگۈچى، كۆچۈرۈلگەن يىل، كۆچۈرۈلگەن ئورۇن توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

دىۋاندىكى غەزەللەر ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە قاپىيەسىنىڭ ئاخىرقى ھەرپىگە قاراپ ئەرەپ ئېلىپبەسى تەرتىۋى بويىچە تىزىلغان. ئەپسۇسكى، دىۋان تولۇق ئەمەس، يەنى باش تە-رەپتىن «ا» ھەرپىدىن تارتىپ تاكى «ر» ھەرپىگىچە بولغان 9 ھەرپ بىلەن ئاياقلاشقان قاپىيىدىكى غەزەللەر (تەخمىنەن يىگىرمە نەچچە ۋاراق) كەم، كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاراق كەم بولمىسىمۇ، قاپىيەسى «ش، ص، ض، ط، ظ، ع، ف» ھەرپ-لىرى بىلەن ئاخىرلاشقان غەزەللەر نىمىشقىدۇر كۆچۈرۈلمىگەن (ئەملىيەتتە بۇنداق يېتۈك بىر شائىرنىڭ بۇنداق قاپىيەلەردە غەزەل يازماسلىقى مۇمكىن ئەمەس). ئاخىرقى قىسمىدا قاپىيەسى "ە" ھەرپى بىلەن ئاياقلاشقان غەزەللەردىن كېيىن يىگىرمە ئىككى ۋاراق كەم. كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە قىلماقچى بولغان بايانى باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن تۈگىمەستىن ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇنداق قىلىپ يوقۇرىدى-كى كەم ۋاراقلارنى ھىساپ قىلمىغاندا، پۈتۈن دىۋاندىن قولى-مىزدا بارى جەمى 109 بەت بولۇپ، بۇنىڭدا گۇمنام تەخەللۇ-سى بىلەن يېزىلغان 85 غەزەل (بۇنىڭ ئىچىدە 17-ۋە 40-غەزەللەردە كۆچۈرۈلگەندە تاشلاپ كېتىلگەن ۋە سىيا توكۇلۇپ ئوچۇپ كەتكەن مىسرالار بار، بۇ قېتىم بۇ غەزەللەرمۇ ئەينەن بېرىلدى)، ئىككى مۇخەممەس (بۇنىڭ بىرسى باش تەرەپتىن كەم، بىرسىدە گۇمنام تەخەللۇسى بېرىلمىگەن)، 25 رۇبائىي، 198 مىسرا تەرجىئى بەند بار.

قاپىيىلىرىنىڭ بولۇنۇشىدىن قارىغاندا، "ر" قاپىيەسىگە 28 غەزەل، "ن" قاپىيەسىگە 16 غەزەل، "م" قاپىيەسىگە 15 غەزەل، "ك (جۈملىدىن 'ڭ')" قاپىيەسىگە 8 غەزەل توغرا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كېلىدۇ. غەزەللەر قالغان ھەرپلەرنىڭ ئالدىغا بەش، كەينىگە ئىككىدىن توغرا كېلىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال ئەمەس. شۇنىڭدەك، دىۋاندا بەزى مىسرالارنىڭ مەزمۇنى ئانچە روشەن ئەمەس. بۇ ئەھۋال كىشىنى دىۋاننى قولدىن - قولغا كوچۇرۇش جەريانىدا كاتىپلار سەۋەنلىك ئوتكۇزگەن بولسا كېرەك، دىگەن تونۇشقا كەلتۇرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بۇ دىۋان گۇمنام بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك بىر ئەدەبىي مىراس بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئۇنىڭ مەڭگۇلۇك ھەيكىلى سۇپىتىدە قەد كوتىرىپ تۇرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، دىۋاننىڭ ئاخىرقى قىسمىغا قانداقتۇر بابارەھىم مەشرەپنىڭ بىرقانچە غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرى مەشرەپ تەخەللۇسى بىلەن كوچۇرۇپ قويۇلغان.

شائىرنىڭ يۇرتى ئۇنىڭ «كاشقەر» رادىفلىق غەزىلى (26 - غەزەل) دىكى:

"كاشقەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامنىڭ يايلاغىدۇر" دىگەن مىسرادىن ۋە 28 - غەزەلدىكى:

"نەھاجەت ھەججى ئەكبەر، كاشقەر ئىچرە مەزارىم بار،
زىيايى چەشمىمە خاكى دەرىدىن سۇرمە زارىم بار"

دىگەن مىسرالاردىن قەشقەر ئىكەنلىگى مەلۇم، يەنى ئۇ بۇ مىسرالاردا ئوز يۇرتى بولغان قەشقەرنى تولۇپ تاشقان مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ غەزەللىرىدە قەشقەر شىۋىسىگە خاس تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىپادە قىلىنغانلىغىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

گۇمنام ئوز ئاتىسى توغرىسىدا، دىۋاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا

(بىزنىڭ نومېرىمىز بويىچە 109-بەتتە) مۇنداق دەيدۇ:

«ئاتام ئاتى خوجەم قۇلى خوجەدۇر،
زاھىرى قۇل، ھەقىقىتى خوجەدۇر»

بۇ مىسرالاردىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى خوجام قۇلى ئىكەنلىگى مەلۇم. لېكىن بۇ ئىسىم ئۇيغۇر كلاسسىك يازغۇچىلىرىدىن مۇھەممەت ئىمىن خىرقىتىنىڭ ئاتىسى خوجام قۇلى بىلەن بىرمۇ؟ ياكى تەسادىپى ئوخشاشلىقمۇ؟ ئەگەر بىر بولسا، گۇمنام بىلەن خىرقىتى بىر شەخسمۇ؟ ياكى قېرىنداشلارمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە يېتەرلىك تارىخىي پاكىتلار بولمىغان ھازىرقى شارائىتتا جاۋاپ بېرىشكە ئاجىزمىز. لېكىن گۇمنامنىڭ «مەشرەپ مەن» رادىفلىق غەزىلى (80-غەزەل)① دە:

«تاپىپ مەشرەپ يولىن تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گۇمنام،
ئېمەسمەن چىزى تائەت، مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەپ مەن»

دېگىنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خىرقىتىدىن ياش بولغان بابارەھىم مەشرەپتىنمۇ② كېيىنرەك ئۆتكەنلىگىنى مولچەرلەش مۇمكىن.

① بۇنداق رادىفلىق غەزەل بابارەھىم مەشرەپنىڭ 1900-يىلى نەشر قىلىنغان دىۋانىدىمۇ بار. لېكىن بۇ ئىككى غەزەل پۈتۈنلەي باشقا-باشقا.

② بابارەھىم مەشرەپنىڭ ياشىغان يىلى توغرىسىدا مەلۇمات بىرخىل ئەمەس. 1951-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئەدەبىيات خرۇستوماتىيەسى (9-سىنىپلار ئۈچۈن) دە 1657 — 1711 دېيىلگەن. 1979-يىلى فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرىشىت ئابدوغوپۇرۇۋ تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن» دېگەن كىتاپچىدا 1640 — 1711 دېيىلگەن. نىياز خوجا مىلك بېگى (ئورنى مەلۇم ئەمەس) تەشەببۇسى بىلەن تۈزۈلگەن «دىۋانى مەشرەپ»تە ھىجرى 1043-يىلى توغۇلغان، دېيىلگەن.

شۇنىڭدەك، خىرقىتىنىڭ 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»گە ئوخشاش مۇنداق چوڭ لىرىك داستانىنى يېزىپ چىقىش سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇغلۇق ئۇنىڭ يەنە گۇمنام تەخەللۇسى بىلەن «مەشرەپ يولىنى تۇتۇشى»نى ئەقىل تارازۇسى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى «خوجام قۇلى» بەلكىم تەسادىپى ئوخشاشلىق بولسا كېرەك. ئەگەر راستىن شۇ بولغاندىمۇ، گۇمنامنى خىرقىتى بىلەن بىر شەخس دېيىش تەس، كوپ بولغاندا، ئۇلارنى قېرىنداشلار ياكى بىر ئەۋلاتتىن بولغانلار دېيىشلا مۇمكىن.

بۇ يەردە شائىر گۇمنام بىلەن مەشرەپنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىرئاز توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، 1900 - يىلى تاشكەنت پورتىسىۋ باسمىخانىسىدا بېسىلغان «دىۋانى مەشرەپ»كە بىزنىڭ قولىمىزدا بار بولغان گۇمنام غەزەللىرىدىن ئون بىرى كىرگۈزۈلۈپ قالغان. 1979 - يىلى تاشكەنتتە فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرىشىت ئابدۇغۇپۇروۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن» دېگەن كىتابچىگىمۇ يۇقۇرقى ئون بىر غەزەلنىڭ يەتتىسى ۋە ئۇلاردىن باشقا بىزنىڭ نومېرىمىز بويىچە گۇمنامنىڭ غەزەللەر دىۋانىدىكى 54 -، 56 - غەزەللەر كىرگۈزۈلۈپ قالغان. بۇ ئەھۋال كىشىلەردە گۇمنام بىلەن مەشرەپ بىر شەخسمۇ؟، شۇنىڭدەك، يۇقۇرقى بىرقانچە غەزەل زادى كىمنىڭدۇ؟ دەيدىغان سوئالنى تۇغدۇرۇپ قويىدۇ.

شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، گۇمنام بىلەن مەشرەپنىڭ بىر شەخس ئەمەسلىكى گۇمنامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە يۇقۇرقى «مەشرەپمەن» رادىفلىق غەزىلىدىن مەلۇم. ئۇندىن قالسا، گۇمنامنىڭ قولىمىزدىكى دىۋانىدىكى غەزەللەر يۇقۇرقى ھەر ئىككىلا دىۋاندا مەشرەپ نامىغا يېزىلغان غەزەللەرگە قارىغاندا كوپ تولۇق ۋە

توغرا①. شۇنىڭغا قارىغاندا، بىزنىڭ مۇلاھىزىمىز شۇكى، گۇمنام ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مەشرەپتىن كېيىن ياشىغان. شائىر ئەمەلگەكچى خەلق بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، پەقىرانە ھايات كەچۈرگەن. لېكىن، 1900 ـ يىلدا نەشر قىلىنغان «دىۋانى مەشرەپ»نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغۇچى شەخس گۇمنامىنىڭ مۇشۇ ئون بىر غەزىلىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مەشرەپ دىۋانىغا كىرگۈزۈپ قويغان. ھەتتا 1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان يۇقۇرقى «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن» دىگەن كىتاپچىگىمۇ لۇتفىنىڭ «سېنى سېنى سېۋەرىم، خاھ ئىنەن، خاھ ئىنەنمە» دەپ باشلانغان غەزىلىنىڭ بىرىنچى بېيىتى تولۇق ھالدا، ئىككىنچى بېيىتىنىڭ بولسا، ئىككىنچى مىسراسى كىرىپ قالغان (بۇ غەزەل 1900 ـ يىلدىكى نەشردە يوق).

شائىر گۇمنامىنىڭ ھەممە غەزەللىرى دىگىدەك ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئوي ـ پىكىرلىرىنى مۇشۇ تېمىدىكى غەزەللىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. ئۇ بۇ غەزەللىرىدە ئىشق ـ مۇھەببەتكە يۇقۇرى باھا بېرىدىغانلىغى، ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىغى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش كېرەكلىگى (4 ـ، 18 ـ، 32 ـ، 41 ـ، 59 ـ غەزەللەر)، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ مەرتىنىڭ ئىشى ئىكەنلىگى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جان ئەمەس، مىڭ جان بولسىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار ئىكەنلىگى (1 ـ، 11 ـ، 13 ـ، 18 ـ غەزەللەر)، نامەرت بولماسلىق، نامەرت بىلەن ئاشنا بولماسلىق لازىملىغى (35 ـ، 46 ـ غەزەللەر)، ھۆزۈرھالاۋەتنى جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن (يەنى ئەمگەك ئارقىلىق) قولغا كەلتۈرۈش لازىملىغى (مەسىلەن، 38 ـ غەزەل)، تەكەببۇر ـ

---

① كەڭ كىتاپخانلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى ئۈچۈن ھەر ئۈچ دىۋاندا تەكرارلانغان گۇمنام غەزەللىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئايرىم ئىلاۋە قىلىنىدى.



AltunOq

ھەممەن بولماسلىق، ماختانچاقلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى خار قىلىش بولىدىغانلىقى (مەسلەن، 46-غەزەل) قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىرىنى يۈكسەك بەدىئى ماھارەت بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن.

گۇمنام غەزەللىرى شائىرنىڭ تۈرلۈك بەدىئى ۋاستىلەردىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەلۋەتتە، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى شەخسلەرگە مۇ-ئامىلە قىلىشتا ئۆز دەۋرىنى ۋە تارىخي شارائىتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك. شۇنىڭدەك بىرقەدەر تولۇق بولغان ھوججەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۇلارغا ئىلمىي باھا بېرىش كېرەك.

شائىر گۇمنام توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ھازىر بىزنىڭ بۇ توغرىدا تولۇق ۋە ئىلمىي خۇلاسىلەر چىقىرىشىمىزغا يار بەر-مەيدۇ. گۇمنامنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىدا يەنە بولۇشى مۇمكىن. گۇمنام توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزلىنىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نۆۋەتتە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بۇ قېتىم مۇشۇ مەقسەت بىلەن گۇمنام دىۋانىدىكى 85 غەـ-زەل، ئىككى مۇخەممەس، 25 رۇبائى ۋە بىر تەرجىئى بەند كىتاپخانلارغا تونۇشتۇرۇلدى.

گۇمنام غەزەللىرىگە ھازىرقى يېزىقىمىز ئاساسىدا ترانس-كرىپسىيە بېرىشتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ دەۋردىكى فونېتىك خۇ-سۇسىيىتى كوزدە تۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دىۋان ئىم-لاسىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئىمكان قەدەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

نەشرگە تەييارلاشتا بەزى سوزلەرگە بېرىلگەن لېكسىكلىق ئىزاھ، بەزى سوزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، كاتىپنىڭ سەۋەنلىگى دەپ تونۇلۇپ بەزى ئورۇنلارغا بېرىلگەن تۈزىتىشلەردە كەم-

چىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن.

گۇمنام غەزەللەرنىڭ ئىلمىي نۇسخىسىنى تۇرغۇزۇش نۇقتىسىدىن كىتاپخان يولداشلارنىڭ تەنقىدىي قاراپ، تۈزىتىش بېرىشلىرى ئۈمىت قىلىنىدۇ.

مەشرەپ غەزەللىرى دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن گۇمنام غەزەللىرى
(سېلىشتۇرۇلما)

| گۇمنام غەزەللىرى | 1900-يىلى نەشر قىلىنغان «دىۋانى مەشرەپ» كە كىرگۈزۈلگەنلىرى | | 1979-يىلى نەشر قىلىنغان «مەشرەپ شېئىرىيتىدىن» گە كىرگۈزۈلگەنلىرى | |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| | بەت | كەم بېيتلار | بەت | كەم بېيتلار. |
| 16-غەزەل | 91 | — | — | — |
| 18- ″ | 95 | — | — | — |
| 25- ″ | 93 | 2-بېيت | 60 | 4-، 10-، 12-بېيتلار، رېتى قالايمىقان |
| 27- ″ | 57 | 6-، 7-، 9-، 13-بېيتلار | 57—58 | 6-، 9-بېيتلار كەم. 12-، 13-بېيتلەرى ئۆزگەرگەن |
| 28- ″ | 106 | 7-، 8-بېيتلار | — | — |
| 31- ″ | 22 | 7-، 8-، 9-، 10-بېيتلار | 16 | 7-، 8-، 9-بېيتلار |
| 34- ″ | 96 | 4-، 5-، 6-، 7-، 10-بېيتلار | 61—62 | 9-، 10-بېيتلار |
| 53- ″ | 88 | 3-، 8-بېيتلار | 39 | 3-، 8-بېيتلار |
| 54- ″ | | ؟ | 32 | 9-بېيت. |
| 55- ″ | 108 | 6-، 11-، 12-بېيتلار | 29 | 13-، 14-بېيتلار |
| 56- ″ | — | — | 37 | 3-بېيت |
| 78- ″ | 91 | 3-، 4-، 6-بېيتلار | — | — |
| 80- ″ | 93 | 2-بېيت | 49 | ئاخىرقى مىسرادىكى گۇمنام تەخەللۇسى ئېلىۋېتىلگەن |

www.uyghurkitap.com

# 1- غەزەل

گۈل يۈزۈڭ ئىرسە ماھتاب① ئىككى كوزۈڭ سەتارە② دۇر،
ئاي ئاچتى تالئىم③ كوزدىن ئەگەرچە قارەدۇر.
قاۋسا رەقىب ئەگەر مەنى، يار تەرەھھۇم④ ئىتمەسە،
بەزمىگە مەھرەم⑤ ئولماسام، بەختىم ئىرۇر، نە چارەدۇر.
ياغسە كوزۈم بۇلۇت كەبى مىھر گىياھى ئۈنمەسە،
قىلما تەئەججۇب ئەي كوڭۈل، كوڭلى چۇ⑥ سەنگ خارە⑦ دۇر،
بەسدۇر يىراق ئەگەر يۈرۈپ گۈل يۈزىگە قاراماقىم،
كوزگە سالۇر چۇ تىرەلىك⑧ كۈن يۈزىگە نەززارە⑨ دۇر.
غەمزەئى چەشم⑩ ئەگەر بۇدۇر قىلمە نەززارە زاھىدا⑪،

---

① ماھتاب - نۇرلۇق ئاي، يورۇق ئاي.

② سەتارە - يۇلتۇز.

③ تالئ - بەخت. ئىقبال، تالەي.

④ تەرەھھۇم - رەھم قىلىش، رەھمى كېلىش.

⑤ مەھرەم - ئۇلپەت، ھەمدەم.

⑥ چۇ - ئوخشاش (ياردەمچى سوز).

⑦ سەنگ خار - قاتتىق تىكەن.

⑧ تىرەلىك - قاراڭغۇلۇق.

⑨ نەززارە - نەزەر سېلىش، قاراش، تاماشەبىن.

⑩ چەشم - كوز، بۇلاق — بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "چەشمە" قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ، ۋەزن ئېتىبارى بىلەن "چەشم" بولغىنى توغرا تېپىلدى.

⑪ زاھىد - تەقۋا، تەقۋادار كىشى.

مەئرىكە① مەردىنىڭ ئىشى ھەيز② ئىبسە چەكارە③ دۇر.
ئايەتى ئىشق جان ئارا سىزغالى كىرپىكى قەلەم،
بولدى يۇرەك دەۋات④ ئاڭا غەم خەتىدىن سىيارەدۇر.
ئىشق سوزىنى ھىچ كىشى تىل بىلە قىلمادى بەيان،
غەمزەئى چەشم ئۇرگەتۇر مۇسھەفى⑤ بىكەنارە⑥ دۇر.
چەشمەئى ئىشق ئىبرور كوكۇل، دايىم ئانىڭ سۇيى نىھان⑦،
ئول كىشى ئىچسە تاپقۇسى جانۇ يۇرەكى پارەدۇر.
گۇمنام ئەگەرچە تەشنەلەب⑧ يانسە بۇ چەشمە ساردىدىن⑨،
بولماسا قەترە نەسىب، بارما دىگەنچە بارەدۇر.

## 2- غەزەل

ئول پەرى ھوسن ئەھلىنىڭ گۇلبۇنى ⑩ نەۋ بەھارىدۇر،
خەندەئى⑪ دىلكۇشا⑫لەبى ئىشق ئەھلىنىڭ ئانارىدۇر.
بىر قاراغاندا قۇل قىلۇر، بىل كى مۇھەببەت ئەھلىنى،

① مەئرىكە—مەرىكە، كۇرەش، مۇسابىقە.
② ھەيز—قان سىيىش، ھەيز.
③ چەكارە—نىمە ئىش، قانداق ئىش.
④ دەۋات—دۇۋەت، سىيا قۇتا.
⑤ مۇسھەف—كىتاپ، رىسالە.
⑥ كەنارە—قىرغاق، چەت، ياقا.
⑦ نىھان—يوشۇرۇن، ئوچۇق ئەمەس.
⑧ تەشنەلەپ—لىۋى قۇرۇماق، ئۇسسىماق، چاڭقىماق.
⑨ چەشمە سارى—بۇلاق تەرەپ.
⑩ گۇلبۇن—گۇل دەرىخى، گۇل بەدەن.
⑪ خەندە—كۇلۇش، كۇلكە.
⑫ دىلكۇشا—دىلنى ئاچىدىغان، كوڭۇلنى ئاچىدىغان.

هوسن ئېلى دۇر سىپاھ① ئاگا، ئول پەرى شەھسۇۋاردۇر②.
جىسمىم ئېرۇر قۇرۇغ ئوتۇن باشدىن ئاياغى ئوت ئانىڭ،
ئاي يۈزىگە نەززارە قىل ئىشق ئوتىنىڭ شەراردۇر③.
زۇلفى خىيالىدىن بولەك كوڭلومە ئىستەمەم④ هۇزۇر،
ئۇشبۇ قارارسىز كوڭۇل تاكى ئانىڭ قارارىدۇر.
زولفىدىن ئولدى كۈن كېچە، هوسنىدىن ئولدى تۈن يارۇق،
زۇلفۇ يۈزى مەگەر ئانىڭ لەيل⑤ بىلە نەھاردۇر⑥.
زۇلفى ئېرور شىكەن-شىكەن⑦ كىم يۈزىدۇر چەمەن-چەمەن،
كىرپىكىدۇر تىكەن-تىكەن، لەئلىدە⑧ چەشم جاردۇر⑨.
ئاي بىلە كۈندىن ئىستەمەس رووشەن ئېتەرگە كوزلەرىن،
كىم ئىتى باسقان ئىزلارى هوسن ئېلى سۇرمەزاردۇر⑩.
غەمزەسى ئوقلارى ئاتىپ، قىلدى يۈرەكنى پارەلەر،
سەير قىلۇرغە غەملەرى باغ ئارا لالە زاردۇر.
گۇمنام ئىتىنى سورغالى كەلسە ئاياغىن ئاغرىتىپ،
هەر قەدەمگە مىڭ جەھان بولسە ئەگەر نىساردۇر⑪.

---

① سىپاھ — ئەسكەر، قوشۇن (بۇ سوز "سىپەھ" بولۇپمۇ كېلىدۇ).
② شەھسۇۋار — ئات مىنىش ماھىرى، بۇ يەردە "ئاتامان" مەنىسىدە.
③ شەرار — ئۇچقۇن.
④ ئىستەمەم — ئىستىمەيمەن، خالىمايمەن.
⑤ لەيل — كېچە.
⑥ نەھار — كۈندۈز.
⑦ شىكەن - شىكەن — بۆدرە - بۆدرە.
⑧ لەئل — لەئەل، ياقۇت، بۇ يەردە لەۋگە تەمسىل قىلىنغان.
⑨ جار — ئاقىدىغان، ئاققۇچى.
⑩ سۇرمەزار — سۈرمىزارلىق، سۈرمە كۆپ چىقىدىغان جاي.
⑪ نىسار — چېچىش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
Altun0q

## 3 - غەزەل

جىم① ئېرمەس ھەرفى جان ئول ئاينىڭ شەكلى جەمالىدۇر،
ئەلىف ئېرمەس ئارادا يار قەددىنىڭ مىسالىدۇر.
نۇن② ئېرمەس غەم يۈكى ئاستىدا قالغان ئىشق ئەھلى جىسمى—
مەسەللىك سەرۋ③ ئەرئەر④ تابىدىن⑤ تۈغقان ھىلالىدۇر⑥.
مۇنىڭدىن ئۆزگە ئېرمەس ياكى جىم ئولدى بىلىڭ ئۈچ ھەرف،
جەفادۇر ئىشق ئەھلىگە، غەيرىگە شىرىن زۇلالىدۇر ⑦.
بىرىدىن داغى نەشتەردۇر بىلىڭ سەرگەشتە ⑧ كوڭلۇمگە،
قۇرۇغ دەشت ئۈزرە ئۈنگەن لالە ياڭلىغ يۈزدە خالىدۇر.
بىرى يا قىلدى قەددىم غەم بىلە دىلبەر قاشى ياڭلىغ،
تىلەپ ۋەسلى غەرىب باشىمغە سوۋدايى مۇھالىدۇر⑨.
مۇھەببەتنىڭ دەرەختىن زۇلم ئوقى ياڭلىغ قۇرۇتماپدۇر،
نەچە تىر⑩ ئولسا چۈن⑪ ئىشق ئوتىدىن ئۈنگەن نىھالىدۇر⑫.

① جىم — ئەرەپ ئېلىپبەسىدە "ج" ھەرپىنىڭ نامى.
② نۇن — ئەرەپ ئېلىپبەسىدە "ن" ھەرپىنىڭ نامى.
③ سەرۋ — تىك ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ — كىپارىس.
④ ئەرئەر — قارا ئارچا، تاغ كىپارىسى.
⑤ تاب — پۈكۈلمەك، تولغانماق.
⑥ ھىلال — يېڭى چىققان ئاي.
⑦ زۇلال—ساپ، سۈزۈك.
⑧ سەرگەشتە — ئاداشقان، قايمۇققان، بېشى قايغان، گاڭگىرىغان.
⑨ سوۋدايى مۇھال — مۇمكىن بولمايدىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان سودا.
⑩ تىر — ئوقيانىڭ ئوقى، ئوق.
⑪ چۈن — باغلىغۇچى سۆز، بۇ يەردە سەۋەپ باغلىغۇچىسى.
⑫ نىھال — ياش كوچەت.

www.uyghurkitap.com

بولۇپدۇر تەشنە جانىم ئابى كەۋسەر بەرسە ھەم قانماس،
نەچۇككىم تەشنەلىك دەفئىغە① لەئلىنىڭ خەيالىدۇر.
جەمالىڭ بولماسە ھەرگىز تەماشايى گۈل ئەتمەسمەن،
بارى گۈلشەن گۈلى ئالىمدا خەسدېك② پايمالىدۇر③.
غەمىڭدىن ئۇزگەنىڭ دەفئىن تىلەر بۇ خەستە④ گۇمنامىڭ،
سەنىڭ ئىشقىڭدا جانا تۇرفە⑤ رىند⑥ لا ۋەبالىدۇر⑦.

## 4- غەزەل

نى سەرۋ بىلە گۈلدە بۇ شەكلى شەمايىلدۇر⑧،
نى ئەنبەرى سۇنبۇلدا⑨ بۇ نەۋئ سەلاسىلدۇر⑩.
نى مىھر ئىلە ماھ ئىچرە بۇ قىسم يارۇغلۇق بار،
ھەجرىڭ كېچەسى بىلمەم نى ۋەجھ⑪ ئىلە زايىلدۇر⑫.
كوزۇڭ كەبى ئالەمدە نى يەردە قاراقچى بار،
ئىككى قىلىچى دايىم ئۈستىدە ھەمايىلدۇر⑬.

---

① دەفئ — قايتۇرۇش.
② خەس — چاۋار.
③ پايمال — ئاياق - ئاستى، ئاياق - ئاستى قىلىش.
④ خەستە — ھارغىن، ياردار.
⑤ تۇرفە — يېڭى، قىزىق، ئاجايىپ، ئاز ئۇچرايدىغان.
⑥ رىند — نازۇك تەبىئەتلىك، بىپەرۋا.
⑦ لا ۋەبال — گۇناسىز.
⑧ شەمايىل — تۇغما گۈزەللىك، تەبىئى ئالاھىدىلىك.
⑨ ئەنبەرى سۇنبۇل — ئەنبەر پۇرايدىغان چاچ مەنىسىدە.
⑩ سەلاسىل — رەتلىك، تىزىقلىق، زەنجىردەك.
⑪ ۋەجھ — سەۋەپ.
⑫ زايىل — ئۈزۈن، تۈگىمەيدىغان.
⑬ ھەمايىل — ئېسىغلىق.

هەجرىڭ① غەمى ئۆلتۈرسە جان بەرگەلى بۇ ياڭلىغ،
گەر ئەيسا شەككەر لەبى لەئلىڭ كەبى قايىلدۇر.
كەۋسەر سۈيىدىن تاتماق② ئىشقىڭدا خەيال ئەتمەم،
دەردىمگە دەۋا ئېرمەس، بىر زەھرى ھەلاھىلدۇر③.
جەننەت گۈلى ئەي دىلبەر كوزۇمگە تىكەنلىكدۇر،
مىڭ نەۋئ④ جەفا قىلساڭ، كوڭلۇم ساڭا مايىلدۇر.
ھوسنۇڭ خېتىدىن ھەركىم بىر ھەرف ئوقۇيالمايدۇر،
ئىلم ئەھلىگە شاھ ئولسا، ئىشق ئەھلىگە سايىلدۇر⑤.
كوڭلۇم قۇشىدۇر زۇلفۇڭ دامىغە بولۇپدۇر بەند،
نې نەۋئ خەلاس ئەتكەي ناسىھ⑥ نەچچە كامىلدۇر.
ئىشقىڭدا تالاش ئەيلەپ گۇمنامنى ئۆلتۈردى،
چۈن روھىم⑦ بىلە جىسمىم ھابىل بىلە قابىلدۇر⑧.

## 5- غەزەل

زۇلفىدىن بۇيى⑨ تەگىپ تا ئالدى كوڭلۇمدىن قەرار،
باد⑩ گۈلشەن ئىچرە كىرگەچ گۈلگە تۇشتى ئىزتىرار.⑪

①ئەسلى نۇسخىدا "هەجرىنىڭ" يېزىلغان بولسىمۇ "هەجرىڭ" بولغىنى توغرا تېپىلدى.
②ئەسلى نۇسخىدا "تاپماق" يېزىلغان بولسىمۇ "تاتماق" بولغىنى توغرا تېپىلدى.
③ھەلاھىل — ئاز كورۇلىدىغان، تېز ئۆلتۈرىدىغان.
④نەۋئ — خىل، تۈر.
⑤سايىل — تىلەمچى، گاداي.
⑥ناسىھ — بىكار قىلغۇچى، يوققا چىقارغۇچى.
⑦ئەسلى نۇسخىدا "روھ" يېزىلغان. ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن "روھىم" بولغىنى توغرا تېپىلدى.
⑧ھابىل قابىل — ئادەم ئەلەيسالامنىڭ ئىككى ئوغلى.
⑨بۇي — پۇراق، خۇشپۇراق، خۇش ھىد.
⑩باد — شامال.
⑪ئىزتىرار — چارىسىزلىق، ئېغىر مۇھتاجلىق، تىترەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاھ ئۇرارمەن ھەر زامان ئالەمگە مۇشك① ئەفشان② تولۇر،
چۈنكى زۇلفۇڭ بۇيىدىن كوڭلۇم بولۇپدۇر مۇشكدار.
دىلبەرا زۇلفۇڭ كوتەرسەڭ مىھردىك تابان③ بولۇر،
تون كىيىپ خۇرشىد④ قىلغاندىك تولۇئ⑤ ئەي گۇلئۇزار⑥.
كىم ياشىل تون بىلە بولساڭ جىلۋەگەر قامەت بىلە،
بەرگى گۇل جامىڭ مىسالى گۇل يۈزۈڭدۇر ئەي نىگار.
جانىم ئاغزىمغە كەلۇر جانا نىگاھى نىم⑦ ئىلە،
تۈز قاراپ قەتئى ئىت نىگارا، بولماسۇن جان ئىنتىزار.
خاھ ئۆلتۇر، خاھ تىرگۈز لۇتفۇڭ⑧ قەھرىڭ بىلە،
ھەرنە قىلساڭ سىن بىلۇرسىن مەندە يوقتۇر ئىختىيار.
دوستلار ئۆلسەم نىگارىم ئىشكىدىن تۇفراق ئالىپ،
قەبر ئېتىپ، ئىت قۇيرۇغىدىن تۇغ ئېتىپ ئەيلەڭ مەزار.
تىرەلىك دەفئىنى ھەركىم ئىستەپ ھەيران بولماسۇن،
تاكى بولسۇن ئىشق ئىبلىگە⑨ ئول مەزارىم سۇرمەزار.
جان تاپار گۇمنام ئاياغىڭ شەرفەسىدىن ئەي مەسىھ⑩،
جىلۋە بىلە ناگاھ قەبرىم سارى قىلساڭ گۇزار⑪.

---

①مۇشك — ئىپار.
②ئەفشان — چاچقۇچى، چېچىلغان.
③تابان — يورۇق، نۇرلۇق.
④خۇرشىد — قۇياش، كۈن.
⑤تولۇئ — چىقىش، كورۇنۇش، يۈز كورسىتىش.
⑥گۇلئۇزار — گۈل يۈزلۈك، گۈل چىراي.
⑦نىگاھى نىم — يېرىم قاراش، قىيا بېقىش.
⑧لۇتف — مۇلايىملىق، رەھىمدىللىك.
⑨ئەسلى نۇسخىدا بۇ سوز "ئىشق ئەھلىگە" دەپ يېزىلغان بولۇ- سىمۇ، ۋەزن ئېتىبارى بىلەن "ئىشق ئىبلىگە" بولغىنى توغرا تېپىلدى.
⑩مەسىھ — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى — تىرگۈزگۈچى.
⑪گۇزار — ئۆتمەك، كەچمەك.

## 6 - غەزەل

قايسى گۈلشەن گۈلبۈنى سەرۋى خۇرامانىڭچە① بار،
قايسى گۈلبۈن ئۈزرە غۇنچە لەئلى خەندانىڭچە② بار.
قايسى گۈلزار ئىچرە بىر گۈل ئاچىلۇر ھۆسنۈڭ كەبى،
قايسى گۈلبەرگ لەبى لەئلى بەدەخشانىڭچە③ بار.
قايسى قاتىل سېن كەبى جەللاد ئۇلمىشدۇر ئېسىز④،
قايسى جەللادنىڭ قىلىچى نەۋكى مۈژگانىڭچە⑤ بار.
قايسى باغنىڭ بار نەخلى⑥ بىر قەدىڭدېك باردۇر،
قايسى نەخلى ھاسىلى سىبى زەنەخدانىڭچە⑦ بار.
قايسى بەزم ئۇلمىش مۇنەۋۋەر⑧ بىر قەدىڭدەك شەمئىدىن،

---

①سەرۋى خۇرامان — خۇشقەد، نازىغىپ تۇرىدىغان سەرۋ.
②لەئلى خەندان — كۈلۈپ تۇرغان لەۋ، كۈلكە يۈگۈرگەن لەۋ.
③لەئلى بەدەخشان — بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "لەئلى دۇر ئەف-شان" دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ غەزەلنىڭ مۇشۇ كىتاپنىڭ 103 - بېتىدە قايتا تەكرارلانغان يېرىدە "لەئلى بەدەخشان" دەپ يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن كېيىنكىسى توغرا تېپىلدى.
④ ئېسىز — بۇ سوز ئەسلىدە "ئەسىر" يېزىلغان بولسىمۇ، مەنا ئېتىبارى بىلەن "ئېسىز - ئېسىت، ئەپسۇس" بولغىنى توغرا تېپىلدى.
⑤نەۋكى مۈژگان — كىرپىك ئۇقى.
⑥نەخل — ياش كوچەت.
⑦سىبى زەنەخدان — ئالمىدەك ئېڭەك، ئېڭىكىڭنىڭ ئالمىسى مەنىسىدە.
⑧مۇنەۋۋەر — نۇرلانغان، يورۇق، نۇرلۇق.

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايسى شەمئىنىڭ شۇئلەسى رۇخسارى① تابانىڭچە② بار.
قايسى يەردە تاپىلۇر نىسبەت ساڭا③ بىر گەنج ھوسن④،
قايسى گەنجىنىڭ ئەژدەرى زۇلفى پەرىشانىڭچە⑤ بار.
قايسى گۇلشەن بۇلبۇلى سوزلەركى گۇمنام سېن كەبى،
قايسى بۇلبۇل نالەسى فەريادۇ ئەفغانىڭچە بار.

## 7 - غەزەل

قاشىڭ كورگەچ نەچۇك ئايلانمايىنكىم قىبلەگاھىمدۇر،
ئاياغىڭغە نېدىن باش ئۇرماغايمەن سەجدەگاھىمدۇر.
لەبىڭ ئىستەپ نېدىن جان بەرمەيىن ئابىھەيات ئاندىن،
يۈزۈڭ كورگەچ نەچۇك كوز ئاچمايىن ئول بەدر ماھىمدۇر⑥.
چىقىپ ئۇچقۇنلار ئۇرغان ئاھ ئىلە باشىمغە چىرماشغان،
گەدالىق شەھلىقىغە باشىمە زەررىن كۇلاھىمدۇر⑦.
يۈزۈڭ ھەجرىغە⑧ سەبر ئەتمەي، ئوت ئۈزرە مىسك⑨ تۇش-كەندەك،

---

① رۇخسار — يۈز، چىراي.
② تابان — نۇرلۇق، يورۇق، يارقىن.
③ نىسبەت ساڭا — ساڭا ئوخشايدىغان.
④ گەنج ھوسن — ھوسن خەزىنىسى.
⑤ زۇلفى پەرىشان — چۇۋۇلغان چاچ؛ بۇ يەردە چاچنىڭ كوپلۇ-گىگە تەمسىل قىلىنغان.
⑥ بەدر ماھ — تولۇن ئاي، ئون توت كۈنلۈك ئاي.
⑦ زەررىن كۇلاھ — ئالتۇن كۇلاھ، ئالتۇن تاج.
⑧ ھەجر — ئايرىلىق، جۇدالىق.
⑨مىسك — كىندىك ئىپار ("مۇشك" بىلەن ئوخشاش).

ئېمەس خالىك، ياپۇشقان مەردۇمى① چەشمى سىيا ھىمدۇر②.
يۇزۇڭنى غەيردىن ئاسراپ كۆن ئالىن ئەبر③ تۇتغانداك،
ساچىك ئېرمەس يۇزۇڭ ئەترافى ئۇزرە دۇدى④ ئاھىمدۇر.
نېدىن سەرۋى قەددىڭغە گۇلشەنى جاندا مەقام⑤ ئەتمەي،
ئەلىف قەددىڭنى جانىم ئىچرە بەركىتكەن ئىلاھىمدۇر.
چەمەندە گۇل فەلەكدە ئەختەر⑥ ئېرمەس، قان يۇتۇپ ئەفغان،
يۇرەكدۇر، يەرۇ كوكدىن ھوسنۇڭ ئاختارغان نىگاھىمدۇر.
رەقىبلەردىن غەمىم يوق بەرسە راھەت غەمزەئى چەشمىڭ،
ئانى بەرھەم⑦ ئۇرارغە كىرپىكىڭ خەيلى سىپاھىمدۇر⑧.
يۇتۇردۇم جانۇ كوڭلۇم بىگۇمان سېندىن گۇمان ئېتتىم،
سېۋىنگەندەك تاپىپ گوھەر شەكەر خەندىڭ گۇۋاھىمدۇر.

## 8 - غەزەل

دىلرەبالىغ، مىھربانلىغ، خۇشزەبانلىغلارمۇدۇر⑨،
دىلنەۋازلىغ⑩، قەدردانلىغ، بەدگۇمانلىغلارمۇدۇر.
سەرۋدېك قەد، گۇلكەبى يۈز، غۇنچەدېك لەبمۇ ئېمەس،

① مەردۇم — كوز قارىچۇغى.
② چەشمى سىيا — قاراكوز.
③ ئەبر — بۇلۇت.
④ دۇد — دۇت، تۇتۇن.
⑤ مەقام — ئورۇن، جاي.
⑥ ئەختەر — يۇلتۇز.
⑦ بەرھەم — يوق قىلىش، يوقۇتۇش.
⑧ خەيل — توپ، گۇرۇھ؛ خەيلى سىپاھ — "قوشۇن" مەنىسىدە.
⑨ خۇشزەبان — چۇچۇك تىل، شىرىن سوز.
⑩ دىلنەۋاز — يېقىملىق، كوڭۇلنى ئوۋلىغۇچى

لوتفی ئېھساندۇر① گەداغە خۇنفشانلىغلارمۇدۇر②.
تىرگۈزۈرگە نۇش③ بەرگەي لەئلىدىن ئابىھەيات،
كىرپىكىدىن نىش④ ئۇرۇپ، قاشى كەمانلىغلارمۇدۇر⑤.
كەبكىدېك⑥ رەفتار⑦ ئىلە ھەرسارى ئەيلەپ جىلۋەلەر،
بەندى زۇلفىن باز ئەتىپ⑧ ئەنبەر فىشانلىغلارمۇدۇر.
ئەھدىغە ئەيلەپ ۋەفانى دەردۇ ھالىن سورمايىن،
بىۋەفالىغ بىلە مەھز⑨ دىلىستانلىغلارمۇدۇر⑩.
غەمدە سەرگەردان قىلىپ قان يىغلاتىپ ئىشق ئەھلىنى،
لەھزەئى⑪ دەردىن ئۇلەشمەي شادمانلىغلارمۇدۇر.
ئورتەبان ئىشق ئەھلىنى پەرۋانەدېك باشدىن ئاياغ،
يارۇتۇپ ئىل شامىنى شەمئى جەھانلىغلارمۇدۇر.
دىلكۇشا قاشى بىلە تا قىلمايىن بىر دىلنى شاد،
قان توكۇپ غەم تىغىدىن ساھىبقىرانلىغلارمۇدۇر⑫.
بولمادىك گۇمنامنىڭ كوڭلىچە ئەي گۇل لەھزەئى،
كىم ئەزەلدىن ئىشقىڭ ئىچرە ناتەۋانلىغلارمۇدۇر⑬.

---

① ئىھسان — ياخشىلىق، ھەدىيە، ئىنئام.

② خۇنفشان — قان چاچقۇچى.

③ نۇش — ئىچىش.

④ نىش — نەشتەر.

⑤ قاشى كەمان — ئەگمە قاش، قېشى يادەك.

⑥ كەبك — كەكلىك.

⑦ رەفتار — مېڭىش، يۈرۈش.

⑧ باز ئەتىپ — ئۇينىتىپ.

⑨ مەھز — پەقەت، يالغۇز.

⑩ دىلىستانلىغ — دىلنى ئالغۇچى، دىلنى ئەسىر قىلغۇچى.

⑪ لەھزە — بىردەم، ئاز ۋاقىت.

⑫ ساھىبقىران — زور پادىشاھلارغا بېرىلىدىغان لەقەپ بولۇپ، جاھانگىر، غەلىبە قىلغۇچى، دىگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

⑬ ناتەۋان — كۈچسىز، زەئىپ، بىتاپ.

## 9 - غەزەل

ئول ئاي ھايات چەشمەسىدىن تازە① جان قىلۇر،
ھەر لەھزە قاشى ياسى ماڭا قەسدى جان قىلۇر.
غەم ئوتىدىن بۇ جىسمىم ئەگەر بولسە داغۇ داغ،
يۈز كورسەتىپ سەتارەئى غەمدىن ئامان قىلۇر.
لەئل ئەيلەبان بەھاسىنى ئارتۇق قىلاي دىبان،
ھەردەم فىراق خەنجەرى كوكسۇمنى قان قىلۇر.
ھىجران شەمالى نەچچە تىكەن گۇللەرىن ئاچار،
ۋەسل سەمۇمى② بىركۇنى ئانى خەزان قىلۇر.
غەم تۇخمىدىن ئىمەس بەدەنىم سارىغ چەچەك،
يار ئىتلارى زۇكامى ئۇچۇن زەئفىران قىلۇر.
كورسەم ئاياغ ئوپۇپ دىدىم ئەيلەي بەيان ھال،
ناگە قاراسىن ئالماي ھەنۇز بى زەبان قىلۇر.
گۇمنام ۋەسلىن ئىستەدى، جان يەتتى ئاغزىغە،
جان چىقسە ئىمدى ۋەسلىغە ھەمدەم قاچان قىلۇر.

## 10 - غەزەل

ھەر يۇرەكنىڭ ئىشق ئوتىنىڭ سوزىشىدىن③ تابى④ بار،
سىخ بىلە پىشقان كەبابدېك سىچقىراپ خۇنابى⑤ بار.

---

① تازە — يېڭى.

② سەمۇم — شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق چوللۇكلەردە چىقىدىغان ئىسسىق شامال — سامۇم.

③ سوزىش — كويدۇرۇش.

④ تاب — ئىسسىقلىق، ئىسسىق.

⑤ خۇناب — قانلىق ياش، قانتىق يىغا. بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «خۇ اب» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، "خۇنابى" بولغىنى توغرا تېپىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

راھەتى جاننى تاپپدۇر ئىشق ئەھلى ئەي رەفىق،
مەستى لايەئقەل① بولۇپ تا سۇبھ شەككەر خابى② بار.
ئەھلى بىدىل③ بولسەلەر گەر چاھى ھىجراندا④ ئەسىر،
ۋەسل مەھتابىغە⑤ تارتار زۇلفىدىن قەللابى⑥ بار.
خىزر⑦ ياڭلىغ ئۇمر ئۇچۇن ئىل ئابىھەيۋان⑧ ئىستەسە،
بىزنى ئۆلتۈرمەككە مەھۋەش⑨ يارنىڭ زەھر ئابى بار.
زوھد ئەھلى⑩ جەننەت بىلە كەۋسەر سۇيىن قىلسە تەلەپ،
بىزگە ئول گۈل غۇنچەسى ئىچرە شەرابى نابى⑪ بار.
بىز ئىمەس جەننەت تەلەب ني ۋە جەھدىن شاد ئولمالى،
كۆن يۈز ئۈزرە قوش ھىلال ئىچىدە ئىشرەت بابى⑫ بار.
ئىلگە بەشدۇر بىزگە فەرز ئولدى سەلەۋات⑬ دايىمۇن⑭،

---

① مەستى لايەئقەل — ھوشسىز مەس، خۇددىنى بىلمەيدىغان مەس.
② شەككەرخاب — تاتلىق، ئۇيقۇ. بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «شەككەرخاب»دەپ يېزىلغان بولسىمۇ ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «شەككەرخابى» بولغىنى توغرا تېپىلدى.
③ ئەھلى بىدىل — ئاشىق، قايغۇ ـ ھەسرەتكە چومگەن.
④ چاھى ھىجران — جۇدالىق زىندانى.
⑤ مەھتاب — ئايدىڭ، ئايۋان.
⑥ قەللاب — ئىلمەك، ئىلگەك.
⑦ خىزر — يېشل (بۇ يەردە ئوسۇملۇك مەنىسىدە).
⑧ ئابىھەيۋان — تىرىكلىك سۈيى.
⑨ مەھۋەش — ئايغا ئوخشاش، ئايدەك، گوزەل.
⑩ زوھد ئەھلى — تەقۋالار، تەقۋادار كىشىلەر.
⑪ ناب — تازا، ساپ.
⑫ باب — ئىشىك.
⑬ سەلەۋات — سالاۋات، سالاۋات ئوقۇش.
⑭ دايىمۇن — دائىما.



AltunOq

كىمكى سەندىك قىبلەۋۇ قاشىڭ كەبى مىھرابى بار.
ئىبل ئىلىندى كورمەيىن ھۇر ئىلە جەننەت بەندىغە،
كىمكى ھوسنۇڭنى دامى، خالىڭ دانى، لەئلىڭ ئابى بار.
تۇشتى چىقماس، لەھزە تىنماس ھەجرى بىپايان ئارا،
ئىلگە تۇز ئولىسە نەسىب، گۇمنامىغە گىردابى① بار.

## 11 - غەزەل

زاتى ئىنسان جەۋھەر ئىچرە گوۋھەرى يەكدانە②دۇر،
چۇنكى ئىنسان ئىشق نەقدىغە③ تۇزەتكەن خانەدۇر.
كور يۇزىنى قويغىل ئولدەم قاشى مىھرابىغە باش،
قىبلەئى تەھقىق④ ئول، بۇ سەجدەئى مەستانەدۇر⑤.
ساچلارى ئىچرە قاشى ئىشق ئەھلىغە تۇغقان ھىلال،
يۇزى كۇن، قەددى سۇراھى⑥، لەبلەرى پەيمانە⑦دۇر.
تاش قاداپ باشىغە تارتىپ يا قاشىن، كىرپىك ئوقىن-
ئاتسا مەندۇرمەن نىشانە چۇن ماڭا جانانەدۇر.
سوز دىسەڭ ئول دىلرەبانىڭ لەئلىدىن توكسە شەكەر،
ھۇرى جەننەتدىن دىمە ئەي زاھىد ئول ئەفسانەدۇر.
شەرھى موللا⑧ ئىچرە بارمۇ دىلبىرىمدىن بەھس ھەرف،

① گىرداب — سۇنىڭ ئايلىنىپ ئاقىدىغان يېرى، ئايلانما قايىنام.
② گوھەرى يەكدانە — بىردىن-بىر گوھەر.
③ ئىشق نەقدى — ئىشق بايلىغى، ئىشق ئاقچىسى.
④ قىبلەئى تەھقىق — ھەقىقى قىبلە.
⑤ سەجدەئى مەستانە — مەستلەرچە سەجدە.
⑥ سۇراھى — مەي ئىدىشى.
⑦ پەيمانە — قەدەھ، مەي ئىچىلىدىغان قاچا.
⑧ شەرھى موللا — ئابدۇراخمان جامىنىڭ «كافىيە» ناملىق نەھۋ كىتاۋىغا بەرگەن ئىزاھى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى «فەۋائىد زىيائىيە» دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىلبىرىمنىڭ ۋەسفىغە① لايىق قاچان زەنجانە②دۇر.
گۈلشەنى ۋەسلىڭدە ئىشرەت قىلغالى چەندان كىشى،
مىھنەتى ھەجرىڭغە كۆنمامىڭ ئەجەب مەردانەدۇر.

## 12 - غەزەل

قەددىم خەمى③ بىلە تەبئىيەت④ قاشىڭ ئۇلۇپدۇر.
قان يىغلاماقىم سەدقەئى گۈلفاشىڭ⑤ ئۇلۇپدۇر.
مىڭ زەخم بىلە ئەيلەدى غەمزەڭ ئوقى قۇربان،
بۇ سەدقە بىلە جانىم ئۇزۇن ياشىڭ ئۇلۇپدۇر.
دىمە بۇ فەلەكنى كېچە-كۈندۈز ئۇرادۇر چەرخ،
پەرۋانەئى دىۋانەئى ئول باشىڭ ئۇلۇپدۇر.
ئوت گۈل يۈزۈڭۈ شەمئ قەددىڭ، دۇدى ساچىڭدۇر،
مەگەر⑥ گۆۋھەرۇ لەئل ئىچۇ تاشىڭ ئۇلۇپدۇر.
ئەرق ئولسە غەمىڭ بەھر⑦ ساچىڭ تاشلاپ ئالۇرسىن،

① ۋەسف — تەرىپ، ماختاش.

② زەنجانە — بۇ، "زەنجانى" دېگەن ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان گىراماتىكا كىتابى بولۇپ، كىتاپ شۇ كىشىنىڭ تەخەللۇسى بىلەن ئاتىلىپ كەتكەن.

③ خەم — ئېگىك، پۈكۈك.

④ تەبئىيەت — تەبئى، ئۆز-ئۆزىدىن.

⑤ گۈلفاش — گۈلنىڭ ئېچىلىشى.

⑥ مەگەر — "...دىن باشقا، ناۋادا، بەلكى" مەنىلىرىدە كېلىدىغان ياردەمچى سۆز. بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا "يكر" شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، مەنا ئېتىبارى بىلەن "مەگەر" بولغىنى توغرا تېپىلدى.

⑦ ئەسلى نۇسخا بويىچە بىر بوغۇم كەم، مەنادىمۇ مۇجمەللىك بار. ئەينى ئۆزگەرتىلمىدى.

ھۇرۇ پەرىلەر بەندەئى قولداشلىق ئۇلۇپدۇر.
ھەركىمكى بەھەم بولمادى① بەندى خەم زۇلفۇڭ،
قەسدى ھەممەنىڭ ھەلقەئى چىرماشىڭ ئۇلۇپدۇر.
ئەي تەلبە كوڭۇل دەشت ئارا يالغۇز سېنى ئېمەس،
فىكرى تۇنۇ كۇن مۇنىسۇ مۇگداشلىڭ ② ئۇلۇپدۇر.
ئول كوز ئەلەمى يوقۇ يەنە ئوزگە ۋەفاسىن،
ھەمرازىڭ③ ئۇشۇل، ئوزگەسى قانداشلىڭ ئۇلۇپدۇر.
ۋەسلى يوق ئېسە يىغلاما كوپ ھەجر ئىلە گۇمنام،
نىچۇن كوزى تۇشكەن ئىتى يولداشلىڭ ئۇلۇپدۇر.

## 13 - غەزەل

كوڭلۇم بەدەنى خەنجەرى مۇژگانىڭ ئۇچۇندۇر،
جانىم سەدەفى قەترەئى نەيسانىڭ④ ئۇچۇندۇر.
ھىجران تۇنى كوزگە نەچە بىھەد⑤ قارا بولسا،
چۇن سۇبھ ئۇمىدىم رۇخى تابانىڭ⑥ ئۇچۇندۇر.
گەر خارى سىتەم⑦ ئۇزرە نەچە نالە قىلۇرمەن،
بۇلبۇل بولۇشۇم ئول گۇلى خەندانىڭ ئۇچۇندۇر.

---

① بەھەم بولماق — بىللە بولماق، ئېرىشمەك.
② مۇنىس — ئۇلپەت. مۇنىس - مۇگداش — "ئۇلپەت" مەنىسىنى بېرىدىغان جۇپ سوز.
③ ھەمراز — سىرداش.
④ قەترەئى نەيسان — يامغۇر تامچىسى.
⑤ بىھەد — چەكسىز.
⑥ رۇخى تابان — نۇرلۇق يۈز.
⑦ خارى سىتەم — جەبىر - زۇلۇم تىكىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

گۈلشەن گۈلى تازە، قەددى سەرۋ، ئولماقى بالا①،
قەددىڭ تۈز ئولۇپ تازە ئاچىلغانىڭ ئۇچۇندۇر.
ئىشق ئەھلى ئىشكىڭدە ئېرۇر يەر بىلە يەكسان،
جۇنبۇشلۇق② ئىلە كوڭلىنى ئالغانىڭ ئۇچۇندۇر.
غەم كۇنجىدە③ ھىجران تۇنى مەن يىغلاماقىم قان،
چۇن بەرق④ يانىپ ۋەئدەئى يالغانىڭ ئۇچۇندۇر.
جان دەشتىدە كەۋسەر نەمى بولسە گەر قۇرۇتتۇم،
بۇ تەشنەلىكىم لەئلى بەدەخشانىڭ ئۇچۇندۇر.
تەن يەئقۇبىدىن يۇسفى جان تاپتى جۇدالىق،
فەرد ئولماق ئاڭا چاھى زەنەخدانىڭ⑤ ئۇچۇندۇر.
سېنىسىز نە قىلۇر مىڭ جانى گەر بولسا بۇ گۇمنام،
جان ساقلاماقى ۋەسىل ئارا قۇربانىڭ ئۇچۇندۇر.

## 14 - غەزەل

خەلق سۇلتانى بولەكدۇر ئىشق شاھى ئۆزگەدۇر،
بۇ فەلەكدە تۇغماغان جان ئۆزرە ماھى ئۆزگەدۇر.
ئىشرەتى جەننەت تىلەپ زاھىد چېكەر مىڭ دەردۇ رەنج،
كوزلەرى ئازۇردە⑥ قىلغان داد خاھى ئۆزگەدۇر.
كىشۋەرى ئالەمنى⑦ شەھلەر ئېل بىلە تەسخىر⑧ ئېتەر،

---

① بالا — ئېگىز، يۇقۇرى.
② جۇنبۇشلۇق — مۇلايىم ھەركەت، يۇمشاق مۇئامىلە.
③ غەم كۇنجى — غەم بۇلۇڭى.
④ بەرق — چاقماق، چېقىلغان.
⑤ چاھى زەنەخدان — زىنىق.
⑥ ئازۇردە — ئازار چەككەن، رەنجىگەن.
⑦ كىشۋەرى ئالەم — دۇنيا مەملىكەتلىرى.
⑧ تەسخىر — قولغا كىرگۈزۈش، بېسىۋېلىش.

شەھری دىل ئالماققە دىلبەرنىڭ سىپاھى ئۇزگەدۇر.
مىھرىبانلار ئىشۋەسىدۇر① مەغز② لېكىن يارنىڭ،
ھەر باقىشدا جىلۋەسى ئۇزگە، نىگاھى ئۇزگەدۇر.
زۇھد ئەھلىدىن روزى مەھشەر③ ئىستەگەي سەۋمۇ نەماز④،
گۇلشەنى ھوسنىن تىلەر ئەھلىنىڭ گۇناھى ئۇزگەدۇر.
ھۇر، پەرى بولغان بىلە كوزىدە يوق جەزبى نەزەر⑤،
بىر نەزەردە قۇل قىلۇر چەشمى سىياھى ئۇزگەدۇر.
زۇھد ئەھلىدىن ئىشق ئەھلى ھەرگىزدە كوز تۇتماس پەناھ،
بۇ نەزەرباز⑥ ئەھلىنىڭ پۇشتى پەناھى ⑦ ئۇزگەدۇر.
زىرىھۇ⑧ قالقان كېرەك ئىسلام بى دىن ئەھلىغە،
ئاشىقى جانبازنىڭ ئىستەر سەلاھى⑨ ئۇزگەدۇر.
لەھزە — لەھزە ئارتادۇر دەردۇ ئەلەم گۇمنامغە،
ھەر نەفەسدە بۇ ستەمدىن ئۇرغان ئاھى ئۇزگەدۇر.

## 15 - غەزەل

ۋەرەق⑩ ھوسىن ئەھلى زىبىغە⑪ تازۇتقان گۇلئۇزارىمدۇر،

---

① ئىشۋە — ناز، يېقىملىق قىلىق.

② مەغز — مېغىز، بۇ يەردە «تاتلىق» مەنىسىدە كەلگەن.

③ روزى مەھشەر — مەھشەر كۇنى.

④ سەۋم — روزا، سەۋمۇ ناماز — روزا بىلەن ناماز.

⑤ جەزبى نەزەر — كىشىنى تارتىپ ئالىدىغان قاراش.

⑥ نەزەر باز — ناز بىلەن قارىغۇچى.

⑦ پۇشتى پەناھ — يۆلىنىدىغان، تايىنىدىغان.

⑧ زىرىھ — ساۋۇت.

⑨ سەلاھ — قورال.

⑩ ۋەرەق — يوپۇرماق.

⑪ زىب — بېزەك، زىننەت، زىب — زىننەت.



AltunOq

ئېمەس كىرپىك كوزۇم ئەترافى ئۇزرە رەشكى① خارىمدۇر،
نېدىن ھىجران تۈنى يەلدا تۈندىن② تىرەدۇر بىلكىم،
سىتەمدىن ئەكس③ سالغان يۈز ياپىپ زۇلفى نىگارىمدۇر.
غەمىڭگە دىلبەرا جاندىك نەچۈكدىن مېھرىبان بولماي،
خەياللىك گوشەسىغە④ بارغانىمدا يارى غارىمدۇر⑤.
ئېمەسدۇر ژالە⑥ ھىجران شامى ئالەم ئىچرە ساچىلغان،
قەدەم قويغاچ خىياللىك خاكى پايىڭغە⑦ نىسارىمدۇر⑧.
ئېمەسدۇر بەرگى گۈل يا بەرگى نەرگىس⑨ يار كەلگەي دېپ،
مەگەر باغ سەيرىگە شاخ ئۇزرە چەشمى ئىنتىزارىمدۇر.
جەھان گەرد⑩ ئولدى، كۈن غايىپ، خەلايىق بىر بىرىن كورمەس،
يۈزىن كۈن كورمەسۇن دېپ تازۇغان جىسمى غۇبارىمدۇر⑪
سەنىڭ ھەدسىز غەمىڭ ئالدى ئاراغە خەستە جانىمنى،
نېدىن بىگانە غەملەر ئىلكى تىگمەسكە ھىسارىمدۇر⑫

---

① رەشك — كورەلمەسلىك.
② يەلدا تۈنى — قىش كۈنى كىچىنىڭ ئەڭ ئۇزارغان ۋاقتى.
③ ئەكس — تەتۇر، قايتۇرۇش، ئەكس كورۇنۇش.
④ گوشە — بۇلۇڭ.
⑤ يارى غار — بۇ يەردە ئەڭ ۋاپادار، سادىق يار مەنىسىدە كەلگەن.
⑥ ژالە — شەبنەم. كوز يېشىغا تەمسىل قىلىنغان.
⑦ خاك توپا، توپا-چاڭ. خاكى پاي — ئاياقتىن چىققان چاڭ.
⑧ نىسار — چېچىش.
⑨ نەرگىس — نەرگىس گۈلى.
⑩ گەرد — چاڭ-توزان.
⑪ غۇبار — چاڭ.
⑫ ھىسار — قورغان، قەلئە، ئىستىھكام.

تەلەب دەشتىدە كورگەندۇرمۇ ھېچكىم مەن كەبى سەييادⓘ،
كەمەندى بەختىم② ئىچرە ئاھۇيى ئىشقىڭ③ شىكارىمدۇر④.
قاشىڭ شەكلىنى جان قىرتاسى⑤ ئۇزرە ئىشق سىزدىكىم،
قەيى ئافەت ماگا تەگسۇن بۇ بىسمىللا تۇمارىمدۇر.
قەيى مەينى ئىچىپ لايەئقەل ئولدۇڭ دېمە ئەي زاھىد،
ماگا بۇ نىشانى⑥ لۇتف ئەتكەن ئول كوزى خۇمارىمدۇر.
كېچە-كۇندۇز كويۇپ گۇمنام ئاي، كۇنىڭ ئوتى ئوچمەس،
بۇ خاسىيەتنى دايىم ئەيلەگەن شەمئى مەزارىمدۇر.

## 16 - غەزەل

قايسى پەرىيۇ ھورنىڭ سېن كەبى گۇلئۇزارى بار،
قايسى چەمەن گۇلى ئۇزە تىرى مۇژەگچە⑦ خارى بار.
ئوتتى جەھاندا ياخشىلار، تاپمادى مەن گەداچە قۇل،
سېن كەبى ئەي جەھان گۇلى ئىشق ئېلىنىڭ نىگارى بار.
گەر تىلەسەڭ غەم ئىلكىدە غۇنچە كوڭۇل ئاچىلماقىن،
خەندەئى گۇلنى كورگەلى گۇلشەنى يار سارى بار.
ئىشق ھەۋاسىدا تازۇپ كەتتى بۇ جىسم تۇفراغى،
سۇرمە قىلۇرغە تىرە كوز مىنگەن ئاتى غۇبارى بار.

---

① سەيياد — ئوۋچى.
② كەمەندى بەختىم — بەختىمنىڭ سالمىسى.
③ ئاھۇيى ئىشق — ئىشق ئاھۇسى، ئىشق كېيىكى.
④ شىكار — ئوۋ.
⑤ قىرتاس — قەغەز.
⑥ نىشانى — نىشاننى (چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى بولغان «نى»نىڭ بىرىنچى تاۋۇشى قىسقارغان).
⑦ مۇژە — كىرپىك («مۇژگان» بىلەن ئوخشاش).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈچتى نەزەر قۇشى يۇزۇڭ باغىنى سەير ئەتكەلى،
بۇلبۇل ئېسە جاھان ئېلى بۇ كەبى مەرغزارى① بار.
دەشتى بەدەن ئارا كوزۇڭ قازدى يۈرەكدە چاھلار،
ئاھۇيى ئىشقىنىڭ ئەجەب لالەئى چەشمە سارى② بار.
كۆمنامىڭىزنى كوزلەرى ھاتەمى ئىشق③ ئەيلەدى،
مەخزەنى④ كوڭلىدە ئانىڭ تىلەر ئېرسە بارى⑤ بار.

## 17 - غەزەل

يۇزۇڭ شەمئى خەيالىدىن كوڭۇل ئىچرە سىراجىم⑥ بار،
نې ۋەھمىم يول يىتۇرمەكدىن ئەگەرچەندىكى داجىم⑦ بار.
كوڭۇلدۇر قىبلەئى تەھقىق نېچۈن سېنى ئول ئۈي ئىچرە،
بۇ تەن سەنگى سىيەدۇر⑧ سىدقدىن ئۆپمەككە ھاجىم⑨ بار.
ئىچىم لەئل ئولدى فۇرقەتدىن، كۆزۈم دۇر يىغدى ھەيرەتدىن،
ئايا غ، باش شوئلە ھىرقەتدىن⑩ بۇ ياڭلىغ تەختۇ تاجىم بار.

① مەرغزار — ئوتلاق، يايلاق.
② چەشمە سار — سۈيى سىيراپ ئۇلكە، ئورۇن، جاي.
③ ھاتەمى ئىشق — ئىشق سەخىسى، ئىشق ساھەسىدىكى سەخى.
④ مەخزەن — خەزىنە.
⑤ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «بار» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، غەزەلنىڭ قاپىيىسىدىن قارىغاندا، ئاخىرىغا شەخس قوشۇمچىسىنى قوشۇپ «بارى» دەپ ئېلىش توغرا تېپىلدى.
⑥ سىراج — چىراق.
⑦ داج — قاراڭغۇلۇق، قاراڭغۇ كېچە.
⑧ سەنگى سىيە — قارا تاش، قارا رەڭلىك تاش.
⑨ ھاج — ھاجەت.
⑩ ھىرقەت — كويۇش، يېنىش.

كىرىپ ئۇششاق سىلكىگە① كەش② ئولدۇم دەردى مۈلكىگە،
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
يۈزۈڭدىن جانغە ئوت ياقىپ، كوزۈڭدىن باشغە پەر تاقىپ،
... ... ... ... ياشىم ئاقىپ ... ... ... ... ... ...
مەنى يا ئوتقە سال، يا ئوتدىن ئال، يا ئولتۈرۈ تىرگۈز،
نې قىلساڭ سېن قىلۇرسېن، بەندە دۇرمەن نە ئىلاجىم بار.
سەنىڭ زىكرىڭ تىلىمغە، فىكرى ھەۋسىنىڭ كوڭلۈمە بەسدۇر،
قارا كوزلۈك شەكەرلەب غەيرىگە نې ئېھتىياجىم بار.
سەنىڭ لۇتفۇڭغە زارۇ غەمگە يارۇ خاكسار ئولدۇم،
قەدەم قويساڭ قايانىدىن ئىتلارىڭ قىلغان ھوجاجىم③ بار.
جەمالىڭ شەمئى④ ياقساڭ بەزمى ئۇششاق ئىچرە ئەي دىلبەر،
خەيالىڭغە كەلۈرمۇ بىر دېمەك گۇمنام راجىم⑤ بار.

## 18 - غەزەل

جانى ھايىل بولماسە ۋەسل ⑥ ئىستەگەن جاندىن كېچەر،
مىڭ بەلا يۈزلەنسە ھەركۈن، قايدا جانانىدىن كېچەر.
ئولتۈرۈرگە مەيل قىلسە، تىغ ئۇرماس، بۇ ئەجەپ،

① سىلك — قاتار، سەپ.
② كەش — ئالغۇچى.
③ ھوجاج — ھاجىلار، كەبىنى زىيارەت قىلغۇچىلار.
④ ئەسلى نۇسخىدا «شەمئ» يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن ئۇچىنچى شەخس قوشۇمچىسى قوشۇپ قويۇلدى.
⑤ راج — ئۈمىت.
⑥ جانى ھايىل — قورقۇنچاق. ئەسلى نۇسخىدا "جانى ھايىل بولسە ۋەسلىن" دەپ يېزىلغان. «دىۋانى مەشرەپ» نىڭ 95 - بېتىگە ئاساسەن مەنا ئېتىبارى بىلەن تۈزىتىپ قويۇلدي.

قان تۇتۇشدىن ۋەھم قىلماس، قان ساچىلغاندىن كېچەر.
كورمەگەي ھەرگىز بەھشتى جاۋىداندا① گۇل يۈزىن،
كىم يۈزى گۇل، كوزى ئۇتلۇغ، خارى مۇژگاندىن كېچەر.
ئاشىقى سادىق قىيا باقماس پەرىلەر ھوسنىگە،
تەرك ئېتىپ جەنناتى رىزۋان ② ھۇرى غىلماندىن ③ كېچەر.
ئىچمەيىن كەۋسەر سۈيىدىن ئاغزىنى ئەيلەپ چۈچۈك،
زوھد ئېلى مەي تابىدىن گۇلدېك ئاچىلغاندىن كېچەر.
كىمكى تاپسا جاۋىدان يۈز يىلى ④ ئەيلەر نەزەر،
كىم خەزاندىن گۇل يۈزى تازۇپ ساچىلغاندىن كېچەر.
جامۇ مەيدىن ئۆزگە ھەسرەت بولماغاي گۇمنامغە،
كىمكى مەينى بىر تاتىپ قايىتىپ ئايىلغاندىن ⑤ كېچەر.

## 19 - غەزەل

نۇن ئىچىدە نۇقتەدېك كوڭلۇمدە خاللىق داغى ⑥ بار،
بىر قەفەس ياڭلىغ ئېرۇر كوڭلۇم ئىچىدە داغى بار.
نۇن دېدىم كورگەچ يۈزۈڭ، ساچىڭ قاراغى نۇقتە خال،

① بەھشتى جاۋىدان — ئەبەدى، مەڭگۈلۈك جەننەت.
② جەنناتى رىزۋان — "رىزۋان" دەپ ئاتىلىدىغان جەننەت.
③ ھۇرى غىلمان — جەننەتتىكى خىزمەتكار ھۇرلار.
④ بۇ سوزنىڭ مەنىسى ۋە رولى ئېنىق ئەمەس. «دىۋانى مەشرەپ» تە بۇ مىسرا "كىمكى تاپسا جاۋىدان يۈز ئىشق ئىلە ئەيلەپ نەزەر" دەپ ئېلىنغان. كىتاپخانىلارنىڭ ئىزلىنىپ كورۇشىگە قالدۇرۇلدى.
⑤ ئايىلماق — ئايرىلماق" مەنىسىدە كەلگەن، بەلكىم ۋەزن ئېتىبارى بىلەن "ر" نى قىسقارتقان بولسا كېرەك.
⑥ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "داغ" شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن "داغى" بولۇشى توغرا تېپىلدى.


Altun0q
www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يا كوكۇل مۇرغىغا ① ئۇن شەكلى بىلە قىسماغى بار.
داغ قويدى نىش ئۇرۇپ جەللاد چەشمىڭ كوڭلۇمە،
بولمادى دافىئ ② ئەگەرچە جىسمىمدىن ئولپاغى ③ بار.
ئىھتىراز ④ ئەيلەپ قۇتۇلماغلىق نە ئىمكاندۇر ماڭا،
كىم زەنەخداندىك چەھى⑤، ئەنبەر ساچىدىن باغى بار.
كوزلەرىڭ سەييادى، هوسنۇڭ بىر چەمەندۇر كوڭلۇمە،
مىھرىڭ ئانداغ قۇش ئېرۇر مىنقار⑥، نې تىرناغى بار.
دايىما ئورتەر مەنى ئول يۈز نە ئوچمەس شەمئ ئېرۇر،
لەھزە ئاقىپ تىنماغان كوز چەشمەسىدىن ياغى بار.
پۇتمەگەن ھىچ باغدىن يەتمەي ئىلىك، باسماي ئاياغ،
مەينى گۇمنامىڭغە لەئلىڭ جامىدىن قۇيماغى بار.

## 20 - غەزەل

ئەي گۇلى ئەھمەر⑦ باشىڭدا لالەدۇر،
يا مەگەركىم كافرى سىبن چالەدۇر(؟).
ئوت مەسەللىك يۈزۈڭ ئۇزرە قاشلارىڭ،
يا سىيە⑧ تاب تىغ يا چۇچالەدۇر⑨.

---

① مۇرغ — قۇش.
② دافىئ — قايتۇرغۇچى، چېكىندۈرگۈچى، توسىغۇچى.
③ ئولپاق — قالپاق. بۇ يەردە "قالقان" مەنىسىدە كەلگەن.
④ ئىھتىراز — ساقلىنىش.
⑤ چەھ — قۇدۇق.
⑥ مىنقار — تۇمشۇق، قۇشلارنىڭ تۇمشۇغى.
⑦ ئەھمەر — قىزىل.
⑧ سىيە — قارا. ("سىياھ" بىلەن ئوخشاش).
⑨ چۇچالە — چۇچۇلا. چالا كويگەن ئوتۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەفچەنى ① قەد ئۆزرە گۈل ياڭلىغ يۈزۈڭ،
مېھرى ئالەم تابدېك ② بى ھالەدۇر ③.
ياپماغىل يۈزۈڭگە زۇلفۇڭ پەردەسىن،
دۇدى ئاھىم باشىمە چىرمالەدۇر.
سىنەسىدە ④ تەلبەنىڭ شەكلى ھىلال،
مىڭ تۇمەن قاشىڭ كورۇپ تىرمالەدۇر.
قىسقەدۇر يۈزۈڭ، نېدىن ۋەسلىڭ كۈنى —
زۇلفىدېك ھىجرىڭ تۈنى ئۇزالەدۇر.
ھەرتەرەفدە بولسە زۇلمۇڭ نەقدىنى،
لۇتفى دېپ گۇمنام ئۇزىگە ئالەدۇر.

## 21 - غەزەل

كوكۇل باغرى ئارا ئەزم ئەتسە ⑤، دېرمەن باغرى تاشىمدۇر،
يوق ئەتكەن بۇدۇ نابۇدۇمنى⑥ ئول پەيۋەستە قاشىمدۇر ⑦.
نىسار ئەتمەك ئۈچۈن باسغان ئىزىغە جانۇ دىل بىلە،
يىغىم ئېرمەس، كېچە ـ كۈندۈز تەنىمدىن جان تالاشىمدۇر.
ئەگەر ئەزم ئەتسە ئاندىن مەندە يوقتۇر ئىختىيار ئاخىر،
نەدامەت⑧ ئىلكى بىلە سىنەئى مەھزۇن⑨ خەراشىمدۇر⑩ .

① خەفچە — غۇنچە ئاستىدىكى تۇگۈن. چاقۋانلىقتا تەمسىل قىلىنغان.
② مېھرى ئالەم تاب — ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش.
③ ھالە — ئاي ياكى قۇياشنىڭ گەردىشى، قوتانلىنىشى.
④ سىنە — كوكس.
⑤ ئەزم ئەتمەك — بىرەر ئىشقا بەل باغلىماق، بارماق.
⑥ بۇدنا بۇد — بارۇ يوق.
⑦ پەيۋەستە قاش — قوشۇما قاش.
⑧ نەدامەت — پۇشايمان، ئەفسۇس.
⑨ سىنەئى مەھزۇن — غەمگە، قايغۇغا پاتقان كوكس.
⑩ خەراش — يونۇش، تىرناش، تاتىلاش.

ئەگەر بولسە مۇيەسسەر ئىتلارىغە ھەمزەبان ئۇلماق،
دەلىل ئۇشبۇكى ئول كەتكەن قۇياشىم سارى باشىمدۇر.
ئەگەر راغىب ① ئېسەم دىل باغىغە ۋەسلى قەدەم قىلماق،
بەكىت كوڭلۇڭە ئىتلار مېھرىنى راغىب قوياشىمدۇر.
ئەگەر مەئشوقنى دايىم كوڭۇل تەختىدە تۇرغۇزساڭ،
دېگىل مېھرى جەھان ئەفزۇن② مەنىڭكى ئىچرە تاشىمدۇر.
ئانىڭ ئىشكىدە گۇمنام خار ئىلە خارانى③ ياستانساڭ④،
دېگىل يوق باغى جەننەت ئىچرە بۇ ياڭلىغ قۇماشىمدۇر⑤.

## 22 - غەزەل

جەھان باغى ئارا نەخلى قەددىڭ سەرۋى خىرامانتدۇر⑥،
قەددىڭ سەرۋى ئۇزە گۇلدېك يۈزۈڭ چۇن ماھى تاباندۇر.
بۇ سەنئەت بىلە گوياكىم باشىڭدۇر گۇنبەزى دەۋۋار⑦،
قاشىڭدۇر يا ھىلالى ئەيد يا قەۋسى ئەسراندۇر⑧.
قاراغچىدۇر كوزۇڭ باغى جەمال ئىچرە يوشۇنۇپدۇر،
ئاتارغە ئوق ئېرۇر مۇژگانلارىڭ ياسەرۋى بوستاندۇر.
يۈزۈڭ⑨ مېھرىن خەيال ئەتمەك ئەسرى ئىشقە گويا،

① راغىب — خاھىش، مەيل.
② ئەفزۇن — ئارتۇق، زىيادە، كوپ.
③ خارا — قاتتىق تاش.
④ ياستانماق — ياستۇق قىلىپ ياتماق، سۆيەنمەك.
⑤ قۇماش — رەخ، توقۇلما رەخ.
⑥ خۇرامان — ئازادە، ئەركىن، مەغرۇر.
⑦ دەۋۋار — ئايلىنىپ تۇرغۇچى.
⑧ قەۋسى ئەسران — كىشىلەرنى ئەسىر قىلىدىغان ئوقيا، يا.
⑨ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "يوزىن" شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، مەنا ئېتىبارىدىن "يۈزۈڭ" بولغىنى توغرا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرىشان ھەرتەرەپ زۇلفى سىياھىڭ ئەنبەر ئەفشاندۇر①،
سەرى زۇلفۇڭ مەگەر كىم ھەلقەئى بەندى جۇنۇن② ئولغاي،
ئاڭا كىم باغلانۇر مېھرى ۋىسالىڭ بىلە ھەيراندۇر.
گۈلىدۇر كىم قىزىل ساچباغ ئۇچىدا سەرنىگۇن③ ئەيلەپ،
ئۈزىن تەشبىھ يۈزۈڭگە ئەيلەمەكلىك بىلە ئاسقاندۇر.
يۈزۈڭ باغى ئارا لەئلى لەبىڭ چۇن غۇنچەئى دۇركىم،
نەسىمى فەيز④ كوڭلۈڭ باغىدا سەير ئەتسە خەنداندۇر.
تىشىڭ دۇررى، لەبىڭ لەئلى خەرىدارىغە ئانداغكىم،
قۇلاغ ئېرمەس يۈز ئۈزرە ئانى ۋەزن ئەيلەرگە مىزاندۇر.
سىپەند⑤ ئېرمەس ئوت ئۈزرە ئول سەنىڭكى دانەئى خالىڭ،
ئەسرىك بەند ئەتمەكلىككە ئول بانى⑥ زەنەخداندۇر.
مەگەر بەند ئەتمەك ئىستەپ مېھر ۋەرزىشلەرنى⑦ ئاندا غكىم،
لەبىڭ دامى ئارا ئول خال ئېمەس، بەند ئەيلەگەن داندۇر.
بۇ گۇمنامىغە تەنھا يوق، بارى ئالەمگە سۇلتان سېن،
ساڭا قۇل بولغالى گۇمنام ئىشق ئەھلىگە سۇلتاندۇر.

## 23 - غەزەل

ئول ئاي رۇخسارىغە مەي ئەرغەۋانى① خوب ياراشىپدۇر،
ئانىڭ تەئسىرىدىن كۆن چەشمەسىغە ئوت تۇتاشىپدۇر.

---

① ئەنبەر ئەفشان — ئەنبەر چاچقۇچى، ئىپار پۇراپ تۇرىدىغان.
② بەندى جۇنۇن — ساراڭنى باغلايدىغان.
③ سەرنىگۇن — دۈم، تەتۈر، بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان.
④ نەسىمى پەيز — پەيزە تاڭ شامىلى، مەيىن تاڭ شامىلى.
⑤ سىپەند — ئىسرىق.
⑥ بان — قاراۋۇل، قاراۋۇللۇق قىلغۇچى.
⑦ مېھر ۋەرزىش — ئىشق - مۇھەببەتنى ئادەت قىلغۇچى، ئىشق-
مۇھەببەت كەسپىدىكى.
⑧ ئەرغەۋانى — قىزىل، قىزىل رەڭلىك.

خەيال ئەتتىم يۈزىن، باشدىن ئاياغىمغە تۈتاشتى ئوت،
ئەجەبدۈر تىرە تۈندە چىقمايىن كۈن شوئلە تاشىپدۈر.
باقالماس دىلبەرىمنىڭ يۈزىگە خۇرشىد يۈزلۈكلەر،
خىجالەتدىنمۇ يا كىم كۈنىگە باقسە كوز قاماشىپدۈر.
ئېرۇرمۇ باغدا گۈل يا تاغدا لالە يا نىگار ئوتكەچ،
قىلۇردا سەير باغۇ دەشتىنىڭ باغرى قاناشىپدۈر.
قاچار كۈن چىقسە ئاي ئەختەرلەر① ئوزىن ئاشكار ئەتمەس②،
ئانىڭدېك دىلبەرىم بىلە قەيى خوبلار تاقاشىپدۈر.
مەنىڭ يارىمغە باغلانغان يەنەغە كوز ئۈچىن سالماس،
پەرىيۇ ھۇرغە ئايغىل قەيى ئاشىق ئۈناشىپدۈر.
مەلامەت③ قىلدىلەر يۇسىفنى كورمەي ئېل زۇلەيخاغە،
نىقاب ئېچرە يۈزىن كورمەي قولىن قانغە بوياشىپدۈر.
يۈزىدىن پەردە ئالىپ چىقسە ئول مىھرى دەرەخشانىم④،
فەلەك ئەختەرلەرىدېك خوبلار ھەريان تاراشىپدۈر.
جەھانغە شەمئ تولسە، چىقماسا كۈن، تىرەلىك كەتمەس،
بۇ رەڭ ئالەمگە ئەي گۇمنام جانان نۈرى تۈتاشىپدۈر.

## 24 - غەزەل

گۈل يۈزۈڭنىڭ زەۋقۇ شەۋقىن قايىسى نابىنا⑤ بىلۇر،
ئىشق ئوتىن ساچقان جەھانغە مىھرنى بىنا بىلۇر.

---

① ئەختەر — يۇلتۇز.
② بۇ مىسرا ۋەزن ئېتىبارى بىلەن "قاچار كۈن چىقسە ئاي، ئەختەر ئوزىنى ئاشكار ئەتمەس" بولسا، توغرا بولاتتى، ئەسلى ئوزگەرتىلمىدى.
③ مەلامەت — ئەيىپلەش، يامانلاش.
④ مىھرى دەرەخشان — پارلاپ تۇرىدىغان قۇياش، نۇرلۇق قۇياش.
⑤ بىنا — كورگۈچى، نابىنا — كور، قارغۇ.



AltunOq

www.uyghurkitap.com

نى بىلۇر ئاغرىق كىشى قەندۇ ئەسەلنىڭ لەززەتىن،
ئابىھەيۋان لەززەتىنى خىزىردىك دانا بىلۇر.
بىلمەگەي ھوسنى جەمالىڭ مەدھىنى زاغۇ زەغەن①،
باغدا گۈل ھەمدۇ سەناسىن بۇلبۇلى گويا بىلۇر.
ئىشق مەھۋ ئەتكەنگە تەگدۇر غەم يەتەر يا شادلىق،
سايە بوستان بىلە ئوتنى سەردىنى گەرما② بىلۇر.
سۇنبۇلۇڭغە قەيد بولماس تەلبەئى گۇمراھلار،
دەۋلەتى زەنجىرنى③ مەجنۇنى بىپەرۋا بىلۇر.
سايەئى توبىدىن④ ئارتۇق خۇم تۇبى⑤ رىند ئەھلىغە،
دەير ئارا ياتسە تىكەندە جەننەتىلمەئۋا⑥ بىلۇر.
زەھر ئىچەر يار ئىلكىدىن ھەر زار رىندى مەيپەرەست،
ھۆرى جەننەت ئەنگەبىندىن⑦ ئەيلەگەن ھەلۋا بىلۇر.
ئىتلارىدىن جۇرئەئى⑧ گۇمنامىغە بولسە نەسىب،
جۇملەئى ئالەمنى غەرق ئاب ئەيلەگەن دەريا بىلۇر.

## 25 - غەزەل

چىقسام كوچەغە شاھ سۇۋارىم كىلەدۇر،
گۈل غۇنچەسىدىك لالە ئۇزارىم كىلەدۇر.

---

① زاغۇ زەغەن — قارغا - قۇزغۇن.
② گەرما — قاتتىق ئىسسىق. بۇ يەردە "ئىشق تەلۋىسى، ئىشق مەستانىسى" مەنىسىدە كەلگەن.
③ ئەسلى نۇسخىدا بۇسوز "زەنجىرنى" شەكلىدە يېزىلغان بولـسىمۇ، مەنا ئېتىبارىدىن قارىغاندا، شەخس قوشۇمچىسىنىڭ قويۇلۇشى ئورۇنسىز كورۇلدى.
④ توب — ئېيتىلىشىچە جەننەتتىكى بىر دەرەخ ئىسمى.
⑤ خۇم تۇبى — مەي قاچىلانغان خۇمرىنىڭ تۈۋى.
⑥ جەننەتىلمەئۋا — بىر جەننەتنىڭ ئىسمى.
⑦ ئەنگەبىن — ھەسەل.
⑧ جۇرئە — بىر يۇتۇم، يۇتۇم.

هەريانغە باقىپ كىرپىك ئوقىن ئىبلگە ئاتىپ،
جانىمغە ياقىپ ئوتنى نىگارىم كېلەدۇر.
مەيگۇن① لەبىدىن ئىشق مەيىن ئىبلگە سۇنۇپ،
ئوز مەستلىكىدىن كوزى خۇمارىم كېلەدۇر.
هەر لەھزە رەقىبلەر سارى باقىپ يۇز ئاچار،
مەن خەستەنى كور بۇ ئىشقا ئارىم كېلەدۇر.
جانىمغە تەگىپ هەر سارىدىن رەشك ئوقى،
گۇل ئىبلگە، ماڭا تىكەن بەهارىم كېلەدۇر.
بىگانەۋۇ② ئاشناسى يوق ئىكەن بارچەغە تەڭ،
مۇژگان ئوقىن هەركىمگە ئاتارىم كېلەدۇر.
ئولمەيمۇ بۇ دەردلەرگە مەن ئەي يار - يارانلار،
بىر لەھزەدە مىڭ جانىم ئالارىم كېلەدۇر.
كەلمەي نەچە كۇن قايدا قارار ئەتتى ئىكىن،
كوڭلۇمدىن ئالىپ③ سەبرۇ قارارىم كېلەدۇر.
هەم زاهىدۇ فاسىق قاشىغە سەجدە قىلۇر،
بىر لەھزەدە مىڭ دىننى بۇزارىم كېلەدۇر.
ئوتلارنى ساچارمەن يىغىيۇ زار بىلەن،
ياز يامغۇرى④ ياغلىغ ئاھۇ زارىم كېلەدۇر.
كۇندۇز، كېچەۋۇ ھىچ مەھەل كەلگەن ئىمەس،
بۇ تۇرفە كورۇڭ لەيلۇ نەهارىم كېلەدۇر.

---

① مەيگۇن — مەيگە ئوخشاش، مەي رەڭلىك.
② بىگانە — يات، يات كىشى.
③ "ئالىپ" سوزى ئەسلى نۇسخىدا يوق، ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن قوشۇپ قويۇلدي. "دىۋانى مەشرەپ» 39 - بەتتە "كوڭلومنى ئالىپ" دەپ بېرىلگەن.
④ "يامغۇر" سوزىنىڭ ئاخىرىغا ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن شەخس قوشۇمچىسى قوشۇپ قويۇلدى، ئەسلى نۇسخىدا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

سەدبەرگ① كەبى غەم بىلە سارغارتىپ ئېدى،
نى غەم ماڭا ئېمدى غەمگۇزارىم كېلەدۇر.
زەنجىر دېمە ئىلكىدەكى دىلبەرنىڭ②،
كىم دەفئى فىراقىغە تۇمارىم كېلەدۇر.
ئىتدېك ئېرىشىپ رەخش③ ئىزىن سۇرمە قىلىپ،
باش ئىشكىگە قويغان يارى غارىم كېلەدۇر.
گۇمنامنى كويدۇرۇپ كۇل ئەيلەدى كەتتى تازۇپ،
ئېمدى بارى جانغە ئوتنى ياقارىم كېلەدۇر.

## 26 - غەزەل

مەزرەئى④ لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشقەر،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشقەر.
ئىشقۇ ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ مىھنەت جۇش ئېتەر،
تۇفراغى ھەسرەت بىلەن پۇتكەن ھىسارى كاشقەر.
دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،
بىرنىگاھى غەمزەسىدىن گۇلئۇزارى كاشقەر.
ئابى رۇكنابادە⑤، گۇلگەشتى⑥ مۇسەللا⑦ سەھل⑧ ئېرۇر،

---

① سەدبەرگ — سېرىق سەبدەر.

② بۇ مىسرادا ئەسلى نۇسخا بويىچە ئىككى بوغۇم كەم.

③ رەخش — ئات، ئالاچىپار ئات.

④ مەزرەئى — تېرىلغان، تېرىلغۇ قىلىنغان.

⑤ ئابى رۇكنا باد — ئىراننىڭ شىراز ۋىلايىتىدە "رۇكناباد" دېگەن جاينىڭ يېنىدىن ئوتىدىغان دەريا.

⑥ گۇلگەشت — گۇللەر ئېچىلىپ كەتكەن كەڭ تاماشەگاھ، گۇزەل جاي.

⑦ مۇسەللا — چوڭ مەسچىت، چوڭ نامازگاھ.

⑧ سەھل — سەل، ئانچىكى.

خۇلددىن① ئـەفزۇن تۈمەن مىلڭ لالەزارى كاشقەر.
ئەيش ئىلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،
چۇن سۇلەيمان دەۋلەتىدۇر خارۇ زارى كاشقەر.
ئـۇدۇ② ئەنبەر ئۇفراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،
دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشقەر.
يا پەرى يا ھۇر يا باغى ئىرەم③ ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشقەر.
ھۇشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇ زەندۇر لەب چـۇ قەنـد،
نارى خەنـدان④، سـىبى رەئنـا⑤، ھەرنە بارى كاشقەر.
كاشقەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەت فـەزا⑥ ھەر سەبزەزارى كاشقەر.

## 27 - غەزەل

قاشىڭ مىھرابى ئەي دىلبەر مەنىڭكى قىبلەگـاھىمدۇر،
يۈزۈڭ مىھرى كوڭۇلنى رووشەن ئەتمەكلىككە ماھىمدۇر.
ئىباداتىڭ قىيامى پـايگاھـى⑦ خانەئى كەئبـەڭ⑧،

① خۇلد — بىر جەننەتنىڭ نامى.
② ئۇد — خۇشپۇراق بىر خىل دەرەخ.
③ باغى ئىرەم — ئەفسانەۋى گوزەل بىر باغنىڭ نامى.
④ نارى خەندان — كۇلۇپ تۇرغان ئانار.
⑤ سىبى رەئنا — قىزىل ئالما.
⑥ ئىشرەت فەزا — ئىشرەت يۇكسەلگەن، ئىشرەت ئەۋج ئالغان.
⑦ پايگاھ — تۇراق جاي، بازا.
⑧ «دىۋانـى مـەشرەپ»تە بۇ مىسرا "ئىباداتىم قىيامى پايگاھىڭ خـانـەئـى كـەئـبەم" دەپ ئېلىنغان. مەزمۇنى جەھەتتىن مۇشۇ كېيىنكىسى توغرىدەك تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىزىڭ ئول ئاستانى ئالى ئۆزرە سەجدە گاھىمدۇر.
ئىكى ئالەم خەيالاتى ماڭا قاتىل ئېرۇر جانا،
سىپاھىن تارتىپ ئاتلانسە، ماڭا يادىڭ پەناھىمدۇر.
بۇ كوڭلۇم مەيل قىلسە، غەيرىنىڭ يادىنى قىلماقغە،
غەمىڭ فۇرقەت ئوتىدا ھەرنە قىلسە ئوز گۇناھىمدۇر.
ۋەلى كوڭلۇم قەبۇل ئەتمەس سەنىڭدىن ئوزگە دىلبەرنى،
ساچىڭنىڭ ھەلقەسى ئول زۇلمىدىن ئارامگاھىمدۇر.
سەگى كويۇڭا مەن ھەمكاسەلىقنى ئىختىيار ئەيلەپ،
قەبۇلۇڭ مۇلكىن① ئالماققە كوزۇم ياشى سىپاھىمدۇر.
قارا كورگەن فەلەكدە ئەبر ئېمەس، تامغان ئېمەس يامغۇر،
مەلەك② ھالىمغە يىغلاپ ئول قاراسى دۇدى ئاھىمدۇر.
ئېمەسدۇر ئۇستۇخانى خەر③ ئىتنىڭ ئاستىدا سودرەلگەن،
غەمىڭ رەنجى بىلە ئولگەن مەنىڭ جىسمى تەباھىمدۇر④.
بۇ زۇلمۇ جوۋرىنىڭ ئۆزۈنلۈقىنى كىمگە داد ئەيلەي،
كەرەشمەڭ كورسە قەتل ئەيلەر، دېمەس بۇ داد خاھىمدۇر.
گۇناھىم غەيردىن ئېرمەس، كوزۇمدىن، ئىختىيارىمدىن،
مەنى بۇ ئوتقا سالغان ئىختىيارىمۇ نىگاھىمدۇر.
مەنى ئولتۇرسۇ، تىرگۇزسۇ ھەر لۇتفۇ سىتەم بىلەن،
ئانىڭدۇر ئىختىيارىم، ھەرنە قىلسە پادىشاھىمدۇر.
كېچە ـ كۇندۇز خەيالىم ئاستان بوسىنى⑤ قىلماغلىق،
ۋىسالى دەۋلەتىن تاپماققە سەگلەر سانى⑥ راھىمدۇر⑦.

① مۇلك ــ مەملىكەت، دولەت.

② مەلەك ــ پەرىشتە.

③ خەر ــ ئېشەك.

④ تەباھ ــ ئىشتىن چىققان، كېرەكسىز، بۇزۇلغان، چىرىگەن.

⑤ بوس ــ سويۇش (فارسچە ــ بوسە).

⑥ سەگ ــ ئىت. سەگلەرسانى ــ ئىتلارغا ئوخشاش. ئىتتەك.

⑦ راھ ــ يول.



AltunOq

بۇ گۇمنام ھالىنى ئەرز ئېت، سەبا تاپساڭ ئانىڭ ۋەسلىن،
ۋەگەر نە روزى مەھشەر سورغۇچى قازى ئىلاھىمدۇر.

## 28 - غەزەل

نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر① كاشقەر ئىچرە مەزارىم بار،
زىيايى چەشمىمە② خاكى دەرىدىن③ سۇرمە زارىم بار.
مۇژەجارۇب④ ئەتىپ كوز كاسەسىدىن سۇ ساچىپ سەھنىن،
بەھىشتى ئەدن⑤ ياڭلىغ قۇددۇس⑥ ئەتمەك ئىختىيارىم بار.
ماڭا قىسمەت⑦ ئەزەلدىندۇر يەمەك دەردۇ بەلا قۇتىن⑧،
نە ئىشرەت، گۇلشەن ئىچرە زۇلم ئىلىدىن غەمگۇزارىم بار.
ئىتى ئىچكەن يالاقىدىن ماڭا ھەم تۇئمە⑨ يەتكەي دىپ،
تىلەپ كەۋسەر شەرابى زوھد ئىلى ياڭلىغ خۇمارىم بار.

① ھەججى ئەكبەر — ئۇلۇغ ھەج، ئۇلۇغ جايىنى ھەج قىلىش.

② زىيايى چەشم — كوز روشەنلىگى.

③ خاكى دەر — ئىشىك ئالدى توپىسى، بوسۇغا توپىسى. ئەسلى نۇسخىدا «دەرىدىن» سوزى يوق. ت. ئىلىيوۋ بۇنى «رەھىدىن» دەپ ئالغان. «دىۋانى مەشرەپ»نىڭ 106 - بېتىدە بۇ سوز «دەرىدىن» دەپ ئېلىنغان. كېيىنكىسى توغرا تېپىلدى.

④ جارۇب — سۇپۇرگە.

⑤ بەھىشتى ئەدن — بىر جەننەتنىڭ نامى.

⑥ قۇددۇس — پاك، تازا، مۇقەددەس.

⑦ قىسمەت — ئۇلۇش، ئۈنچە، تەقسىم قىلىنغان نەرسە، ھەسسە.

⑧ قۇت — ئوزۇق، يېمەكلىك.

⑨ تۇئمە — ئوزۇق، لوقما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنى كورسە قاچادۇر شەيخۇلئىسلام① ئەھرىمەن② ياڭلىغ،
نېچۈن بوينۇمدا زۇلف تارى چىرماشقان تۇمارىم بار.
تېنىم بىر تاغدۇر③ ھەر ياندا يۈز مىڭ سايەئى ئەرئەر،
كوزۈڭدىن ئاھۇيى غەم راھەتىگە سەرۋ زارىم بار.
مەيى لەئلىڭ خەيالى چەشمەسى كوڭلۇم سارى ئاقىپ،
يۈدى پەرھىز④ تۇفراغىنى ھەر نەچچە غۇبارىم بار.
ئەجەل بادى يىقىتتى سەرۋىڭ ئۈنسە باغى مەھشەردە،
تۇرارمەن سايەدېك ئارقاڭدا⑤ دېپ كوپ چەشم زارىم بار.
مەنى گۇمنام بويىنىنى ئىشتىڭ زەنجىرىغە باغلاپ،
ئېرۇر دەۋلەت ئاياغ ئاستىدا سودرەتسەڭ نە ئارىم بار.

## 29 - غەزەل

نىقاب ئاچماقنى بۇ مەھزۇنغە ⑥ بىر ياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز،
مەنى ئورتەپ ئول ئوتقە كۆلنى بەرباد⑦ ئەتمەدىڭ ھەرگىز.

① شەيخۇلئىسلام — ئىسلام دىنى بويىچە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدىكى كىشى.

② ئەھرىمەن — شەيتان.

③ بۇ سوزدە ئەسلى نۇسخە بويىچە شەخس قوشۇمچىسى بولسىمۇ، مەنا ئېتىبارى بىلەن ئارتۇق ھېساپلانغانلىقتىن ئېلىۋېتىلدى.

④ پەرھىز — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ساقلىنىش، پەرھىز.

⑤ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "ئارقاندا" دەپ يېزىلغان. ت. ئېلىيوۋنىڭ "ئارقاڭدا" دەپ تۈزەتكىنى توغرا بولغان.

⑥ مەھزۇن — غەمىلىك، قايغۇلۇق.

⑦ بەرباد — شامالغا سورۇماق.

فەلاخۇن① تاشدىك سەرگەرد ② ئەتىپ ھىجرانغە تاشلارسىن،
مەنى پەرۋانەدىك شەمئىگە موئتاد ③ ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
قويارسىن لەھزە ـ لەھزە يا قاشىن، مۇژگان ئوقىن تەگلەپ،
ئاتىپ بىر يولى مەھزۇن جاندىن ئازاد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
كەسىپ باشىم، ساچىپ قانىم، يۈرەك ـ باغرىم قىلىپ پارە،
قىلىپ مىھمان ئىتىڭ، جانۇ دىلىم شاد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
تەنىم تۇفراغىغە لەئلىڭ مەيىن ساچىپ قىلىپ بالچىق،
مۇغان ④ ئەيشىگە بىر مەيخانە ئاباد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
قىلىپمەن مىڭ دەرە ⑤ جانىم تاغىن ئەشكىم ⑥ مەتىن ئەيلەپ،
مەنى شىرىن لەبىڭدىن يادى فەرھاد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
ياقام يىرتىپ، كوكۇس تىرناپ، ساچىپ ئوت سوزى جانىمدىن⑦،
گەر ئولسەم رەئد ⑧ ياڭلىغ مەنئى فەرياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
يۈرۈرمەن دەشتى ئىشقىڭ ئىچرە توئمەم سەبزەئى ھىجران،
مەنىڭ قەسدىمغە زۇلفۇڭ دامى سەييياد⑨ ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
قۇيۇندىك كەتتى گۇمنام باشىنى تاپماي بۇ ھەسرەتدىن،
ئانىڭدىن ئوزگەگە ھەجرىڭنى جەللاد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.

① فەلاخۇن—كامالەك، تاش ئاتىدىغان قورال، پالاخمان.
② سەرگەرد — بېشى ئايلانغان، پىقىرىغان.
③ موئتاد—ئادەتلەنگەن، ئۆگەنگەن.
④ مۇغان—"مۇغ—مەي ساتقۇچى"سوزىنىڭ كوپلۇگى، مەي ساتقۇچىلار.
⑤ دەرە — جىرا، ساي.
⑥ ئەشك — كوز ياش.
⑦ سوزى جان—جانىنىڭ كويۇشى.
⑧ رەئد — گۇلدۇر، چاقماق ئاۋازى.
⑨ دامى سەييياد — ئوۋچىنىڭ دامى، ئوۋچىنىڭ تۇزىغى.

## 30 - غەزەل

يوق ئېرمش ئىشق ئارا بىر دىلفىكارى ① مەن كەبى ھەرگىز،
يىغىپ كوز غەيرىدىن ھوسنۇڭە زارى مەن كەبى ھەرگىز.
فەلەكدىك يۈز تۈمەن مىڭ كوز بىلە ۋەسلىڭ يولىن ئىستەپ،
سەنى كورمەككە بارمۇ ئىنتىزارى مەن كەبى ھەرگىز.
خەيالىڭ ئافتابىدا يۈرۈرمەن زەررەدىك تىترەپ،
تاپىلماس زەررە كۈن يوق بىقەرارى مەن كەبى ھەرگىز.
ۋىسالىڭ تاپمايىن ئاشىقلىقىم ئول گورگ ② ياكلىغ مەن،
يەمەي يوسۇفنى يوق توھمەت شىئارى مەن كەبى ھەرگىز.
تەگىپ ۋەسلىڭ شەمالى، جان ئالىپ خۆشك ③ ئەتتى جىسمىمنى،
شەجەر④ كورگەنمۇدۇر بادى بەھارى مەن كەبى ھەرگىز.
تەئەججۈپ ئىت ئېروركىم شىرى ئەئزەم① كورسە ۋەھم ئېلتەر،
غەمىڭ مورىغە يوقتۇر بىمەدارى مەن كەبى ھەرگىز.
يۈزۈڭ مىھرى تولۇغ ئەتمەي كېچە - كۈندۈزنى فەرق ئەتمەم،
زەمانە كورگەنى يوق روزگارى مەن كەبى ھەرگىز.
كوزۈم دامىنى قويدۇم مۈرغى ھوسنۇڭ سەيد ئېتەرمەن دېپ،
ئوقابى ھەجرىڭ② ئالدى، يوق شىكارى مەن كەبى ھەرگىز.

---

① دىلفىكارى — دىلى ۋەيران، دىلى ئاغرىغان (بىرلىك ساندا كەلگەن سوز).

② گورگ—بورى.

③ خۆشك—قۇرۇق، قۇرۇغان.

④ شەجەر—دەرەخ.

① شىرى ئەئزەم — زور شىر.

② ئوقابى ھەجر—ھىجر بۈركۈتى.

مەنى گۇمناغە بەرمەي زەكاتى ھوسن قايتاردىڭ،
كورەرمۇ بوخل① ئارا بىر شەھرى يارى ② مەن كەبى ھەرگىز.

## 31 - غەزەل

بىر باقىپ كوز ئۇچىدىن تەنگە كىگۇردى جان قىز،
ئايلانىپ، يۇز ئوگۇرۇپ قىلدى يۇرەكنى قان قىز.
كۇندە مىڭ دەرد ئوقىن ئاتتى ھەزىن ③ جانىمغە،
بىرىگە ئەيلەمەدى لەبلەرىدىن دەرمان قىز.
يۇزىگە پەردە ياپىپ شەمئ ئۇزە فانۇس كەبى،
يۇز تۇمەن زوھد ئېلىنى ئەيلەدى سەرگەردان قىز.
زالىمۇ قاتىلۇ جەببار ④ ئېرۇر بى شەفقەت،
يارۇ ئەغيارنى ئاللدە بىلۇر يەكسان قىز.
ئىشقىدە ئاھىم ئوتى ئۇچقۇندۇر ئاي ئىلە كۇن،
كىم دېگەي بويىنى سەرۋ، كوزىدۇر چولپان قىز.
بۇ فەلەك خانى ⑤ ئۇزە قىلما گۇمان ئەختەر دېپ،
سەدقەئى ھوسنۇڭە تولدۇردى دۇرۇ مەرجان قىز.
سەرۋنى قەددىگە، گۇلنى يۇزىگە، زۇلفۇڭا مۇشك،
ئوخشاتالماس كىشى ئەي نادىرەئى دەۋران ⑥ قىز.
قافۇنۇن كوزۇ لەبىڭ مەد ئەلىف قەد قاشىڭ،

---

① بوخل — بېخىل، پىششىق.

② شەھرى يار — پادىشا، شاھ.

③ ھەزىن — قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، غەمكىن.

④ جەببار — جەبر قىلغۇچى.

⑤ فەلەك خانى — فەلەك داستىرخىنى.

⑥ نادىرەئى دەۋران—دەۋردە ئاز كورۇلىدىغان.



Altun Oq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رايۇ ئەسرار① باشىدىن ئاياغىڭ قىران② قىز.
ئىشق كافىرلارىغە كوز ياشىم ئولدى توفان،
ئىتلارىنىڭ كىم ئىرور ھەمرەھى كۈشتىبان③ قىز.
كويىدۇر جەننەتى رىزۋان، ئىشىكى كەئبەئى ئىشق،
ھورىدېك خىزمەتىدە باغلادى قول چەندان قىز.
ۋەسل گۈلزارى ئارا بۇلبۇل ئىرۇر بۇ گۇمنام،
شەككەرىن خەندە بىلە توتۇئى ھىندۇستان④ قىز.

## 32 - غەزەل

ئىشرەت كۆنى ئەي دىلبەر دەشت ئىردى چەمەن سىنسىز،
باغ ئىچرە قىزىل گۈللەر باغرىمغە تىكەن سىنسىز.
مۇترىب ⑤ ئۈنى خوش كەلمەس ئەيش ئىچرە قۇلاغىمغە،
بەزمىمدە ئىرۇر بۇلبۇل بىر زاغۇ زەغەن سىنسىز.
ھوسنۇڭ نۇرى تاب ئەتسە، جەننەت كورۇنۇر دەۋزەخ،
ۋەسلىڭ يوق ئىسە قىلمام جەننەتنى ۋەتەن سىنسىز.
ۋەسلىڭ بىلە دەشت ئۈززە خارا دۇرۇ گوۋھەردۇر،
مانەندى ⑦ ئۇشاق تاشدۇر ھەر دۇررى ئەدەن ⑥ سىنسىز.
باغرىمغە غەمىڭ تىغى يەتكەچ كوز ئاقىزغان قان،
ياقۇت ئىلە مەرجاندۇر يا لەئلى يەمەن ⑧ سىنسىز.

① رايۇ ئەسرار — ئىقىل ۋە سىرلار.
② قىران — يېتىشكەن، تولغان.
③ كۈشتىبان — پاراخوتچى.
④ توتۇئى ھىندۇستان — ھىندىستان توتىسى.
⑤ مۇترىب — سازەندە، ناخشىچى.
⑥ مانەند — ئوخشاش، گوياكى.
⑦ دۇررى ئەدەن—ئەدەندىن چىقىدىغان گوھەر.
⑧ لەئلى يەمەن — يەمەندىن چىقىدىغان ياقۇت، يەمەن ياقۇتى.

غەم ئوتى كەباب ئەيلەر، ھەجرىڭدە چىقارغان دۇد،
ئىشق ئەھلى مەشامىغە① چۇن مۇشكى خوتەن سىبىنسىز.
ئىشكىڭدە ② گەدالىققە ئالماس دۇ جەھان ③ گۇمانىم،
شەھلىق ماڭا ئول جانا سىز بولماساڭىز مەنسىز.

## 33 - غەزەل

ياندۇرسە يۇزى شەمئىڭ ھەر سىمى بەدەن④ سىبىنسىز،
ئول تۇن چۇ شەبى يەلدا بىر بەيتى ھەزىن⑤ سىبىنسىز.
مەقسۇدۇم ئىبرۇر جانا كولبەمغە قەدەم قويساڭ،
ئولكى بۇ مەسەللىكدۇر بىر گورۇ كەفەن سىبىنسىز.
ئايرىلغالى ۋەسلىڭدىن يوقتۇر ھەۋەسىم ئەي جان،
نەيلەي بۇ تىرىكلىكنى ئەي زۇلفى شىكەن سىبىنسىز.
ئەي روھى تەنۇ جانىم كەلگىل مەنى بىر كورگىل،
بىر نەقشى مۇسەۋۋەردۇر⑥ يا مۇردە بۇ تەن سىبىنسىز.
باغ ئىچرە گۇل ئاچىلسە، مىڭ نالە قىلۇر بۇلبۇل،
بىر نەقشى نەگىن⑦ ئولغاي گويا بۇ دەھەن⑧ سىبىنسىز.

---

① مەشام - بۇرۇن، دىماغ.

② ئەسلى نۇسخىدا بۇ سوز "ئىشىڭدە" دەپ يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن "ئىشكىڭدە" بولغىنى توغرا تېپىلدى.

③ دۇ جەھان—ئىككى ئالەم، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا.

④ سىمى بەدەن — كۈمۈش بەدەن.

⑤ بەيتى ھەزىن — غەم ئويى، غەمخانە.

⑥ نەقشى مۇسەۋۋەر — تەسۋىرىي سۈرەت.

⑦ نەقشى نەگىن — نەقىشلەنگەن ئۈزۈك.

⑧ دەھەن — ئاغىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىقى

گۇلدېك باشىمە جانا ھەجرىڭدە تۇتاشقان ئوت،
پامالى قەدەم① بولغاي بەزىم ئىچرە سەمەن سېنسىز.
بۇتخانەنى بۇ گۇمنام يادىڭ بىلە مەسجىد دېر،
مەسجىددە غەمىڭ يوقتۇر بى شۇبەھ② شەمەن③ سېنسىز.

## 34 - غەزەل

تېگمەسە گۇلغە سەھەر سالقىنى خەندان ئولماس،
ئىشقىدىن يەتمەي ئەسەر گۇڭ④ سۇخەندان⑤ ئولماس.
گۇل يۈزىن كورمەگۇچە گۇلشەن ئىچىدە بۇلبۇل،
پەر قاقىپ، ئايلانىپ ھەريانغە خۇش ئەلھان⑥ ئولماس.
ئىشق ئىشى يۈزنى سارىغ ئەيلەمەك ھەم زارۇ نىزار⑦،
جاننى كويدۈرمەسە ئوتىدا باغىر قان ئولماس.
كوزى ئاتەش، يۈزى مەھۋەش، سوزى دىلكەش نەزەرى —
تۇشمەگۇنچە قارا تاش لەئلى بەدەخشان ئولماس.
ئىككى زۇلفى ئىچىدىن كۈن يۈزى تابان ئولدى،
ۋەسل شەمئ ئەجەپ ھىجران تۈنى تابان ئولماس.
يىغلاپ ئايدىم ئاگا فۇرقەت تۈنى ئەي ئاي يۈزۈڭ ئاچ،
ئول ئايدى مىھر ياغىن بولسە دەرەخشان⑧ ئولماس.

---

① پامالى قەدەم — ئاياق ئاستىدا قالغان، ئېزىلگەن.
② شۇبەھ — "شۇبھە" سوزىنىڭ كوپلۇگى — شۇبھىلەر.
③ شەمەن — بۇت، بۇتپەرەس.
④ گۇڭ — تىلسىز، كېكەچ.
⑤ سۇخەندان — سوز ئۇستىسى، سوز ماھىرى.
⑥ ئەلھان — «لەھەن — ئاھاڭ، مۇقام، كۈي، ئاكسىنت» سوزىنىڭ كوپلۇگى.
⑦ نىزار — بوش، نازۇك، ئورۇق.
⑧ دەرەخشان — پارلاق، نۇرلۇق، پارقىراق.

دېدى ۋەسلىم خۇشى، ھەجرىم ئەلەمىدىن دېمە سوز،
ئاشىق ئۆلدۇر ئەسەرى تەن، خەبەرى جان ئولماس.
ئاڭا ئايدىم نەتەيىن، كويدۇرۇپ ئۆلتۈردى بۇ دەرد،
بۇ نەچۇك دەرد كىم ھەرگىز ئاڭا دەرمان ئولماس.
مۇددەئى① مەردى خۇدادىن ئوزنى بىلسە بەلەند،
قارا تاش ياقۇت ئولۇپ، ئالۇچە مەرجان ئولماس.
جاننى تىرگۈز مەي ئىچىپ سىن مۇھەببەت نوئىمىدىن②،
تەبرەگەي يەل كۇچىدىن خەس ئىچىدە جان ئولماس.
سەنى گۇمنام ئەگەر ھەجر ئوتى مىلك پارە قىلۇر،
غەم يەمە لەئىل تۇمەن پارەدۇر ئەرزان ئولماس.

## 35 - غەزەل

كوزىن گۇلگۇن كورۇپ ھەر كىمگە ئوزنى زار ئەتىپ بولماس،
كوڭۇل زەخمىغە مەرھەم قويماسە ئەفگار③ ئەتىپ بولماس.
ئانىڭ كوڭلىگە بىر دىلداردىن غەم يەتمەگەن بولسە،
ئەگەر بولسە جەھان خۇرشىدى ئول، دىلدار ئەتىپ بولماس.
جەھان باغىدا ھەريان گۇل ئۈنەر فەسلى خەزانى بار،
يۈرەك زەخمى كەبى جەننەتدە ھەم گۇلزار ئەتىپ بولماس.
كوڭۇلدىن دەرد دېسە ھەم دەۋا قىلسە بەغايەت خوب،
تىكەن بولسە گۇلى يوق كىمسەگە بىمار④ ئەتىپ بولماس.
ئەزەل كۈندە ئانىڭكى روھى بىدار ئولماغان بولسە،

---

① مۇددەئى — دەۋاگەر.
② نوئىم — خوشاللىق، خاتىرجەملىك، راھەت-پاراغەت. بۇ مىس-
راغا ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن"سىن" سوزى قوشۇپ قويۇلدى.
③ ئەفگار — يارىلانغان، جاراھەتلىك.
④ بىمار — ئاغرىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەسىھەت ئىلكى بىلە تەبرەتىپ بىدار ئەتىپ بولماس.
كوڭۈل سەھراسىدە ئەۋۋەل ئەزىز خار ئولماغان بولسە،
كوڭۈلدۈر بىر شەھەنشەھ① ئول كوڭۈلنى خار ئەتىپ بولماس.
كىشى مەجنۇن ئېسە ھەر يۈزگە ئاندىن يەتسە تۈرلۈك ئىش،
ئىتىدىن ئۆزگەنى بۇ غەم كۈنىدە يار ئەتىپ بولماس.
مۇسۇلمان ئېمەس نامەردكە سىن كوز ياشلىق توكسەڭ،
غەمىڭنىڭ گەۋھەرىن ئول كىمسەگە ئىسار② ئەتىپ بولماس.
نەچە بى سەبر سىن قىلمە تەكەللۇم ئىشقىدىن ھەرگىز،
كىشىكىم بولھەۋەسدۇر③ مەھز④ ئەسرار ئەتىپ بولماس.
كويۈپ ئوت بولدۇم، ئۇچتۇم ھەم كۈل ئولدۇم داغى دۇد ئولدۇم،
كەتىپدۇرمەن، يەتىپدۇرمەن، دۇد ئىلە دىۋار⑤ ئەتىپ بولماس.
تولا قان يىغلاما گۇمنام، پاتقان كۈن كەبى كوز يۇم،
جەھاننى تۇتقۇسى قان مىھردىك خۇنبار⑥ ئەتىپ بولماس.

## 36 - غەزەل

جەھاندا زار كوپ، كىم تاپتى سەندىك زار مەن ياڭلىغ،
غەمىڭ تىغى بىلە كىم بولدى دىل ئەفگار مەن ياڭلىغ.
يۈزۈڭ بىر كۈرسەتىبان دەۋزەخى فۇرقەتدە كويدۈردۈڭ،
سەنىڭدىن⑦ كوردى كىم ئالەمدە دىل ئازار مەن ياڭلىغ.

① شەھەنشەھ — شاھلارنىڭ شاھى.
② ئىسار — بېرىش، تەقدىم قىلىش، مەرھەمەت قىلىش.
③ بولھەۋەس — ھەۋەسكار، بىھۇدە نەرسىلەرنى ھەۋەس قىلغۇچى.
④ مەھز — ھەرگىز.
⑤ دىۋار — تام.
⑥ خۇنبار — قانلىق ياش توككۈچى، قانتىق يىغلىغۇچى.
⑦ ئەسلى نۇسخىدا بۇ سوز "سەنىڭدەك" شەكلىدە يېزىلغان مەنا ئېتىبارى بىلەن "سەنىڭدىن" بولغىنى توغرا تېپىلدى.


AltunOq

سوزۇڭنى بىر ئەشتتىم، تولدى جىسمىم قەندۇ شەككەرگە،
قەنى بىر تۇتى ئالەم ئىچرە شەككەرخار① مەن ياڭلىغ.
يۈزۈڭدىن ئوت تۇشۇپ بولدى ۋۇجۇدۇم مىھردىن رۇشەن،
جەھاندا قايسى ئاشىقدۇر سەمەندەرۋار② مەن ياڭلىغ.
باشىڭدىن چەرخ ئۇرۇپ مەن رىشتەئى مىھرىڭە چىرماندىم،
فەلەك ھەم بولمادى ئىشقىڭ ئارا پۇركار③ مەن ياڭلىغ.
بولۇر ناگە ھەۋادا بىر بارانى رەئىد بىلە بەرق،
فىغان ئوت دەمبەدەم، كىم بولغۇسى خۇنبار مەن ياڭلىغ.
غەمىڭ زەھرىنى ئىچمەي قالمادىم بىر لەھزە ئەي دىلبەر،
سەنىڭدىك بى تەرەھھۇم تاپتى كىم غەمخار مەن ياڭلىغ.
بۇ دەۋلەت كىمدەدۇر، بولدۇم سەگى كويۇڭ④ بىلە ھەمدەم،
كىم ئولدى بۇ جەھاندا ساھىبى ئەسرار⑤ مەن ياڭلىغ.
جەھان رەسۋالارىن كورسە، قولىن تىشلەپ قىلور ھەسرەت،
تاپىلماس ئىشق رەسۋاسى ئارا سەردار مەن ياڭلىغ.
قەمەر كۇندىن ئالىپ نۇر، گەھ ئۇچەر گاھى يانار ئەمما،
ئىمەسدۇر ئىشق ئوتىدا روزۇ شەب ئەنۋار⑥ مەن ياڭلىغ.
ماڭا يوق تىرەلىك، جەننەت كەبى دايىم ئىرۇر رۇۋشەن،
كى نورى ئەرشدىن كىم بولدى ئاتەشۋار⑦ مەن ياڭلىغ.
قەدىڭ گۇلبۇن، يۈزۈڭ گۇل، قاشلارىڭ سۇۋسەن، كوزۇڭ
بادام،

---

① شەككەر خار — شېكەر يەيدىغان.

② سەمەندەرۋار — ئوت چاشقىنىغا ئوخشاش، ئوت چاشقىنىدەك

③ پۇركار - كوپ ئىشلىق، ئىشى كوپ.

④ سەگى كويۇڭ - كوچاڭنىڭ ئىتى.

⑤ ساھىبى ئەسرار - سىرلارنىڭ ئىگىسى.

⑥ ئەنۋار - بەك نۇرلۇق، ناھايىتى روشەن، ناھايىتى يورۇق.

⑦ ئاتەشۋار - ئوتقا ئوخشاش، ئوتتەك، ئاتەشتەك.

كىشى بىر تۇپ شەجەردە تاپمادى گۇلزار مەن ياڭلىغ.
گۇلى سانچىپ، كوزى ئۇلتۇرسە ئىچكەي لەئلى قانىمنى،
كىشى كورگەنمۇدۇر گۇمنام بىر خۇنخار ① مەن ياڭلىغ.

## 37 - غەزەل

سەنى كورگەچ كىم ئولدى بارچەدىن بىزار مەن ياڭلىغ،
كىم ئولدى خاكى پايىڭغە قويۇپ يۈز خار مەن ياڭلىغ.
سەنى كورمەك تىلەپ كوك مىھرى ② ياڭلىغ يۈمىمادىم مەن كوز،
كېچە ھەم بەردىڭ يوق ئىشق ئارا بىدار مەن ياڭلىغ.
تەنىمدىن تىغى ئىشقىڭدىن ئەدەدسىز قان رەۋان بولدى،
فەلەك باغرى گۇمان ئېتكىم ئېرۇر خۇنبارمەن ياڭلىغ.
جەمالىڭ ئارزۇ ئەيلەپ، قارا زۇلفۇڭغا بەند ئولدۇم،
كىم ئولدى ئىشق ئېلىدە لايىقى دىدار مەن ياڭلىغ.
نەچە كەزگىل سۇرەييا ③ نى، سەرانى ④ تارت مىڭ مىھنەت،
تاپالماسسىن، ئىلىك يىغ بارچەدىن يەكبار ⑤ مەن ياڭلىغ.
ئۇرار كافىر كوزۇڭ زۇلفۇڭغە باغلاپ كۆندە مىڭ خەنجەر،
قاچان ئىشق ئافەتىدىن كوردى مەنسۇر ⑥ دار مەن ياڭلىغ.
بەرىپ ئەيشۇ فەراغەت، ئالدى جانىم مىھنەتى دەردىڭ،
جەھاندا سۇد ئەھلى ⑦ تاپمادى بازار مەن ياڭلىغ.

---

① خۇنخار — قان ئىچكۈچ، قانخور.
② كوك مىھرى — قۇياش، كۈن.
③ سۇرەييا — ئۈركەر يۇلتۇزى.
④ سەرا — يەر.
⑤ يەكبار — بىر يولى. بىراقلا.
⑥ مەنسۇر — مەشھۇر مۇتەسەۋۋىف.
⑦ سۇد ئەھلى — سودىگەر، سودا بىلەن شوغۇللانغۇچى.

سەنىڭ قەھرىڭ ماڭا ئىشرەت، سەنىڭ زەھرىڭ ماڭا لەززەت،
كىم ئۇلدى دەرەمەندلەر ئىچرە بى ئازار مەن ياڭلىغ.
ئەگەر ئىشق ئافەتىن كورمەي دىيسەڭ ئەھلى ۋەرەئ ① بىلكىم،
تىلىڭغە ئىشق ئاتىن كەلتۈرمەگىل زىنھار مەن ياڭلىغ.
كورەي مەن ئىشقىنىڭ ھەم مىھنەتىن ھەم دەۋلەتىن يالغۇز،
بۇ ئىشقە بولماسۇن ئىشق ئەھلى مىننەتدار مەن ياڭلىغ.
زەبانە ئۇردى ئىشق ئوتى، ئانىڭ ھەر زەخمىدىن كۆمنام،
كىشى كورگەنمۇ ئىركىن مىھرى پۇر ئەنۋار مەن ياڭلىغ.

## 38 - غەزەل

ئول گۈل جامالى پەرتەۋىدىن ② رووشەن ئولدى باغ،
جان بولبۇلىغە باغىم ئارا تۈشتى سوزۇ داغ.
گۈل ئىستەپ ئىردىم ھاسىلىم ئولدى مىڭ تىكەن،
مەرھەمىنىڭ ئورنىغە ئۇرار ئىرمىش تەلەب پىچاغ.
ئىشق ئوتى شوئلەسى بۇ كوڭۇل ئىچرە شەمئ ئىمەس،
كوز ئاقى ئىچرە خالى ئانىڭ ئەكس ئىمەس قاراغ.
تا باقتى كوزلەرى ماڭا، كىرپىكلەر ئولدى ئوق،
ھەر زەخمىدىن بەدەن ئىچىدە ياندى بىر چىراغ.
گۈل قەسدىڭ ئىرسە، ئىستەمە راھەت، تىكەنگە باس،
ۋەسل ئىشتىياقىڭ ئولسە، ئىشىت فۇرقەت، ئىت سوراغ.
ئىشق ئەھلىنىڭ كى دەردۇ ئەلەمدۇر فەراغەتى،
ئىشق ئاتى تۇتماسۇن كىشى، گەر ئىستەسە فەراغ③.
بۇ تۇرفەكىم قويار قەدەمىن كىم بۇ كوي ئارا،

① ئەھلى ۋەرەئ — تەقۋا كىشىلەر.

② پەرتەۋ — نۇر، شولا، يورۇقلۇق.

③ فەراغ — پاراغەت، تىنچلىق، خاتىرجەملىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

سورماي باشقە ھەر تەرەفدىن ئۇرار چوماغ.
ئول ئېردى ئىشق قابىلى نەچۈك بولۇر خەلاس،
سەييياد كوزلەرى ئېسە، زۇلفىدىن ئولسە باغ.
ھەر نەچە قۇلاسا① تىلەسۇن يار ۋەسلىنى،
غەيرى يۈزىگە سالماسۇ كوز، باسماسۇن ئاياغ.
ھەرگىز ئايىلماس ئېرمىش ئەزەلدىن ئەبەدغەچە،
ھەر كىمگە خوبلار شەھىدىن يەتسە بىر ئاياغ②.
گۇمنام ئاندىن ئۇزگەنى كوزىگە ئىلمادى،
نەقدى قولىغە ئالغالى ئاشۇفتەدۇر③ دىماغ.

## 39 ـ غەزەل

كويگەنىمنى بىلمەسەڭ، ئاھىم بىلە زارىمغە باق،
كەھرەبا④ دىن يۈز مىڭ ئارتۇق زەردى رۇخسارىمغە باق.
ئىشق تىغىدىن يۈرەك باغرىم ياراسىن بىلمەسەڭ،
كىم بۇلاقدېك قايناپ ئاقغان چەشمى خۇنبارىمغە باق،
ئىشق جامىن ئىچكەلى شامۇ سەھەر بىھۇش مەن،
ۋاژگون⑤ جامىم بىلە ئاشۇفتە دەستارىمغە باق.
سەجدەگاھىم تۈنۇ كۈن ئول دىلرەبانىڭ ئىشكىدۇر،
ئول سەنەمنىڭ زۇلفىدىن بويىنۇمدا زۇننارىمغە⑥ باق.

---

① قۇلاسا ـــ قوغلىسا.

② ئاياغ ـــ ئاياغ، قاچا، كاسە.

③ ئاشۇفتە ـــ پەرىشان، چۇۋۇلغان.

④ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «كەھر» يېزىلغان. ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن «كەھرەبا» قىلىپ ئېلىندى.

⑤ ۋاژگۇن ـــ دۈم، دۈم بولغان.

⑥ زۇننار ـــ ئىسلام دولەتلىرىدىكى خرىستىيانلارنىڭ بەلگە تاقاپ يۈرىدىغان بىر خىل بەلۋېغى.

دىمەڭلەر نىدىن جىسمىڭ ئىرۇر داغ ئۇزرە داغ①،
باققۇچە داغىمغە كىم قەتتالى خۇنخارىمغە② باق.
تىشلەپ ئىلكىڭنى تەماشا قىلغۇچە رەسۋالىغىم،
زىنەتى ھۇرى پەرى③ ئول ھوسنى گۇلزارىمغە باق.
زاھىرىمدا④ باتىنىمدا⑤ يوق غەمىڭسىز تارى موي،
غەيرى زىكرىڭ بارمۇ تىلدا يار گۇفتارىمغە⑥ باق.
...دۇرۇر فانۇس ئىچىدە شەمئ كويسە تاشىدا،
رەنگى زەردىم⑦ بارچە ئەئزا جىسمى گۇلنارىمغە⑧ باق.
قاشى يا، مۇژگان ئوقلار ئافەتىنىڭ خەۋفىغە،
كوزى، قاشى شەكلىدىن بوينۇمدا تۇمارىمغە باق.
گەرچە بارمەن، ئىل ئارا گۇمنامىلىقدۇر ۋەرزىشىم⑨،
باقماغىل گۇلدېك يۈزۈمگە، جىسىم ئارا خارىمغە باق.

---

① بۇ مىسرادا ۋەزن ئېتىبارى بىلەن ئىككى بوغۇم كەملىك قىلىدۇ.

② قەتتالى خۇنخار — قان توكۇشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن قاتىل، قان تۆكۈشنى ئادەت قىلغان قاتىل.

③ زىنەتى ھۇرى پەرى — ھور- پەرىلەرنىڭ زىنىتى. بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "زىنەتۇل ھۇرى پەرى" شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، مەنا ئېتىبارى بىلەن "زىنەتى ھۇرى پەرى" بولغىنى توغرا تېپىلدى.

④ زاھىر — ئوچۇق - ئاشكارە، كورۇنۇپ تۇرغان.

⑤ باتىن — ئىچ، ئىچكى.

⑥ گۇفتار — سوز سوزلەش، گەپ قىلىش.

⑦ رەنگى زەردىم — سېرىق رەڭگىم.

⑧ گۇلنار — ئانار گۇلى.

⑨ ۋەرزىش — ئادەت.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 40 - غەزەل

ماگا مەي نەشا ئىسدۇر① زەۋق ئىلە خەندان ئولماق،
غۇنچە لەردىك گىرىھ② ھەم ھەر بىرى چەندان ئولماق.
..........................................................
توتىدېك③ ئايىنە كورگەندە سۆخەندان ئولماق.
ئاگا... وت نەزەرى تىغىن ئۇرۇپ جان ئالماق،
ماگا خوي كەلمەك ئاگا ئوترۇۋۇ بىجان ئولماق.
زوھد ئىشى زىكر ئىلە تەسبىھ، كوزىدۇر ئۇيقۇغە مەست،
ئىشق ئىشى خەندە زەبان، ئىككى كوزى قان ئولماق.
ۋەسل ئىشى نالەۋۇ ئاھ دۇدىنى ئول يۈزگە ياپىپ،
ئەبردېك يىغلاپۇ كۈن يۈزىگە قالقان ئولماق.
ئىشق ئارا راھەتىدۇر دەرد - ئەلەم ئۈستىگە دەرد،
ئارىماس ئاغرىق ئىرۇر دەردىغە دەرمان ئولماق.
ساگا گۇمنام گەداسىغە گەدالىق ياراشۇر،
خارلىقدۇر نەچە شاھلىق ئۇزە سۇلتان ئولماق.

## 41 - غەزەل

جەمالىڭ شەمئى ئىمەس، پەرۋانەگە نىچۈن نىقاب ئەتتىڭ،
نېدىن مەن زەررە ئىرمەن ئارەزىڭنى ئافتاب ئەتتىڭ.

① نەشا — سەرخۇشلۇق، مەسلىك، مەسلىكتىن كەيپى چاغ بولۇش.
② گىرىھ — تۈگۈن، چىگىك.
③ "تۇتى" سوزى ئەسلى نۇسخىدا يوق. مەنا ئىتىبارى بىلەن قوشۇپ قويۇلدى.

دېدىلىك ۋەيرانە خوبدۇر گەنجى زاتىم ئاسراماقىمغە،
بۇ ئېرەمسىمۇ ئىدى مۇلكى ۋۇجۇدۇمنى خەراب ئەتتىڭ.
ئېرۇر بۇ شەرت ۋەسلىڭ بەزمىدە بەرسەڭ مەيى ئىشرەت،
كى ئەۋۋەل دەۋزەخى ھىجران ئىلە ھەدسىز ئازاب ئەتتىڭ.
مەنى ئۆلتۈردۈكۈ ئىشقىڭ ئوتىدا نەچچە كۆيدۈردۈڭ،
فەنا بارانىغە① خاكىستەرى جىسمىم② سەھاب③ ئەتتىڭ.
ئەجەب جەللاد ئىكەنسېن، تاپمادىڭ مەندېك ئەسىرى ئىشق،
كەباب ئەتتىڭ يۈرەك بىلە جىگەر قانىم شەراب ئەتتىڭ.
سەنى مەئشۇقلاردىن سۈيمەكىم تاڭلاپ گۇناھ ئېركەن،
نېدۈر ئۇششاقلار④ سىلكىدىن⑤ ئايرىپ رەددى باب⑥ ئەتتىڭ.
كىشىگە زۇلم مۇندىن قايدا ئاشقاي ئەي مۇسۇلمانلار،
مەنى مەھرۇم، نامەھرەمنى كوزلەپ كامياب⑦ ئەتتىڭ.
مەنى دىۋانەگە ھاجەت ئېمەس زەنجىرى ئاھەن⑧ دىن،
خەيالىڭ رىشتەسىن جان بوينىغە مەھكەم تەناب ئەتتىڭ.
نېدىن سادىق ئېمەس گۇمنام ئىشقىڭ بىلە ئۆلمەككە،
ئانى ئۆلتۈرگەلى مەيداندا بىھەد ئىزتىراب⑨ ئەتتىڭ.

① فەنا بارانى — يوق بولۇش يامغۇرى.
② خاكىستەرى جىسمىم — جىسمىمنىڭ كۈلى.
③ سەھاب — بۇلۇت.
④ ئۇششاق — ئاشىقلار.
⑤ سىلك — قاتار، تىزىم، سەپ.
⑥ رەددى باب — ئىشىكتىن قايتۇرۇش، ئىشىكتىن كىرگۈزمەسلىك.
⑦ كامياب — مەقسەتكە ئېرىشىش.
⑧ ئاھەن — تۆمۈر.
⑨ ئىزتىراب — تاقەتسىزلىك، تىنىچسىزلىق، تەشۋىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 42 - غەزەل

ئەيشى تەرەبدە① ئەي پەرى سىن كەبى دىلرەبا كەرەك،
دەردۇ غەمىگدە ئۇلگەلى مەن كەبى مۇبتەلا كەرەك.
غەيرىگە ئەيلەسەم نەزەر، ئۇلتۇرەيىن ئاتىپ دىسەڭ،
قاشۇ كوزۇڭ بۇ نەۋئى ئىرۇر، بولمادى ئوق، يا كەرەك.
گەرمەيى لەئلى ناب② ئىچىپ گۇلگۇل ئاچىلسە ئارەزىڭ،
مەن كەبى بىر نەززارەگە③ بۇلبۇلى خۇشنەۋا كەرەك.
گەر بۇتى چىن سەنىڭ بىلە دەۋايى ھوسن قىلسا كىم،
گۇل كەبى يۈز مەلاھەتى④، ئىككى كوزى قارا كەرەك.
ئەي سەنەما بۇ زاتىڭىز زىنەتى قىلساڭىز تەلەب،
قۇيرۇغى ساچىغە ئانىڭ كوز قانىدىن ھىنا⑤ كەرەك.
ۋەسلىڭ ئۇمىدىن ئەي سەنەم كەلتۇرەدۇر خەيالىڭىز،
چۇن گۇل ئىسىن يەتۇرگەلى بۇلبۇل ئۇچۇن سەبا كەرەك.
دەردۇ غەمىڭ ئازابىدىن ئاھ ئوتى باشىم ئۇزرەدۇر،
خوب ياراشۇر يولۇڭدا مەن قالماق ئىسەم جەلا⑥ كەرەك.
تىرە كوڭۇلگە ھەر زامان سالسە يۇزۇڭ خەيالى نۇر،
قىلمادى بو كوڭۇل ئويى كۇن يۇزىدىن زىيا كەرەك.
گۇمنام ئەگەر قارارىدى كوز، خىزر ئىبتەكىنى ئىستەمە،
كىم ئىتى باسقان ئىزىدىن كوزۇڭە توتىيا كەرەك.

① ئەيشى تەرەب — شاد تۇرمۇش، كوڭۇللۇك تۇرمۇش.
② مەيى لەئلى ناب — قىزىل رەڭلىك، تىنىق مەي؛ قىزىل رەڭلىك ساپ مەي.
③ نەززارە — نەزەر سېلىشقا ئادەتلەنگەن. نەزەر سېلىپلا يۇرىدىغان.
④ مەلاھەت — گوزەللىك، يېقىملىقلىق، چىرايىنىڭ يېقىملىقلىغى.
⑤ ھىنا — خېنە.
⑥ جەلا — ۋەتەنىدىن كېچىش، ۋەتەنىدىن ئايرىلىش، ھىجرەت قىلىش.

## 43 - غەزەل

زۇلفىنى ھەر تەرەف سالىپ چىقسە ئانى بەلا كورۇڭ،
جۇملە جەھان پەرىلەرىن زۇلفىغە مۇبتەلا كورۇڭ.
تۇرسە كەرەشمەلەر قىلىپ، ناز ئىلە باقسا ئايلانىپ،
بولسە چۇ غۇنچە ئاچىلىپ پىستەئى دىلرەبا① كورۇڭ.
ھۇرى بەھىشت زاھىدا ئېرمەس ئانىڭ بەرابەرى،
ھۇسنى مەلاھەتىن ئانىڭ كوز ئاچىبان رەسا كورۇڭ.
مىھر ئىلە ماھ يارنىڭ باسقان ئىزىغە يۇز سۇرەر،
خۇسرۇۋى كەيقۇبادنى② دەرگەھىدە گەدا كورۇڭ.
زەركەبى ساف ئولاي دېسەڭ باقىل ئانىڭ نىگاھىنى،
باشدىن ئاياغى سارغارىپ ئىشكىدە كىمىيا كورۇڭ.
چىقسە باشىغە تاج تاقىپ، كويدۇرۇر ئېلنى ئوت ياقىپ،
ھەر سارىغە قاراپ باقىپ بەرقى شەرەر نەما③ كورۇڭ.
ئىشق ئەسىرلەرىن يىغىپ ئولتۇرۇشى نىشانىدۇر،
تازە نىھالى ئوشىندە لالە كەبى قەبا④ كورۇڭ.
كوڭلۇم ئوقى يارا سىدىن لالەلەر ئاچتى چۇن چەمەن،
غەمكىن ئېسەڭ قىلۇرغە بۇ كوكسۇم ئاچىپ يارا كورۇڭ.
گۇمنام ئىتىنى ئىتلارى تىشلەشىبان تالاشەدۇر،
يار ئىشكىدە ئىشق ئېلى ھەر كۇنى ماجرا كورۇڭ.

---

① پىستەئى دىلرەبا — دىلنى تارتقۇچى — مەھبۇبىنىڭ پىستىسى (ئاغىزغا تەمسىل قىلىنغان).
② خۇسرۇۋى كەيقۇباد — ئىران شاھلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى.
③ بەرقى شەرەر نەما — چاقماق چاقتۇرۇپ، ئوچقۇنلار كورسەتكۈچى.
④ قەبا — تون، ئۇزۇن ئۇست كىيىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 44 - غەزەل

دىلبەرا، ۋسنۇڭ شىكارى نەقشى تابىدۇر① فەلەك،
ئەيشى خىلۋەت② ئىچرە ھەمتارىڭ③ ئىمەس ئىردى مەلەك.
مۇڭە ئۇزمەك ئەي پەرى قەددىڭدىن ئەتتىم ئىلتىماس،
يەتمەس ئىلكىم لۇتف ئىتىپ ئەي توبى قەد④ شاخىڭنى ئىك⑤.
بەزم ئارا گۇلشەن يۈزۈڭە ئەيب ئىمەس قىلسام نەزەر،
باغ ئارا كىرسە بەرابەردۇر فەقىرۇ شاھۇ بىك⑥.
مىھر دىك قىلساڭ تولۇئ گەرم ئىت مەيى تابىڭ بىلە،
مۇڭە پىشسە، يەرگە تۈشسە، توئمە ئەيلەر مىشۇ سەك⑦.
ھىچ ئۈزۈيم⑧ خالى ئىرمەس غۇنچە لەئلىڭ فىكرىدىن،

① نەقشى تاب — بۇ يەردە ئاپتاپ مەنىسىدە.
② ئەيشى خىلۋەت — خالى جايدىكى خوشال تۇرمۇش.
③ ھەمتا — تەڭداش، باراۋەر، ئوخشاش. (شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا «ر» ئارتتۇرۇلغان)
④ توبى قەد — قەددى توبى دەرىخىگە ئوخشاش.
⑤، ⑥ بۇ دەۋردىكى يېزىقتا تۈركى تىللارغا خاس سۆزلەردىكى "ك" بىلەن "گ"نى ئايرىش ئادىتى بولمىغانلىقتىن، بۇ سۆزلەر "ك" بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە قاپىيەداش قىلىپ قوللىنىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ تاۋۇش شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىدا "گ" ئوقۇلاتتى. بۇ يەردە قاپىيەدىكى ئىككى خىللىقتىن ساقلىنىش مەقسىدىدە "ك" بىلەن ئېلىندى.
⑥ مىشۇ سەك — قوي ۋە ئىشت (بۇ يەردىكى "سەگ—ئىت" سۆزىمۇ يۇقۇردا ئېيتىلغان سەۋەپ ئارقىسىدا "ك" بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە قاپىيەداش قىلىپ ئېلىنغان).
⑦ ئۈزۈ — "ئەزا" سۆزىنىڭ كوپلۇكى — ئەزالار.



AltunOq

سۇ شەجەر گەھتىگە يەتسە، سىر② بولغاي شاخۇ رەڭ①.
يادكارى ئىلتىماس ئېتتىم سەبادىن يارغە،
يولغە ئېردىم③ مۇنتەزىر مۇژگان ئۇقى كەلدى بولەك.
ناگەھان تۇشتى قولۇمغە، ئۇچتى بەختىمدۇر مەنىڭ،
ئىندەسەم ئىلكىمگە قونماس باغرى قاتتىق تاش تۇلەك.
گەر مۇيەسسەر بولماسا ۋەسلى، تەلەپ ئوتىدا كوي،
ئىشق تىللاسىنى ئالماق ئېرسە، مېھنەتدۇر مەھەك.
كىم ياقاغە قۇرب④ ئەگەر تاپمام سەفاقىغە ئانىڭ،
خەفچەئى گۇلدېك⑤ ئاياغى سەيرىغە⑥ بولسام ئېتەك.
بەرگى گۇل ياڭلىغ كەفى پايىغە⑦ نەئلەين⑧ ئولماسام،
ئىززەتىم ئولدۇر ئاياغى ئاستىدا بولسام فەتەك.
ئول ئېتەك تۇتماق ھەدى ئېرمەس ئىدى گۇمنامىنىڭ،
ئىشق زورىدىن يىراقدىن بولسە ھەم سۇندى بىلەك.

---

① سىر — تويۇنۇش.

② رەڭ — تومۇر، قان تومۇر (ئەسلى — رەگ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سەۋەپ ئارقىسىدا "ك" بىلەن ئاياقلاشقان سوزلەرگە قاپىيداش قىلىپ ئېلىنغان).

③ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا يوق. مەنا ئېتىبارى بىلەن ت. ئېلىيوۋ تەرىپىدىن قوشۇلغىنى توغرا تېپىلدى.

④ قۇرب — يېقىن، يېقىنلىق.

⑤ خەفچەئى گۇل — غۇنچە ئاستىدىكى تۇگۈن.

⑥ سەير — ئايلانما، ئەتراپى، ئايلىنىش. ئەسلى نۇسخىدا "ھەيرىغە" يېزىلغان.

⑦ كەفى پاي — كېپىش، كەشە، ئاياق كىيىم.

⑧ نەئلەين — بىر جۇپ نال، بىر جۇپ تاقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 45 - غەزەل

قۇفلى دىل① فەتھىغە② ئەبرۇ دىلكۇشايىڭدۇر سەنىڭ،
ئۆلمەكىم قەسدىدە چەشمى غەمزەدايىڭدۇر③ سەنىڭ.
جان ئارا ئىشقىڭ گۇلىنى تازە-تازە ئەيلەگەن،
كىم مەسىھا مىسل زۇلفى ئەتر سايەڭدۇر سەنىڭ.
دەۋزەخى ھىجران ئازابىدىن خەلاسىم ئىستەسەم،
جەننەتىم خۇرشىدى ھوسنى خۇش نەمايىڭدۇر سەنىڭ.
سوزى ئىشق④ جانىمە سۇر، ساچقالى راھەت ئۈچۈن،
جويبارى لۇتف⑤، لەفزى خۇش ئەدايىڭدۇر⑥ سەنىڭ.
مەيل قىلماس جانۇ كوڭلۇم قەندۇ شەككەر لەززەتىن،
جانغە فىكرىڭ، تىلغە زىكرىڭ ھەم سەنايىڭدۇر⑦ سەنىڭ.
نۇكتە دانلىق⑧، ساق دىللىق لافىن ئۇرسە ھەركىشى،
كىم بو دەۋلەتكە يەتۈرگەن خاكپايىڭدۇر سەنىڭ.
لەھزە ۋەسلۇ لەھزە ھەجرىڭ رەنجىنى گۇمناغە-
تاشلادىڭ، بىچارەدۇر، ئول ھەم ئىنايەڭدۇر⑨ سەنىڭ.

---

① قۇفلى دىل — دىلنىڭ قۇلۇپى.
② فەتھ — ئېچىش.
③ غەمزەدا — غەمنى باسقۇچى، غەمنى قايتۇرغۇچى، قايغۇنى كەتكۈزگۈچى.
④ سوزى ئىشق — ئىشقنىڭ كويدۇرۇشى.
⑤ جويبارى لۇتف — لەتاپەت يېغىپ تۇرىدىغان.
⑥ ئەدا — ئۆتەش، بەجىرىش، ئادا قىلىش.
⑦ سەنا — ماقتاش.
⑧ نۇكتە دانلىق — سۆزنىڭ ئىنچىكە مەنىلىرىنى چۈشەنگۈچى.
⑨ ئىنايە — ئىنايەت، مېھرىبانلىق، مەرھەمەت، ئىلتىپات.

## 46 - غەزەل

بەلاۋۇ مىھنەتى كوپ ئەسلى پادىشالىغىنىڭ،
بەسى فەراغەتى بار دوستلار گەدالىغىنىڭ.
ھەقىقەتىن كىشىنىڭ بىلمەي ئاشنا بولمە،
كى ئاقىبەت زەرەرى بار ئول ئاشنالىغىنىڭ.
ئەتاۋۇ فەزلىڭ ئەگەر ئىلگە بولماسا يارەب،
يوق ئاندا فايدەسى زوھدى پارسالىغىنىڭ①.
نە بولدى قىلساڭ ئىدى تەركى بىۋەفالىغنى،
يامانىدۇر ئاخىرى ئەي شوخ بىۋەفالىغىنىڭ.
فىغانكى ئىشق مەنى ئەتتى خارۇ زار ئاخىر،
ئەسىرى شىفتەسى② قىلدى بىر بەلالىغىنىڭ.
تەۋەھھۇم ئەيلەگىل③ ھەقدىنۇ خۇدپەسەند④ ئولما،
كى قەھرى زەللەت⑤ ئىرۇر تۇخمى خۇد نەمالىغىنىڭ⑥.
شىكەستە دىل تاپىبان بەندە بول ئاگا گۇمنام،
نەزاكەتى كوپ ئىرۇر دىلغە مۆھتەلالىغىنىڭ.

---

① زوھدى پارسا — يامان ئىشلاردىن ساقلىنىپ تائەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇش.

② ئەسىرى شىفتە — گىرىپتار بولغان ئەسىر، مەفتۇن بولغان

③ تەۋەھھۇم ئەيمە — قورقمىن.

④ خۇد پەسەند — تەكەببۇر، مەنمەن.

⑤ قەھرى زەللەت — خارلىق ئەندىشىسى خارلىق ۋەھىمىسى

⑥ خۇد نەما — ماختانچاق، شوھرەتپەرەس، ئۆزىنى كورسىتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 47 - غەزەل

جەننەت گۈلى غەمسىن كەسەر ئەي گۈل تەبەسسۇمۇڭ،
ھەيۋان سۈيىغە① جان بەرۇر ئابى تەكەللۇمۇڭ.
خورشىد زىبىغە ياراماس ئەنجۇمۇ ھىلال②،
ھۆسنۈڭغە زىب ئىككى ھىلال، ئىككى ئەنجۇمۇڭ.
جەننەتدە ئەيش ئەھلىگە كەۋسەر شارابى بەس،
ھەق فەيزى ئىشرەتىڭگە دەمادەم تەنەئئۇمۇڭ③.
بەزمىڭگە لايىق ئولمادى چەڭگۇ رەبابى ساز،
ئىشق ئەھلى جانى رىشتەسى زەخمى تەرەننۇمۇڭ④.
كۆن تۇرسا دايىم، ئولماسا پىنھان، ماڭا قاراپ،
كوز ئىرەلىككە قالغۇسى يەتمەي تەقەددۇمۇڭ⑤.
ئېل بەختى ئاقلىغى نەتەيىن يەتتى ۋەسلىڭە،
بەختىم قارالىغى ماڭا قاتىش تەھەككۈمۇڭ⑥.
گۇمنام بولدى ھەجرىڭگە قەتلىڭ ئارا تالاش،
مۇنچە قاتارمۇ باغرىڭگە كەلمەس تەرەھھۇمۇڭ.

---

① ھەيۋان سۈيى — تىرىكلىك سۈيى، ھاياتلىق سۈيى.
② بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «ئەنجۇمى ھىلال — يېڭى ئاينىڭ يۇلتۇزلىرى» دەپ يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن «ئەنجۇمۇ ھىلال — يۇلتۇزلار ۋە يېڭى ئاي» بولغىنى توغرا تېپىلدى.
③ تەنەئئۇم — راھەت ياشاش، نازۇ-نېمەت ئىچىدە ياشاش.
④ زەخمى تەرەننۇم — «چالغۇ ئەسۋابىنىڭ تارى» مەنىسىدە.
⑤ تەقەددۇم — ئىلگىرىلەش، كېلىش.
⑥ تەھەككۈم — ھوكۇم سۈرۈش، ھوكمىرانلىق.

## 48 - غەزەل

سىتەمگەرا مەنى نېچۈن بۇ رەڭ① خەراب ئەتتىڭ،
ۋىسال ئۇتىنى ياقماي دىلىم كەباب ئەتتىڭ.
رەقىبغە يۈز ئاچىپ ئاي ئەبر ئارا ياشۇنغاندېك،
قاچان دۇچار كەلۈرمەن ماڭا نىقاب ئەتتىڭ.
فىراق بەزمىدە زەھرى غەمىڭ نەسىبەمدۇر،
ۋىسال ئارا يەنەغە بەزمى لەئلى ناب ئەتتىڭ،
ساچىڭ شەممى② دىماغىمنى تازە ئەيلەمەدى،
ئۇياتمادىڭ، نە يۈزۈڭ، خۇي ئىلە گۇلاب③ ئەتتىڭ.
يەتىشمەدى، بۇ يۈزۈم خاكى ئاستانىڭغە،
كى غەير ئىلە تۈن كۈن ئۇيدە خۇردۇخاب④ ئەتتىڭ.
ئاقارمادى شەبۇ روزۇڭ قاراسى ھەرگىز كىم،
كى ماھى تازە يۈزۈڭ نەچە ئافتاب ئەتتىڭ.
قوبۇل بولمادى گۇمنام ئىتلارىڭغە ھەم،
يۈرەك قانىن نەچە بەزم ئارا شەراب ئەتتىڭ.

## 49 - غەزەل

كېل ئەي دىلخەستەلەرنىڭ دىلىستانى⑤ يار سېن بولغىل،
مەنىڭ تەنھالىغىمدە مۇنىسۇ غەمخار سېن بولغىل.

---

① بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا "زەڭ" شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ يەردە "زەڭ — «چاڭ-توزان، قوڭغىراق" سوزى ئورۇنسىز. شۇڭا "رەڭ" دەپ ئېلىندى.

② شەمم — خۇشپۇراق، خۇشبۇي.

③ گۇلاب — گۈل سۈيى، گۇلدىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك.

④ خۇردۇخاب — يەپ، ئىچىش ۋە ئۇخلاش.

⑤ دىلىستان — دىلنى ئالغۇچى، كوڭۇلنى ئەسىر قىلغۇچى.



Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەچە كۈن رووشەن ئۇلدى روزگارىم تىرەدۇر سىنىسىز،
قۇياشدىك چىھرەڭ ئاچ، كېل مىھرى پۇر ئەنۋار سىن بولغىل.
جەماللىڭ شەمئىگە پەرۋانەدىك جانىمنى مەن ئۇرتەي،
شەبىستانى غەم ئىچرە شەمئى بىئەغيار سىن بولغىل.
مەنى بۇلبۇلغا گۇل ئۇتدۇر، مەنى بىدىلغە سەرۋ ئۇقدۇر،
نەزەر باغىدا سەرۋى جانفەزا① گۇلزار سىن بولغىل.
كىمە دەي ھالى دەردىمنى كوروۇپ سىن روىي زەردىمنى،
مەنى كوڭلۇمنى ئاسرار ساھىبى ئەسرار سىن بولغىل.
قۇياش يىتسۇن جەھاندىن، مەشئەلى مەھتاب ھەم ئۇچسۇن،
كوزۇم رووشەنلىغىغە مىھرۇ مەھ رۇخسار سىن بولغىل.
كى ئەي گۇمنام ئۇل ئاي سەرۋى قەددە گۇل يۇزىن ئاچسە،
تەھىدە سەبزە بول ياخۇد تەنىدە خار سىن بولغىل.

## 50 - غەزەل

بىر باغدا ئاچىلغان يوق دەھر② ئىچرە سەنىڭدىك گۇل،
ھەم غۇنچە ئىرور لەئلىڭ ھەم ھوققە③ ئىچىدە مۇل④.
بىر سەرۋ ئىرۇر بويۇڭ، سەرۋ ئۇزرە گۇل روىۇڭ،
لەئلىڭنى خەيال ئەتتىم گۇل شاخىداقى بۇلبۇل.
ئەختەرمۇ فەلەك ئۇزرە، گوھەرمۇ تەبەق ئۇزرە،
سەرگەشتە فەلەك خانى⑤ سەدقىڭغە يىغىپدۇر پۇل.

① جانفەزا — جاننى قۇۋۋەتلەندۇرگۇچى، جانغا راھەت بەرگۈچى، جاننى شاتلاندۇرغۇچى.
② دەھر — دۇنيا، ئالەم، دەۋر.
③ ھوققە — قۇتۇچە، قىممەت باھا نەرسىلەر ساقلىنىدىغان ساندۇق.
④ مۇل — مەي، شاراپ.
⑤ فەلەك خانى — فەلەكنىڭ دەستۇرخىنى.

شەمئ ئۇچىدە يۈزۈڭ ئوت، ئوت ئۈزرە ساچىڭدۇر دۇد،
بوي ئالدى جەھاننى پاك ئوت ئۈزرە ساچىپ سۈنبۈل①.
كۆڭلۈم ئىت ئېرۇر ئانداغ كەتمەس ئىشىكىڭدىن كىم،
زەنجىرى مۇھەببەتدىن بوينىغە سالىپسېن غۇل②.
مەن قەترەۋۇ سېن دەريا زاتىڭدا فەنا بولسام،
نې ئەيىب مەنىڭ جۇزۋۇم③ كورگەندە دېسە ئېل گول.
كوك خاكى رەھىڭ بولسۇن، ئاي، كۈن سىپەھىڭ بولسۇن،
ھەق شاھۇ گەدالارنى چېھرەڭگە قىلىپدۇر قۇل.
سەدبەرگى خەزان رەڭگى، گۈل جىسمىدا قان رەڭگى،
ئاي، كۈندە سەمان④ رەڭگى ئىشقىڭ سىتەمى ئەي گۈل.
تەگرەڭدە ھەسار ئولسۇن بۇ گۇمنام سەنى ئاسراپ،
بەدخاھى رەقىبلەرنى كورسە ئوقۇبان تورت قۇل⑤.

## 51 - غەزەل

ئىستەسەڭ ئىشق ئەھلىنى دەردۇ بەلادا ئىستەگىل،
زوھد ئېلىن مەسجىددە ۋۇ تەسبىھ رىيادا⑥ ئىستەگىل.

---

① سۈنبۈل — بىر خىل خۇشبۇي، قارا رەڭلىك ئۆسۈملۈك. سۈيگەنىنىڭ چېچىغىمۇ تەمسىل قىلىنىدۇ.
② غۇل — تۆمۈردىن ياسالغان ھالقا، بويۇنتۇرۇق.
③ جۇزۋ — پارچە، بولەك.
④ سەمان — سامان. بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "شمان" شەكلىدە يېزىلغان. بەلكىم "س" ھەرپىگە بېرىلىدىغان ئوزلۇك نىشان ئاستىغا قويۇلماي، ئۈستىگە قويۇلۇپ قالغان بولسا كېرەك.
⑤ تورت قۇل — قۇرئاننىڭ "قۇل" سوزى بىلەن باشلىنىدىغان ئاخىرقى تۆت سۈرىسى.
⑥ رىيا — يامانلىقلاردىن ساقلىنىدىغان بولۇپ كورۈنۈش، ئىككى يۈزلىمە.

تۈنۈگۈن ئاشىق خەيالىدۇر ئۈزىن قىلغاي فەنا،
چۈن ئېرۇر پەرۋانە ئول شەمئى بەقادا① ئىستەگىل.
ئىشق بىر ئوتدۇركى ئوچمەس تۈنۈگۈن سوزاندۇر②،
ئوچقۇنى تۈشمەس ساڭا ئەرزۇ سەمادا③ ئىستەگىل.
چىرماشىغلىقدۇر ساڭا، سەندىن ئېمەس ھەرگىز يىراق،
بەندى غەفلەت كوزدىن ئال، چەشمى زىيادا ئىستەگىل.
گەرم رەۋلەر④ زەررەلەردېك چەرخ ئۇرار مىھر ئالىدىدا،
كىم دېدى دىۋار ئارا زالى سەرادا ⑤ ئىستەگىل.
پادىشاھلىق ئىستەسەڭ يار ئالدىدا بولغىل گەدا،
گۇل ئېبىسى قەسدىڭ ئېرۇر بادى سەبادا ئىستەگىل.
كوم فەنا تۇفراغىغە گۇمنام ئۇزلۇك نەقدىنى،
گۇلگۇل ئاچىلغۇم ⑥ دېسەڭ ئەبرى ھەيادا ⑦ ئىستەگىل.

## 52 - غەزەل

ۋەسل سۇرخ ئەتكەن يۈزۈمگە ھەجر زەھرىن قىلدى ھەل⑧،

① شەمئى بەقا — ھاياتلىق چىرىغى، تىرىكلىك چىرىغى.

② سوزان — كويگەن، كۆيۈپ تۇرغان.

③ ئەرزۇ سەما — يەر بىلەن ئاسمان.

④ گەرم رەۋلەر — قىزغىن يۈرگۈچىلەر.

⑤ زالى سەرا — خىيال قەسرى، خىيالىي قەسر.

⑥ ئەسلى نۇسخىدا «ئاچىلغۇمدۇر» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى «دېسەڭ » سوزى بىلەن بىرىكىپ، خاھلاش رايىنى بىلدۈرۈشىدىن قارىغاندا، خەۋررايى قوشۇمچىسى «دۇر» ئۇشۇقچە دەپ ئېلىنۋېتىلدى.

⑦ ئەبرى ھەيا — يامغۇر بۇلۇتى، يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇت.

⑧ ھەل — ئارىلاشتۇرۇش، ئېزىش، ئېرىتىش.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شرەۋۋ① ئەنگۇرنى ② فاسىق ئۇچۇن قىلمە جەدەل.
سېنى ئانىڭ ۋەسلىن تىلەپ تەرك ئەتمە ئاجىزلىق سوزىن،
ھەجر زەنبۇرىن ③ تۇتارغە نالە ياگلىغ يوق ئەسەل.
نەچچە زاھىد ۋەسف ئېتەر جەننەتنى خۇش كەلمەس ماڭا،
شەربەتى قەند ئاغزىغە ياقماس كىشى بولسە كەسەل.
سېنىسىزىن باغ ئىچرەۋۋ سەرۋ گۇل سەير ئەتكەلى،
سەرۋ يۇرمەك، گۇلدە كۇلمەك سېنى كەبى يوق بى بەدەل.
گەر يوق ئېرسەڭ ھەم ئاتىڭ يوق، ئېلگە ھەمدەم بولغۇچە،
جانىم ئالسۇن دەشتى ھەجرىڭ ئىچرە غەم بىلە ئەجەل.

## 53 - غەزەل

دىل دەشتىدە غەم ④ ئاھۇلارىغە ۋەتەن ئەتتىم،
غەمزەڭ ئوقى تا لالەلەر ئاچتى چەمەن ئەتتىم.
ئىشق ئەھلى مەنىڭ سارى كەلۇرگە يوق ئېرۇر يول،
ھەر يەردە تەرەب گۇللەرى ئېردى تىكەن ئەتتىم.
قانلىغ ياش ئاقار چۇن سەرتان ⑤ ئون ⑥ بىلە تەندىن،
ئىشقىڭ ئوتىدا سىخچەئى كوزدىن ⑦ ۋەتەن ئەتتىم.

---

① شىرە — شەربەت، شىرە، شىرنا.
② ئەنگۇر — ئۈزۈم.
③ زەنبۇر— ھەسەل ھەرىسى.
④ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «تەن» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، «دىۋانى مەشرەپ» كە ئاساسەن «غەم» قىلىپ ئېلىندى.
⑤ سەرتان — راك، قىسقۇچ پاقا.
⑥ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا«اون» شەكلىدە يېزىلغان. مەنىسى مەلۇم بولمىدى.
⑦ سىخچەئى كوز — كوز قارىچۇغى.

نەيسان ① كەبى كوزدىن ياغادۇر فىقر ئېلىگە دۇر،
سەدقىڭغە يۇرەك تاشىنى لەئلى يەمەن ئەتتىم.
مىھرىڭ قۇشى كوڭلۇم قولىدىن ئاجراماسۇن دېپ،
بۇ يىنىيۇ ئاياغىغە تەلەبدىن رەسەن② ئەتتىم.
جانىمدا نىگاھىڭ ئوقىدىن گۇللەر ئاچىلسە،
سەيرىمگە قاچان يا سەمەنۇ③ نەستەرىن④ ئەتتىم.
رەسۋالىغ ئوتىن كىم ماڭا ئۇچرار ياقادۇرمەن،
جىسمىمغە سەمەندەر كەبى ئوت پىرەھەن⑤ ئەتتىم.
ئوششاق ئېلىگە ئىشق ئاراسىدا ئېمەس ئىشنى،
ئەي گوۋھەرى چەشمىم، دىلۇ جانىمغە مەن ئەتتىم.
گۇمنام كوزۇڭ تىغى بىلە تاپتى شەھادەت⑥،
قانلىغ تەنىگە ئىشق لىباسىن كەفەن ئەتتىم.

## 54- غەزەل

كوردۇم يۇزۇڭنى دىۋانە بولدۇم،
ئەقلۇ ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم.
تارتىپ جەفايىڭ، ئولسەم يولۇڭدا،
يانماسمە ھەرگىز، مەردانە بولدۇم.
بولدۇم جەھاندا رەسۋايى ئالەم،

---

① نەيسان — يامغۇر.
② رەسەن — ئارقان، ئاغامچا.
③ سەمەن - ئاق، سېرىق رەڭدە ئېچىلىدىغان بىر خىل خۇشبۇي گۇل، يەسمەن گۇلى.
④ نەستەرىن — ئاق ئەتىرگۇل.
⑤ پىرەھەن — كوينەك.
⑥ شەھادەت — شاھىدلىق، گۇۋالىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
Altunoq

ياخشى، يامانغە ئەفسانە بولدۇم.
كەۋسەر شەرابى يادىمغە كەلمەس،
لەئلىڭ دەمىدىن مەستانە بولدۇم.
كوردۇم تۇشۇمدە شەمئى جەمالىڭ،
كويدۇم ئۇرۇپ چەرخ، پەرۋانە بولدۇم.
يۇمدۇم كوزۇمنى سەندىن بولەكدىن،
كەچتىم بارىدىن رىندانە بولدۇم.
ئىشقىڭ مەيىگە پۇر بولدى جىسمىم،
هەم ساقى، هەم مەي، پەيمانە بولدۇم.
بىر قەترە ئىدىم، چوكتۇم تەڭىزگە،
كىردىم سەدەفكە دۇردانە بولدۇم.
كويدۇرمەسە ئوت، بولماس ياغاچ چوغ،
ئىشق ئوتى بىلە هەمخانە بولدۇم.
بولدۇم فەنا مەن تۇفراغ ئىچىدە،
بىر دانە ئىدىم، مىڭ دانە بولدۇم.
ئول ئاي① ئوتىدا بۇد ئولدى نابۇد②،
جان جانغە كىردى، جانانە بولدۇم.
تەگدى كوزۇڭدىن هەردەمدە مىڭ ئوق،
ئەۋۋەل ئىدىم دەشت، گۇلخانە بولدۇم.
بىرنەچچە يىلدۇر، ياردىن جۇدا مەن،
بىلمەم ئوزۇمنى، ئايانە③ بولدۇم.

① «ئاي» سوزى ۋەزن ۋە مەنا ئىتىبارى بىلەن بۇ يەردە بىر بوغۇملۇق سوزنىڭ كەم ئىكەنلىگى نەزەردە تۇتۇلۇپ قوشۇپ قويۇلدى. ئەسلى نۇسخىدا «ئول ئوتىدا بۇد ئولدى نابۇد» دېيىلگەن، مۇنداق بولغاندا «ئوتى» سوزىنىڭ ئىگىلىگۈچىسى بولماي قالىدۇ.

② بۇد ئولدى نابۇد — بار، مەۋجۇت نەرسە يوق بولدى.

③ ئايانە — كەلگۈچى.

قويماس دېدىلەر مەئمۇرەدە ① گەنج،
ئاباد ئېردىم مەن ۋەيرانە بولدۇم.
گۇمنام مەي سۇن، كىم بولسە مەيخاھ،
مەسجىد ئېمەس مەن، مەيخانە بولدۇم.

## 55 - غەزەل

سەنى كوردۇم ھەمە ئېلنى ئۇنۇتتۇم،
جەھان لەززاتىدىن كوڭلۇم ساۋۇتتۇم.
ساڭا بەردىم دىلۇ جانىمنى ئولدەم،
بەھىشتى جاۋىدان تەركىنى تۇتتۇم.
ۋىسالىڭدە لەبىڭدىن ئېل مەي ئىچتى،
فىراقىڭ بىلە مەن خۇنابە يۇتتۇم.
نە قۇتلۇغ كۇن ئىدى ئەي راھەتى جان،
سەنىڭدېك رەھمەتى ھەققە يولۇقتۇم.
كەچە، كۇندۇز دەۋام ئەندىشە قىلدىم،
سەنىڭ مىسلىڭ يوق ئېركەننى ئاۋۇقتۇم②.
تەنىم ھەم سېن، ئەزىز جانىمۇ ھەم سېن،
ئىزىڭ ھەر يەردەدۇر، خانىمغە سوقتۇم③.
غەمىڭ كوڭلۇمگە، فىكرىڭ جانغە قۇۋۋەت،
ھەيات ئىستەپ، خەيالىڭ زەھرى يۇتتۇم.
قەبۇل قىل، خاھى قىلمە، ھەسرەتىڭدە —
كەزىپ چول، ئۇستىخانىمنى چۇرۇتتۇم.

---

① مەئمۇرە — ئاۋات يەر، ئاۋات شەھەر.

② ئاۋۇقتۇم — ئۇقتۇم، چۇشەندىم.

③ خانىمغە سوقتۇم — ئويۇم دەپ ھىساپلىدىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلىمدە يا دىلىمدە① ئۆزگە كىم بار،
قەسەم ياد ئەيلەدىم، سوزنى قۇرۇتتۇم.
گەھى ۋەسلىڭ مۇيەسسەر بولماغاندا،
خەيالىڭ بىلە كوڭلۇمنى ئاۋۇتتۇم.
سەنى ھەم كورمەگەن، ھەم تاپماغان چاغ،
غەمىڭ بىلە ئىكو بىر گوشە② تۇتتۇم.
قاچان كوردۇم قىزىل ئوتدىك يۈزۈڭنى،
ۋۇجۇدۇم كويدۇرۇپ كۈلدېك تازۇتتۇم.
ئوتۇن ياڭلىغ كويۇپ ئىشقىڭ ئوتىدا،
نە دۇدۇم يوق، نە بۇدۇم، لەئل يۇتتۇم.
قاراڭغۇ ئىچرە گوۋھەر تىرە بولماس③،
ئوتۇ كۈلدېك ئوزۇم تۇفراققە سوقتۇم.
بۇ گۇمنامىڭغە ئىشقىڭ جاۋىداندۇرۇر،
كەچەنى ئىشق ئىلە كۈندېك يارۇتتۇم④،

## 56 - غەزەل

نەتكۇم سەنەما ئىشقىڭ ئوتىدا ۋەتەن ئەتتىم،
ھەر تارى مويۇم شەمئ كەبى شوئلە زەن⑤ ئەتتىم.

---

① ئەسلى نۇسخىدا "يادىمدە" يېزىلغان. «دىۋان مەشرەپ» كەئاساسەن تۈزىتىپ قويۇلدى.

② گوشە — بۇرجەك، بۇلۇڭ - پۇشقاق، خىلۋەت جاي.

③ تىرە بولماس — قارايماس، قارابولماس.

④ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "يورۇتتـۇم" شەكلىدە يېزىلغان. كىلاسسىك ئەدىبىياتىمىزدىكى ئىملا ئەنئەنىسى ۋە مۇشۇ ئەسەرنىڭ باشقا جايلىرىدىكى يېزىلىشى نەزەردە تۇتۇلۇپ "يارۇتتۇم"بولۇشى توغرا تېپىلدى.

⑤ شوئلە زەن — شوئلە ئۇرغۇچى، روشەن قىلغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرىسى

قان يىغلادى كوز، قالدى تەنىم قان ئاراسىدا،
ھەر قەترەنى تەن تاغىدا لەئلى يەمەن ئەتتىم.
زۇلفۇڭ خۇمىدىن كەلدى ماڭا بۇيى مۇھەببەت،
جان ئەھمەدىگە① تا مۇنى ۋەيسى قەرەن② ئەتتىم.
جان تاغىن ئەلەم تىشەسى بىلەن قازادۇرمەن،
ئول كۆنكى خەيالىڭنى تاپىپ كوھكەن③ ئەتتىم.
جەننەت تىلەمەن، كەۋسەر ئاتىن ئالمان ئاغىزغە،
لەئلىڭ غەمى زەھر ئىردىيۇ شەككەر شىكەن④ ئەتتىم.
ئوتلار تۇتاشۇر گەر نەفەس ئۇرسام ھەمە جانغە،
ئىشق ئەھلىغە ئوتلۇق يۈرەكىمدىن دەھەن ئەتتىم.
سەيد ئولغۇسى ھەركىم كەلۈر ئالدىمغە، قۇتۇلماس،
نېچۈنكى كوڭۈل شوئلەسى بىلە رەسەن ئەتتىم.
مەن ئەيلەدىم ئول گۈلشەنى ئىشق ئىچرە نەۋالار،
ھەر بۇلبۇلى تۇتى ئىدى زاغۇ زەغەن ئەتتىم.
گۇمنام تېنى زەخملەرى بولدى گۈل ئەفشان،
ئولدۇم غەمى ئىشقىڭدا بۇ گۈلدىن كەفەن ئەتتىم.

## 57 - غەزەل

ھەر قايان باقسە سەنىڭ چېھرەڭە ھەيراندۇر كوزۇم،
تىغى مىھرىڭ زەربى بىلە غەرقەئى قاندۇر كوزۇم.
كېچەۋۇ كۈندۈز ئېمەس غايىب كوزۇمدىن گۈل يۈزۈڭ،
يۇمسەۋۇ ئاچسا قۇياش نۇرىغە يەكساندۇر كوزۇم.

① جان ئەھمەدى — جان رەسۇلى، جاننىڭ رەسۇلى.
② ۋەيسى قەرەن — خۇدا ۋە رەسۇلغا جانىبىدا ئەۋلىيا.
③ كوھكەن — تاغ قازغۇچى (پەرھاتنىڭ لەقىمى).
④ شەككەر شىكەن — شېكەرنى سۇندۇرغۇچى، شېكەردىن ئۈستۈن.

گۈلنى كورگىل كىم تىكەنلەر ئىچرە ئاچىلغان كەبى،
تىرە مۈژگانلار ئارا خۇرشىدى تاباندۇر كوزۇم.
بىل كەبابنى ئوتغە سالغاندىك ئاقىزغاي ياشلار،
لەئلۇ مەرجان يوق يۈرەك قانىن ئاقىزغاندۇر كوزۇم،
ئافتابدىن تاغدا لەئلۇ دەريادا گوۋھەر پۇتەر،
بۇ مەسىل ئول يۈزگە كوڭلۇمدىن يول ئاچقاندۇر كوزۇم.
ئىشق بەھرىدىن ۋۇجۇدۇم قەترەلەر جەزب① ئەتمەسە،
نە ئۈچۈن ئوششاق ئىچىدە ئەبرى گىرياندۇر② كوزۇم.
ئىشق ئېلىنىڭ كوڭلىدە دۇرۇ گوۋھەر پۇتكەرگەلى،
ئىشقىنىڭ دەرياسىنىڭ دۇرجىدە③ نەيساندۇر كوزۇم.
ئاسمان كوك لەتتەسىغە④ چىرماغاندېك مىھرنى،
بىر قارا رەنگىن⑤ ئىچىدە دۇررى پىنھاندۇر كوزۇم.
دەردۇ مىھنەت قۇشلارىنى جانىم ئېتتى پەرۋەرىش،
دانەۋۇ سۇ ئورنىغە دايىم دۇر ئەفشاندۇر كوزۇم.
ئىنتىزارلىق يولىدا دېر ئېل ئاقاردى كوزلەرىم،
كەلمەگەچ بۇ ياتغە ھەسرەتدىن قارارغاندۇر كوزۇم.
ئېتىقاد ئەتمە گۈلۇ لالە ئۈنۈپدۇر دەشت ئارا،
ئىشق زەخم ئەتكەن يۈرەك قانىن تامىزغاندۇر كوزۇم.
بۇ بەلالار ئاي يۈزىدىن بىلمەگەندۇر كەلمىشىن،
ۋەسلىدىن ئىشرەت قىلۇرمەن دېپ ساغىنغاندۇر كوزۇم.
نوھ توفانى جەھان غەرق ئېتتى بولدى ناپەدىد ⑥،

---

① جەزب — تارتىش.

② ئەبرى گىريان — ياش توككۈچى بولۇت.

③ دۇرج — قىممەت باھا تاشلار سېلىنىدىغان قۇتىچاق.

④ لەتتە — لاتا، رەخ.

⑤ رەنگىن — رەڭدار.

⑥ ناپەدىد — كورۇنمەيدىغان، كورۇنمەس.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشتى كوكدىن لەھزە تىنماس مەۋجى توفاندۇر كوزۇم.
قاشۇ مۇژگان يوق، ياماان كوز تۇشمەسۇن دېپ ھوسنىغە —
پاس ئېتەرگە① ساغداقىن يانىغە ئاسقاندۇر كوزۇم.
خاكى پايىڭغە نېچۇن گۇمنام گوۋھەر ساچماسۇن،
مېھرى تابان كوزى تۇشكەن مەئدەنى كاندۇر كوزۇم.

## 58 - غەزەل

نېچۇك مېھر ئېردى ھوسنۇڭ زەررە ياڭلىغ بىقەرار ئولدۇم،
ياشۇندى، سالدى ھىجران زۇلمىتىنى دىلفىگار ئولدۇم.
تولۇن ئېت مەشرىقى كويۇڭ ساردىن رووشەن ئېت زۇلمەت،
يۈزۈڭ خۇلدىغە دەۋزەخ ئەھلى ياڭلىغ ئىنتىزار ئولدۇم.
غەمىڭىنىڭ كەسرەتىدىن② چۇن كەبۇتەر خانەدۇر كوڭلۇم،
گەر ئۇچسا، قايدىن ئىزدەپ كوز قانىدىن دانەزار ئولدۇم.
قارا زۇلفۇڭ خەيالى چىرمادى باشدىن ئاياغىمنى،
مەگەر بىر ئەنكەبۇتىغە③ مەگەسدېك ④ سەيدى تار ئولدۇم.
ئاياغىڭ ئوپمەكىن قىلدىم تەمەننا، بولمادى ھاسىل،
تىلەپ رەخشىڭ ئاياغىن، يولۇڭ ئۇزرە خاكسار ئولدۇم.
تەنى زارىم بەلا ئەتفالى⑤ تاشىنىڭ نىشانىدۇر،
تېشىپ ھەريان ئاقىپ قان مىسل دەشتى لالەزار ئولدۇم.
ئولۇمدۇر ياخشىراق ئەي دىل تىرىكلىك دەۋلەتىدىن كىم،

① پاس ئەتمەك — قورۇغداش، ساقلاش.

② كەسرەت — كوپلۇك، نۇرغۇنلۇق، جىقلىق.

③ ئەنكەبۇت — ئومچۇك.

④ مەگەس — چىۋىن.

⑤ ئەتفال — «تىفل — بالا» سوزىنىڭ كوپلۇگى — باللار.

ئاسلىپ رەخش فەتراكىغە① سەيدى شەھسۇۋار ئولدۇم.
سۇلەيمانلىق ئېرۇر تاپتىم گەدالىق ئاستان ئىچرە،
نەچە تەھقىر ئېسەم بولدۇم گەداسى، ئېتىبار ئولدۇم.
دېدى ئەغياردىن گۇمنام ئۇزگىل رىشتەئى مىھرىڭ،
ۋەفاسىز سەنگ دىل دىگەن سارى مەن ئۇستۇۋار② ئولدۇم.

## 59 - غەزەل

كەم ئېمەس كويۇڭغا جانا كۇندە يۇزمىڭ بارماغىم،
مۇبتەلا رىڭغا يول تىلەپ، ۋەسلىڭ ئۈچۈن يالبارماغىم.
تەشنە لەپ باغرىم قىزىپ بى خابۇخور③، خۇنبار ئولۇپ،
ۋەسلىڭ ئۇمىدى بىلە غەمدىن قۇرۇپ سارغارماغىم.
تاغۇ تۇزدە چورۇلۇپ، تاپسام ئاياغىڭ تۇفراغىن،
ئوپكە مەن دېپ يوق قۇيۇن ياڭلىغ يۇگۇرۇپ ھارماغىم.
ئەرش كۇرسىيۇ④ زەمىنۇ ئاسمان زاتىڭغە غەرق،
سەھۇ⑤ ئېكەندۇك ھەرسارى ئىستەپ سەنى ئاختارماغىم.
جىسىم ئېكەن جان بىلە قايىم⑥، ئىشق ئورگەتتى مۇنى،
دەفئ بولدى ھەجر تىغىدىن يۇرەكىم يارماغىم.
بارماغىم كوكسۇمنى يارماغلىققە دايىم بارماغى⑦،
بەيئى ۋەسلىڭغە⑧ سانارغە ئاندا ئېردى يارماغىم.

---

① فەتراك — غانجۇغا.
② ئۇستۇۋار — چىڭ، مەھكەم، چىداملىق.
③ بى خابۇخور — ئۇيقۇسىز ۋە تاماقسىز.
④ ئەرش كۇرسى — پەلەك تەختى.
⑤ سەھۇ — خاتا، يېڭىلىش.
⑥ قايىم — تىك.
⑦ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "بارغى" يېزىلغان. مەنا ۋە ۋەزن ئېتىۋارى بىلەن "بارماغى" قىلىپ ئېلىندى.
⑧ بەيئى ۋەسلىڭ — ۋەسلىڭنىڭ سودىسى، ۋەسلىڭنى سېتىۋېلىش.

كۆز ئۇزە كىرپىك ئېمەس يولۇڭداقى خاشاكنى،
پاك ئېتەرگە ئىشق جارۇبى① تۇزەتگەن تارماغىم.
سانچىقىم ئىردى رەقىبدىن ھەر ئوق ئاتتى ھەجر ھەم،
ئىككى زەخمەت مۇشكۇل ئەتتى تىنماقۇ ئاھ ئۇرماغىم.
يا شەبىستان ئىچرە ئايدۇر، شەمئ يا فانۇس ئارا،
كوڭلۇم ئىچرە كۆن يۈزۈڭنىڭ ئوتىدىن ياندۇرماغىم.
بىۋەفالىق سەندىن ئوتكەي دىبپ گۇمانىم يوق ئىدى،
جۆرم② ئىكەن سەندىك ۋەفاسىزغە كوڭۇل ئالدۇرماغىم.
سېن نەچە بەد ئەھد سېن، مەن جان بەرۇرمەن ئەھد ئىلە،
ماڭا مۇشكۇلدۇر بۇرۇنقى ۋەئدەنى سىندۇرماغىم.
مەن بۇ يولدىن يانماغۇم، يۈزلەنسە ھەر تۈرلۈك بەلا،
قىلماغىل ھەرگىز خەيال ئەي زاھىدا يازغۇرماغىم③.
ئىشق ئوتىغە تۈشتۈڭ ئەي گۇمنام تۈشكەندېك خەلىل④،
ئىش تەمام ئولسە كەيىن بېھۇدەدۇر قايغۇرماغىم.

## 60 - غەزەل

كۆز تۇتۇپ مېھرى جەمالىڭ كويۇڭ ئىچرە يانماغىم،
مېھرۇ مەھ ياڭلىغ ئاچۇقتۇر كوزلەرىم يوق تاپماغىم.
كەھف⑤ ئېلى ياڭلىغ ياتىپ مەن، ئىشقدىن بىرجام ئىچەپ،
ئول ئويياندى، مىڭ قىيامەت بولسە يوق ئويغانماغىم.

---

① جارۇب — سۈپۈرگە.
② جۆرم — گۇنا.
③ يازغۇرماق — خاتالاشتۇرماق.
④ خەلىل — ئىبراھىم پەيغەمبەر.
⑤ كەھف — غار، كەھف ئېلى — غاردا ياشايدىغانلار.

زۇهد ئىلىدىك ئىگرىيۇ راست① بولماسام ئىرمەس ئەجەپ،
خاكىپايىڭغە باشىمنى قويدۇمۇ يوق ئالماغىم②.
قەئدەئى ئىشقىڭدە ئۇترۇ كوزلەرىم نەززارەسى،
نى قىيامۇ نى روكوئ، يوق ئوڭۇ سولغە باقماغىم.
يۇرسەمۇ تۇرسام ئىرۇرسىن سايە ياڭلىغ هەمرەهىم،
ۋەسل بۇ ئىرسە ئىمەس مۇشكۇل سەنى مەن تاپماغىم.
ۋەهدەتى زاتىڭ③ مۇيەسسەر سۇ بىلە تۇفراغدىك،
كىم بىلۇر بۇ ئىش بۇ ئىسە سەندىن مەنى ئاجراتماغىم.
تۇنۇ كۇن ئىشقىڭ مەيى جانۇ تەنىمدىن جۇش ئىتەر،
هاجەت ئىرمەس قەترەئى كەۋسەر سۇيىدىن تاتماغىم.
ئافتابى ماهدىك گۇلگۇل ئاچىپ لەئلىڭ مەيى،
دەفئ قىلدى هەجر ئەبرىدىك كۇلۇپ يىغلاتماغىم.
ئاشيانى ئىشق سىمۇرغىغە كوهى قافدىك،
يوق ئاياغىم بىر نەفەس بۇ ۋە جهىدىن مىدراتماغىم.
نامۇناسىبلارنى كورسەم كويۇڭ ئىچرە ئەي پەرى،
ئەيب ئىمەستۇر ئىت ئىرۇرمەن دەرگەهىڭدە قاپماغىم.
بەرقدىك ئاهىمدىن ئوت تۇشسە جەهان كويمەك نەتاڭ،
چۇن مۇهەييا④دۇر يۇرەكىم ئىچرە تاشۇ چاقماغىم.

① بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "ئىگرىيۇ" دەپلا ئىلىنغان. بۇنداقتا ۋەزن ئىتىبارى بىلەن بىر بوغۇم كەملىك قىلىدۇ. شائىر بۇ ئىككى مىسرادا ئوزىنىڭ زاهىدلاردەك بىردەم روكودا، بىردەم قىيامدا (تىك) بولالمايدىغانلىغىنى بايان قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن «راست» سوزى قوشۇپ قويۇلدى.
② بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "ئولماغىم" دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، "باش قويۇش" بىلەن قارىمۇ-قارشى مەنىدە بولغان "ئالماق" سوزى مۇۋاپىق تېپىلدى.
③ ۋەهدەتى زاتىڭ — ئوزەڭنىڭ بىللىلىگى.
④ مۇهەييا — تەييار.

ئۇل قاراغ ئېرمەس يۈزۈڭدىن ئۇزگە يۈزگە باقما دېپ،
بۇ ئىدى رەخشىڭ تاقاسى مىخلارىنى قاقماغىم.
بەس ئېرۇر گۇمنامغە زۇلفۇڭ خەيالى رىشتەسى،
ئار ئېرۇر مەجنۇن كەبى زەنجىر ئىلە باغلاتماغىم.

## 61 - غەزەل

مەستانە ئەنەلھەق ئۇزە ئەسرارىنى كوردۇم،
مەنسۇر بولۇپ باش ئالىبان دارىنى كوردۇم.
بويۇڭنى سوراغلاپ يۈردۇم بۇ چەمەن ئىچرە،
تاۋۇسى بەھىشت جىلۋەئى رەفتارىنى كوردۇم.
شەككەر لەبىدىن ئوپتۇمۇ سوزۇم نە چۇچۇكدۇر،
توتى دېدىلەر لەززەتى گۇفتارىنى كوردۇم.
ئىشق سەيقەل① ئۇرۇپ زەنگى ھەۋالارىنى② چىقاردى،
ئايىنە بولۇپ تەلئەتى بازارىنى كوردۇم.
سوۋدايى سەرى زۇلفۇڭ ئۇچۇن نې سەرى سوۋدا،
رەختىمنى يايىپ تالئى بازارىنى كوردۇم.
ئالەمنى سوراغلاپ يۈرۈبان تاپمادى گۇمنام،
كەزدىم بۇ ۋۇجۇد شەھرىنى بۇ يارىنى كوردۇم.

## 62 - غەزەل

كورۇپ قاشۇ كىرپىكىن غەمگە مۇبتەلا بولدۇم،
كوز ئۇچىدە قاراغاچ قەتئى ماسىۋا③ بولدۇم.

---

ئەنەلھەق — راۋايەتتە ئېيتىلىشىچە مۇتەسەۋۋىپ مەنسۇرنىڭ سىگنلىسى.

① سەيقەل — جۇلالىنىش، يالتىراش.

② زەنگى ھەۋا — ھەۋەسنىڭ چاڭ - توزانلىرى، داتلىرى.

③ قەتئى ماسىۋا — باشقىلاردىن قول ئۈزمەك، باشقىلاردىن ئۆزنى تىيماق.



www.uyghurkitap.com
Altun0q

بەھىشتى خەرمەنىدىن دانە تىشلەمەي غەمدىن،
كوزى ئىشارەتىدىن ۋەردى رەببەنا① بولدۇم.
مۇژەڭ كوكۇل ئىچىدىن بىھەد ئاچتى قان چەشمە،
شەرابى گۇل تىلەدىم، بەسكى قان غىزا بولدۇم.
ۋىسالى مۇلكىن② ئالۇرغە، چەرىكى غەم يىغدىم،
يەتىشتىم ئانچە تىلەپ تاكى جان فىدا بولدۇم.
سۇ ئۇرسام ئوچمەدىيۇ ئەشك بىلە ياندى ئوت،
سەزايى بەختىم ئىكەن ئوت ئارا ئەدا بولدۇم.
فەلەككە چىققان ئىمەس دۇدى ئىشـق سوزاندۇر،
ئەجەبكى ئوتقا تۇشۇپ زىنەتى سەما بولدۇم.
لەبىنى شورغالى قىلدى خەيال بۇ گۇمنام،
نەسىب بولماي ئاياغ بوسغە رىزا بولدۇم.

## 63 - غەزەل

خەزان باغىمغە يەتتى ئىشـق لۇتف ئەيلەدى بەرھەم③،
ئەگەر ئاھىم ئىبدى ئافەت يەتىپ كوز مىھرىدىن تەر④ ھەم.

---

① ۋەردى رەببەنا ــ دايىم "رەببەنا ــ خۇدايىم" دەيدىغان.
② ئەسلى نۇسخىدا "ۋىسال مۇلكىن" يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن "ۋىسال" سوزى ئاخىرىغا شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغىنى توغرا. شۇڭا "ۋىسالى مۇلكىن" شەكلىدە ئېلىندى.
③ بەرھەم ــ ئاستىن - ئۇستۈن قىلىۋېتىش، ئاغدۇرۇش، بۇزىۋېتىش.
④ تەر ــ ھول، ھوللۇك.

www.uyghurkitap.com

يۈزۈڭ گەنجىنى پاس ئەتمەككە ھارىس① ھاجەت ئىرمەستۇر،
كوزۇڭ جەللادى يانى ئـۇزرەدۇر شەمشىرۇ خەنجەر ھەم.
نىقاب ئالساڭ جەمالىڭ تىغدىن② جانىمدا يوقدۇر تاب،
تەجەررۇھ③ ئەيلەدى كوك ئۇزرە مىھرۇ تىرەدى يەر ھەم.
نىگارىم كوڭلى مۇلكىن④ ئالغالى ھاجەت ياراغ ئىرمەس،
نىگۇن قەد بىلە ئاھىم بەس، كەرەكمەس باش ئىلە پەر⑤ ھەم.
ئىرۇر زىب ئىچرە ئول بى مىسل مەن ھەم زۇل⑥ ئارا كەمسىز،
ئانىڭ ھوسنىغە مەن ھەيران، مەنىڭ ھالىمغە دىلبەر ھەم.
ئەگەر ئىشـق ئەيلەدى مۇفلىس⑦ شەھ ئولدۇم فەقر مۇلكىگە،
باغىر لەئلىم، يۈرەك مەرجان، ياشىم دۇررۇ يۈزۈم زەر ھەم.
كەرەك ھەجرىدە ئولمەك ۋەسلىدىن جان ئىستەسەڭ گۇمنام،
جەراھەت نالەسى تەئسىرىدىن ئاخىر يەتەر مەرھەم⑧.

## 64 - غەزەل

ۋۇجۇدۇڭ باغىدىن ھاسىل ئەگەر سەرۋ، ئىستەرەم گۇل ھەم،
ھەزىن جانىم سەرۋەرىغە⑨ لەبىڭ ياقۇتۇ بۇلبۇل ھەم.

① ھارىس — ساقچى.
② ئەسلى نۇسخىدا بۇ سوز "تىغدىن" يېزىلغان. ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن "تىغىدىن" قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.
③ تەجەررۇھ — جاراھەتلىنىش.
④ ئەسلى نۇسخىدا بۇ سوز "كوڭۇل مۇلكىن" دەپ ئېلىنغان. ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن "كوڭلى مۇلكىن" قىلىپ ئېلىندى.
⑤ پەر — قانات.
⑥ زۇل — خارلىق، تۆۋەنلىك، پېقىرلىق.
⑦ مۇفلىس — كەمبەغەل، بىچارە.
⑧ مەرھەم — جاراھەتكە سۈركەيدىغان ماي، ماي دورا.
⑨ سەرۋەر — يولباشچى، يېتەكچى.

رەقىبدۇر رۇسىيە① كامىمغە② ھىجران زەھر تولدۇرسە،
ھەياتىم مۇژدەسى③ لەئلىڭ خەيالى جام ئىرۇر مۇل ھەم.
كەرەكمەس ھەرز④ جانىڭ ھىفزىغە جانا يامان كوزدىن،
سىپەند ئورنىغە يۇز ئۇستىدە خالىڭ ياندا غول ھەم.
يوق ئىرسە، ئاھۇ فەرياد ئەيب ئىمەس، چۇن لەخشەدۇر⑤ جىسمىم،
قەدەم تا قويدى ئىشقىڭ دۇرلاردىم فاش ئەتتى كوز بەل⑥ ھەم.
ئەجەب ھۇشيار مەن مەجنون ئىرۇر خاسىيەتى ئىشقىڭ،
دىماغىمغە يەتەر ھوسنۇڭ ئوتىدىن مۇشكى سۇنبۇل ھەم.
غەمىڭ ئولتۇردى، تۇفراق ئەتتى، ئالتۇن قىلدى جىسمىمنى،
بۇ ئىشغە بولدى ئىكسىردىم⑦ ئەشىت سەبرۇ تەھەممۇل ھەم.
قەدىڭ سەرۋىغە دىلبەند ئەتكەلى شاھا بۇ گۇمنامىڭ،
يۇزى گۇل ئاھى سەرۋى ئىشق ئىلە ئازاد ئىرۇر قۇل ھەم.

## 65 - غەزەل

ئەي نىگارىم كوزلەرىڭ جادۇ ئىكەننى بىلمەدىم،
پىستە ئاغزىڭ مىسل ئەفسۇنگەر ئىكەننى بىلمەدىم.
قاشلارىڭ يا، كىرپىكىڭ ئوق، كوزلەرىڭ جەللاد ئىرۇر،

① رۇسىيە — يۈزى قارا.
② كام — تاڭلاي
③ مۇژدە — خۇشخەۋەر.
④ ھەرز — كوز تۇمارى.
⑤ لەخشە — پارچە-پارچە بولۇپ كەتمەك.
⑥ بەل — بەلگى مەنىسىدە.
⑦ ئىكسىر — ئەفسانىلەر بويىچە نىمىگە سۇرتۇلسە، شۇنى ئالتۇنغا ئايلاندۇردىغان تاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەبلەرىڭ غۇنچە، تىنىشىڭ يۇنجۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
تاڭ سەھەرلەر تۇشتى خۇشبۇيلۇق گۇلۇ گۇلشەن ئارا،
سەرسەرى گىسۇيى سۇنبۇل① بۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
خۇمچەئى قەددىڭ② يۇزۇڭ گۇلبۇنى بەند ئەتكەن كەبى،
كىم نەسىمى ئىشق③ ئىلە خۇشبۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
فىتنەئى ئاشوبى ئالەم④ بىلمەدىم كىم ئىركەنىن،
كىم بەلايى خەلق ئول خۇشخۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
غەم بىلە ھەيران ئانىڭ ئىشقىدا مەن يالغۇز دىدىم،
ئاشقى بىدىللەرى ھەر سو⑤ ئىكەننى بىلمەدىم.
ئىشق ئارا جانۇ دىلىم ھەردەم كەشاكەشلىقدادۇر⑥،
بائىسى غەمكەشلىك⑦ ئول دىلجۇ⑧ ئىكەننى بىلمەدىم.
كىم تەبەقدىك ئوت ئارا خالىڭ سىپەندى دانەدۇر،
چەشمى بەد دەفئىغە ئول گۇلرو⑨ ئىكەننى بىلمەدىم.
قەددىڭىز سەرۋى رەۋانۇ لەئلىڭىز ئابى زۇلال⑩،

---

① سەرسەرى گىسويى سۇنبۇل — ئورۇلگەن سۇنبۇل (چاچ) دىن كەلگەن سالقىن شامال.

② خۇمچەئى قەد — خۇمچىدەك قەد، غۇنچە بوي.

③ نەسىمى ئىشق — ئىشقىنىڭ مەيىن شامىلى.

④ فىتنەئى ئاشۇبى ئالەم — ئالەمگە پىتنە - غەۋغا سالغۇچى، ئالەمدە پىتنە قوزغاتقۇچى.

⑤ سو — تەرەپ، ھەر سو — ھەر تەرەپ، ھەرتەرەپلىمە.

⑥ كەشاكەش — كۇرەش، نىرى تات - بىرى تات.

⑦ بائىسى غەمكەش — غەم تارتىش سەۋەۋى، غەم يېيىشنىڭ سەۋەۋى.

⑧ دىلجۇ — كوڭۇل ئىزلىگەن، دىل تارتقان، ئارزۇ قىلىنغان.

⑨ گۇلرو — گۇلروي، گۇل چىراي.

⑩ ئابى زۇلال — سۇپ - سۇزۇك، شىرىن سۇ (بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "ئابۇ زۇلال" يېزىلغان).

تەشنەلىك دەفئىغە ئابى جۇ① ئىكەننى بىلمەدىم.
ھەلقە-ھەلقە زۇلفۇڭىز ھەريان پەرىشاندۇر نەتەي،
كىم تەنابى سەيد② ئول گىسۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
كوزىدىن ئەيلەر جەراھەت، لەئلىدىن مەرھەم قويار،
دەردمەنلەر دەردىگە دارۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
مېھرى تابانىڭ سەنىڭكى كېچەنى كۈندۈز قىلۇر،
ئەھلى مەجلىس شەمئى③ ئول مەھرو④ ئىكەننى بىلمەدىم.
بارچەغە لۇتف ئەيلەرۇ قىلماس ماڭا ھېچ ئىلتىفات،
بۇ مەنىڭ ھالىمغە ئول بەدخۇ⑤ ئىكەننى بىلمەدىم.
بارچە ئالەم ياخشىسى بۇلبۇل كەبى دىۋانەدۇر،
بائىسى ئول خۇلقى خۇش نېكۇ⑥ ئىكەننى بىلمەدىم.
قەتلى ئىشق ئولدۇك ئىسە، گۇمنام ئاتقان كىم سەنى،
ئول سىيمىن بازۇ⑦ كەمان ئەبرۇ⑧ ئىكەننى بىلمەدىم.

## 66 - غەزەل

پەرىۋەشىم لەبىڭىزدىن مەنىڭ ئىدى تىلەكىم،
بۇ ئەرزىم ئايغالى كورگەندە تىترەگەي يۈرەكىم.

---

① ئابى جۇ — ئارزۇ قىلىنغان سۇ، ئىزدەلگەن سۇ.

② تەنابى سەيد — ئوۋ ئاغامچىسى.

③ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "شەمئ" يېزىلغان بولسىمۇ، مەنا ئېتىبارى بىلەن ئاخىرىغا شەخسى قوشۇمچىسى قوشۇلغىنى توغرا تېپىلدى.

④ مەھرو — ئاي يۈزلۈك.

⑤ بەدخۇ — يامان خۇي، خۇيى يامان.

⑥ نېكو — ياخشى، گوزەل. خۇلقى خۇش نېكو - خۇش خۇلۇقلۇق گوزەل.

⑦ سىيمىن بازۇ — كۈمۈچ بىلەك.

⑧ كەمان ئەبرۇ — ئەگمە قاش، قېشى يا.



AltunOq

www.uyghurkitap.com

ۋەفاغە ۋەئدە قىلىپ، ئۇرنىغە جەفا قىلدىڭ،
غەلەتمۇدۇر سەنى ئەي يار بىۋەفا دېمەكىم.
ياقامنى يىرتىپ ئېدىم ئۇشبۇ غەم بىلە ناچار،
تىلىم، تىلىم بولۇنۇپ پارە بولدى تا ئېتەكىم.
ماڭا تەرەھھۇم ئېتىپ بەرمەسەڭ مۇرادىمنى،
قىيامەت ئۇلسە ياقاڭدۇر سەنىڭ، مەنىڭ بىلەكىم.
ئالىپ فىراقىڭ ئوتى① جانىنى، قان ئاقىپ كوزدىن،
بۇ لەئلۇ مەرجان ئىلە دەمبەدەم تولار ئېتەكىم.
يارىب② غەمىڭدە ئېتىم چىقتى چىققالى جان ھەم،
تەشىپ، تەشىپ بۇ تېرەمدىن③ چىقىپدۇرۇر سوڭەكىم.
بۇ غەمنى مەندىن ئالىپ سالسۇ تەڭرى كوڭلۇڭگە،
بىلۇر ئىدىڭ يۇرەكىمدىن ھەمىشە قان يېمەكىم.
يوق ئېردى مەندە كوڭۇل خۇشلۇغى جەھان ئىچرە،
غىزاڭ④ ئۇچۇن خۇش ئەتتىڭ بۇ كوڭۇلنى دىلبەرەكىم.
تەمام قىلدى ئايتىپ ئەرز سوزنى گۇمنام،
بۇدۇر بەرىڭ ماڭا رۇخسەت، بولماسا كەرەكىم.

---

① بۇ بىرىكمە ئەسلى نۇسخىدا يوق، ت. ئېلىيوۋ تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان.

② بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا ئاۋال "يازىب" شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن "ز" نىڭ چېكىتى ئوچۇرۇلگەن.

③ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "نرم" يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن "تېرەم" بولغىنى توغرا تېپىلدى.

④ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "غىزا" دەپ يېزىلىپ ئۇزىدىن كېيىنكى "ئۇچۇن" سوزى بىلەن بولغان ئارىلىغىدا ئازراق بوش ئورۇن قالدۇرۇلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىسىنى قوشۇش مۇۋاپىق تېپىلدى.

## 67 - غەزەل

ئۆمرۈم ئۆتتى زار يىغلاپ سابىت① ئولماي قۇللۇغۇم،
بولمادى مەئلۇم يا مەردۇد② يا مەقبۇللۇغۇم③.
باغى مىھنەت ئىچرە بەزمى ئىشرەتىمگە تۈنۈكۈن،
تىرناغىم زەخمىدىن ئولدى جىسمىم ئۈزرە گۇللۇغۇم.
يۈزى شەۋقىدىن تۈشۈپ ئوت ئۈزرە قالدىم دۇد ئارا،
سۈنبۇلۇ گۇلدىك تۈتۈنۈ ئوت ئىيرۇر سۇنبۇللۇغۇم.
يەر بىلە كوك تورت تەرەفدە ئاي يۈزۈڭ تابان ئىيرۇر،
يوق مەنىڭ ھوسنى جەمالىڭدىن بولەك مەشغۇللۇغۇم.
قىلساڭىز ۋەسلى شەرابىدىن قىزاردۇرغان يۈزۈڭ،
فۇرقەت ئوتى تابىدىن بولدى مەنىڭ گۇلگۇنلۇغۇم.
دىمەگىل ئەي زاھىدا گۇمنام ئىشق تەرك ئەيلەگەي،
تونۇكۈن جىددۇ جەھد④ ئەيلەپ بولۇر ئەفزۇنلۇغۇم⑤.

## 68 - غەزەل

تەگرىنىڭ كوزۈڭ قاراسىدىك بەلاسى بارمىكىن،
كىرپىكۇ قاشىڭغە ئوخشە ئوقۇ ياسى بارمىكىن.
ھەر نەزەر قىلغاندا تىگدى كوڭلۈمە مىڭ يەردە ئوق،

① سابىت — تۇراقلىق، بەر قارار، ئىسپاتلانغان.

② مەردۇد — رەت قىلىنغان، قوغلانغان.

③ مەقبۇل — قوبۇل قىلىنغان.

④ جىددۇ جەھد — تىرىشچانلىق كورسىتىش، تىرىشىش.

⑤ ئەفزۇن — زىيادە، ئارتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ھەدەفنىڭ① خەستە كوڭلۇمدىك ياراسى بارمىكىن.
كوڭلۇمە يۇزمىڭ بەلا بىرلەھزەدە يۇزلەنسە ھەم،
ھىچ ئانىڭ ئىشقىڭدىن ئۇزگە مۇددەئاسى بارمىكىن.
بۇ باغىر دەردىڭدىن ئۇزگە ھىچ دارۇ ئىستەمەس،
ئىشق ئىلىنىڭ دەرددىن ئۇزگە دەۋاسى بارمىكىن.
تەلبە بولدۇم مەستى ئۇريان② مەن مۇھەببەت دەشتىدە،
مۇندىن ئۇزگە ئىشقىنىڭ تىككەن لىباسى بارمىكىن.
بولماغاي فەرھادۇ مەجنۇن بىزگە③ تەڭ ئۇششاق ئارا،
ئىشقىنىڭ مەن كورمەگەن دەردۇ بەلاسى بارمىكىن.
بىر بەھاسىز تۇتىيادۇر كوزۇمە باسقان ئىزىڭ،
ئىشقىنىڭ مۇندىنمۇ قىممەت تۇتىياسى بارمىكىن.
غەيرىگە قىلساڭ نەزەر مىڭ لۇتف ئىلە ئەي دىلرەبا،
چارەسىز مەن بولماسا بۇ قۇل رەۋاسى بارمىكىن.
كويۇڭ ئىچرە ياغدى جانىڭ جەۋھەرى كوز گوۋھەرى،
بۇ ئىكى ياكلىغ سەنىڭ ھوسنۇڭ گەداسى بارمىكىن.
ئاسمان يەر بولدى ئىشقىڭ بىلە يەردۇر ئاسمان،
ئۇزگەلەرنىڭ بۇ سىفەت ئەرزۇ سەماسى بارمىكىن.
ئىشقنى قىلدىم ھەۋەس، يۇزلەندى ھەدسىز دەردۇ رەنج،
ئىشق ياكلىغ ئۇزگە ئالەمنىڭ ھەۋاسى بارمىكىن.
بىر نەزەر قىلسە ماڭا، قىلدىم فىدا مىڭ جان ئاڭا،
ھىچ دىلبەرنىڭ مەنىڭدەك جان فىداسى بارمىكىن.

---

① ھەدەف — ئاماچ، قارا، نىشان.

② مەستى ئۇريان — يالاڭغاچ مەست، قىپ-يالاڭغاچ بولغان مەست.

③ ئەسلى نۇسخىدا "گە" قوشۇمچىسى يوق. ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن قوشۇپ قويۇلدى.

ئىستەدىم ھوسنۇڭ زىياسىن، تەرك ئەتىپ كۈن لەمئەسىن①،
دەھرنىڭ گۇمنامدىك گوۋھەرشىناسى بارمىكىن.

## 69 - غەزەل

تۇردۇم نەچە كون غۇربەت ئارا ئىمدى كەتەرمەن،
ھەمدەم يوقىدىن دەردۇ ئەلەم بىلە كەتەرمەن.
كىرگەن يول ئارا يولنى بىلىپ باشلاغۇچى يوق،
بولماس ئازىقىپ ئاندا، قەيى سارى كەتەرمەن.
مەي بولسەۋۇ ساقى نەچە ھەمدەمگە قوشۇلسام،
يول قانچە يىراق، كوز يۇمۇپ ئاچقۇنچە يەتەرمەن.
كىم قىلسە سەفەر يۇك بىلە، خەۋفۇ خەتەرى بار،
نې مال، ئۆزۈقۇ راھىلە②، بى خەۋفۇ خەتەرمەن.
جانا سارىغە يول بىلە مەنزىل يوق ئىكەندۇك،
ھەرۋەقت ئۆزۈم يوق بولۇشۇم بىلە يەتەرمەن.
گەر ئۆرتەسە ھىجرانىڭ ئۆتى ئىشرەت ئىرۇر بەس،
بىر لەھزە كوڭۇل سۆزىشى كەم بولسە نەتەرمەن.
ھەرۋەقت ئەگەر غەيرى غەمىڭ كىرسە كوڭۇلگە،
لەئلىڭ مەيىنىڭ زىكرى بىلە دەفئ ئېتەرمەن.
زۇلفۇڭ گىرىھى③ ئىشرەت كۈنى بوينۇمە بەسدۇر،
تەسبىھى مەلەك، ھۇر ساچىن تەركىن ئېتەرمەن.
گۇمنامغە جەننەت گۇلى، دەۋزەخ ئۆتى تەڭدۇر،
ئىشق ئۆتى فەنا قىلدى نە بەرقۇ نە شەرارمەن④.

① لەمئە — نۇر، پارلاقلىق، يورۇقلۇق.
② راھىلە — ئات - ئۇلاق.
③ گىرىھ — تۈگۈن، چىگىك.
④ بەرقۇ شەرار — چاقماق ۋە ئۇچقۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 70 - غەۋەل

سەمەد① نۇرى ئەياندۇر ئەي سەنەم مېھرى جەمالىڭدىن،
نەچۈككىم تۇخم ئەسلى ھاسىل ئولدى نەۋ نىھالىڭدىن②.
قەمەردېك شەب فۇرۇز③ ئولدۇم، بۇ جىسمىم لەمئەئى④ تۇشكەچ،
فەلەك خۇرشىدى ياڭلىغ تاكى ھوسنى بىزەۋالىڭدىن.
ئېككەنسەن ئەۋۋەلۇ ئاخىر ھەم ئوق⑤ سېن باتىنۇ زاھىر،
ئۇزۇڭ مىرئات⑥ ئارا نازىر، نەچۈك سوز دەي مىسالىڭدىن.
چومۇپمەن بەھرى ۋەھدەتكە، بىلەلمەم باش ئاياغىمنى،
فىراقىڭ قايسى مەنكىم بىخەبەرمەن جۇز ۋىسالىڭدىن⑦.
ئوتتۇن گەر نەچچە ئەلۋاندۇر⑧، كويۇپ ئوت بولسە يوق فەرقى،
ئەدەد⑨ مەئدۇم⑩ ئولۇر ئول ئوت كەبى سوزۇ جەلالىڭدىن⑪.

---

① سەمەد — ئەبەدى، مەڭگۈ.
② نەۋنىھال — يېڭى، ياش كوچەت.
③ شەب فۇرۇز — كېچىنى يورۇتقۇچى.
④ لەمئەئى — لەمئە — يورۇقلۇق سوزىنىڭ بىرلىك فورمىسى، بىر يورۇق.
⑤ ئوق — كۆچەيتىش ياردەمچىسى ”لا“. ھەم ئوق سېن — ھەم سەنلا...
⑥ مىرئات — ئەينەك، كوچمە مەنىسى — ئاسمان.
⑦ جۇز ۋىسال — ۋىسالدىن باشقىسى.
⑧ ئەلۋان — رەڭدار، رەڭلىك.
⑨ ئەدەد — سان، ساناق، ھېساپ.
⑩ مەئدۇم — يوق بولۇش.
⑪ جەلال — ئۇلۇغلۇق.



Altun Oq

ئۇنەر ھەر سەبزەۋۇ ئەشجار① ئەگەر ھەر نەۋئەدۇر يەردىن،
بولۇر ئاخىر فەنا دەير② ئىچرە سۇنئى بى مەلالىڭدىن③.
ئىكى قاشىڭ ئىشارەت قاب قەۋسەيىن④ ئەتتىھادىدۇر⑤،
بۇ ئايەت مەئنىسى فەھم ئولدى تەئلىم ھىلالىڭدىن.
كوزۇڭ ئولتۇرسە لەئلىڭ بەردى جان، ھەركىم سەنى سويسە،
بو ئىردى تاپتى جان جانىم سەنىڭ ئابى زۇلالىڭدىن.
قەيى دىلغە ئىرادەڭ تۇشتى قويدى لالە ياڭلىغ دىل،
كىشى سادىق ئىمەس ئىشقىڭدا زىللەت⑥ يەتتى خالىڭدىن.
ھەنۇز ئول ئەۋۋەلى ئىشق ئىردى ئادەم كەچتى جەننەتدىن،
بۇ مىھنەتدىن مۇھەببەت دەۋلەتى يەتتى خەيالىڭدىن.
بەقا تاپتى فەنادىن ئىمدى ئولمەك مۇمكىن ئىرمەسدۇر،
بۇ گۇمنام لى مەئەللا⑦ ۋەقتىنى تاپتى كەمالىڭدىن.

## 71 - غەزەل

روز رۇۋشەندۇر يۈزۈڭ، ساچىڭ ئىرۇر بىر تىرە تۈن،
شام ۋەقتىدە شەفەقدىك يەتكۈرۈر تۈن ئىچرە كۈن.
كۈن يۈزۈڭنىڭ شوئلەسى جانىمغە ئوت سالغان ئۈچۈن،
جىسمىم ئولدى لەخشە ياڭلىغ ساۋۇق ئاھىمدۇر تۈتۈن.

① ئەشجار — دەرەخلەر.
② دەير — بۇتخانە، مەيخانە.
③ سۇنئى بى مەلال — مالاللىغى يوق قۇدرەت.
④ قاب قەۋسەيىن — ئىككى يانىڭ ئارىلىغى، ئىككى يانىڭ يېقىن ئورنى.
⑥ ئەتتىھاد — بىرلىكش، قوشۇلۇش.
⑥ زىللەت — خارلىق، زالالەت.
⑦ لى مەئەللا — ئاللا بىلەن خاس بىللە بولۇش ۋاقتى.

سېن مەنى ھەيران ئېتەي دېپ يۈزگە تارتىپسېن نىقاب،
كۆزگە تۈشكەي تىرەلىك چۈن ئەبر ئارا ياشۇنسە كۈن.
ئايمادىم سىررىمنى ئېلگە ئىشق ئۆزى فاش ئەيلەدى،
ئوت سالىپ ماھۇق ئىچىگە قايدا قالسۇن ياشۇرۇن.
تابى ھوسنۇڭدىن تەنۇ جان زەررەدېك ئۇچقۇن بولۇپ،
سارۇلۇپ كەتتى قۇيۇندېك زەررەئى قالماي پۈتۈن.
كويدۇرۇرگە تاپمادىڭ ھوسنۇڭ ئوتىغە ئەي پەرى،
ئېل دىماغىن تازە قىلماققە دىلۇ جاندېك ئوتۇن.
شامى ھىجرانىڭ ئارا غەم ئوتىدا كويدۈرمەكىڭ،
ماڭا دەۋزەخدېك قىيىندۇر، ساڭا جەننەتدېك ئويۇن.
خاھ ۋەسل ئېت، خاھ ھىجران ئېلكىدە قىلغىل ئازاب،
كىم ئەزەلدىن قىسمىتىم دېپ بارىغە سۇندۇم بويۇن.
تاڭلا دېپ كەۋسەر مەسەللىك قويما لەئلىڭ شەربەتىن،
لوتف قىل گۇمنامغە جانا غەنىمەتدۇر بۈگۈن.

## 72 - غەزەل

ئىشق ئېلىنىڭ تونمەسى غەم تىغىدىن قانىمۇ ئېكىن،
رەخنە ـ رەخنە ① ھەرتەرەف چۈن لالە خەندانىمۇ ئېكىن.
ھۆسنى گۈل ياڭلىغ قىزارماي زەھر ھىجران سالقىنى،
زەئفىرانغە تەبدىل② ئەيلەپ كاھىشى جانىمۇ ③ ئېكىن.
پابەرەھنە ④، باش يالاڭ، يىرتىپ ياقا، فەرياد ئەتىپ،
تەلبەئى رەسۋا بولۇپ ھالى پەرىشانىمۇ ئېكىن.

① رەخنە ـ رەخنە — دەز، يىرىق، چاك ـ چاك.
② تەبدىل — ئالماشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، تېگىشىش،
③ كاھىشى جان — جان خورىتىش.
④ پابەرەھنە — يالاڭ ئاياق.

ھەر زەمان مىڭ فىكر ئەتىپ سەر رىشتەنى گۇم ئەيلەبان،
غۇسسەدىن مىڭ قان يۇتۇپ غەم بىلە ھەيرانمۇ ئېكىن.
تەلبە ئىتدېك ھەر تەرەفكە يۈز قويۇپ باشىن ئۇرۇپ،
تاش ئۇرۇپ ئىتفال ئاگا ئاندىن گۇرىزانمۇ① ئېكىن.
ئاھىدىن پەيدا بولۇر چۇن زەررە ئاتەش پارەلەر،
دەۋزەخ ئەھلىدېك جانى تەن ئىچرە سوزانمۇ ئېكىن.
ئىشق سېلىدىن ئەتىپ ۋەيرانە دىۋارى خىرەد②،
ۋەسل ئويىن تۈزمەك قىلىپ ئىشق ئىچرە نالانمۇ③ ئېكىن.
ھەر تەرەفدىن رەخنە-رەخنە تىفل تاشى زەخمدۇر،
يا مەگەر جىسمىدا ئانىڭ لەئلۇ مەرجانمۇ ئېكىن.
جىسمىدا گۇمنامنىڭ گۇل خارىدېك بەدنام ئوقى،
خارى پۇشت④ ئەتكەن ئانى ئول ئەھدى يالغانمۇ ئېكىن⑤.

## 73 - غەزەل

نەچە سەۋامەئ⑥ ئارا ئۆزنى پارسا قىلايىن.
كېل ئېمدى مەيكەدەگە⑦ قۇللۇغۇم رەسا قىلايىن.

① گۇرىزان — قاچقۇچى،
② خىرەد — ئېقىل.
③ نالان — نالە ۋە پەرياد قىلغۇچى، ئىڭرىغۇچى.
④ خارى پۇشت — تومۇر تىكەن، ئوغرى تىكەن، كىرپە.
⑤ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «ئەھد يالغان» دەپ يېزىلغان. «ئەھد» سوزىنىڭ ئايىغىدا شەخس قوشۇمچىسى بولۇشى كېرەكلىكى توغرا تېپىلدى.
⑥ سەۋامەئ — مۇناستىرلار. خىرىستىيان دەرۋىشلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسى لىرى. بىرلىگى — سەۋمەئە.
⑦ مەيكەدە — مەيخانە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوق ئېردى سەجدەگەھىم ئىچرە تاقى ئەبرۇيۇڭ ①،
قاشىڭ كورۇنسە نەمازىم بارى قەزا قىلايىن.
كى ساقىيا كەرەم ئېت ② بادەنى فەنا بولايىن،
نەچە ۋەرەئ ئېلىدىك ئۆزنى خۇدنەما قىلايىن.
كى ئەھلى زوھد قىلۇر تاڭلا ئىشرەتى جەننەت،
تەمۇغ③ ئارا نەچە مەيخانەلەر بەنا قىلايىن.
ئاچىلسە باغ ئارا گۇللەر، نەۋاقىلۇر بۇلبۇللار④،
يوق ئېرسە باغى جەمالىڭ، نەچۇك نەۋا قىلايىن.
نەچە ۋىسال تىلەپ ئۇرتەنەي گەدالىقدا⑤،
كى ھەجرى شاملارىن سايەئى ھۇما⑥ قىلايىن.
ۋىسال مۇژدەسىدىن تىرە كوزنى رۇۋشەن قىل،
كى فىراق يۈزىن كوز كەبى قارا قىلايىن.
كوزۇمنى مىھردىك تابىڭ بىلە ⑦ ئېرىت،
پەرىيۇ ھۇرۇ مەھ مىھرگە بەھا قىلايىن.
قاچان يەتەرسىن ئاڭا مىلك ھەۋا بىلەن گۇمنام،
كېل ئېمدى بارۇ يوقۇم بىر يولى فىدا قىلايىن.

① تاقى ئەبرۇ — قاش مېھرابى، قاشتىن ئىبارەت بولغان مېھراپ.
② كەرەم ئېت — مەرھەمەت قىل.
③ تەمۇغ — دوزاق.
④ ئەسلى نۇسخىدا «بۇلبۇل» دېيىلگەن، ۋەزن ۋە مەنا ئېتىبارى بىلەن «بۇلبۇللار» قىلىندى.
⑤ بۇمىسرادا ۋەزن ئېتىبارى بىلەن بىر بوغۇم كەملىك قىلىدۇ.
⑥ سايەئى ھۇما — ئەفسانەۋى بەخت قۇشىنىڭ سايىسى.
⑦ ئەسلى نۇسخىدا «تابىڭ بىلە» سوزى يېزىلغان ئورۇن بوش قالغان. مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى «ئېرىت» سوزىنىڭ تەقەززاسى بىلەن «تابىڭ بىلە» بىردىكىمىسى قوشۇپ قويۇلدى.

## 74 - غەزەل

دەمی ۋىسالىڭ ئىلە شاد قىلمادىڭ نەتەيىن،
مەنى ھەقىر كورۇپ كوزگە ئىلمادىڭ نەتەيىن.
خۇداغە سالدىم ئۇل بىلسۇ ئىشنى قىلدىم ئەدا،
كوڭۇل ئەقىدەسىنى يار بىلمەدىڭ نەتەيىن.
نەتەي، نەچارە قىلاي، ئىشقىڭ ئىچرە ئورتەندىم،
تۇگەنمەسىمدە كورۇپ چارە قىلمادىڭ نەتەيىن.
مەنىڭدىن ئوزگەنىڭ ئالدىدا گۇلدىك ئاچىلاسىن،
چۇ غۇنچە بەختىم ھەرگىز ئاچىلمادىڭ نەتەيىن.
سەنى تىلەپ كەچىپ ئىردىم جەھانۇ جانىمدىن،
فىغانىكى دامىمە ھەرگىز ئىلىنمادىڭ نەتەيىن.
نەۋائى ئىدى سەنەمىم دىيىپ فىغان چەكەر گۇمنام،
باشىمغە زىنەتىم ئىستەپ تاقىلمادىڭ نەتەيىن.

## 75 - غەزەل

قەدەم قويغايمۇ كولبەم ئىچرە ئول نەقدى رەۋان① بىر كۇن،
كىرەرمۇ مەقدەمىدىن② بۇ ئولۇك جىسمىمغە جان بىر كۇن.
چىقىپ جانىم كىرەر دىلبەرنى كورگەچ شادمانلىقدىن،
بەرۇرمۇ جامى لەئلىدىن ③ شەرابى ئەرغەۋان بىر كۇن.

① نەقدى رەۋان — ئوتۇۋاتقان پۇل، خەشلىنىۋاتقان پۇل.

② مەقدەم — كىرىش.

③ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «جامۇلەئل» دەپ يېزىلغان. بۇ جۇپ‌سوز ئەمەس. شۇڭا ئىزافەت باغلىغۇچىسى بىلەن ئېلىندى.



AltunOq

www.uyghurkitap.com

ئۇشۇل جامى مۇھەببەتدىن ① ئاچىلغايمۇ يۈزۈم گۈلگۈل،
بولۇرمۇ بادە تابىدىن مۇبەددەل ② زەئفىران بىر كۈن.
يۈرەك باغرىمغە مۈژگان زەخمى بىلە چەشمەلەر ئاچتىڭ،
قويۇپ مەرھەم يۈزۈڭ گۈلبەرگىدىن توزغايمۇ قان بىركۈن.
مەلامەت ئوقىدىن جىسمىمدە ھەدسىز يارەلەردۇركىم،
بولۇرمۇ ئىشق ئېلىگە يارەلەر باغى جىنان ③ بىركۈن.
سەنىڭ فىكرىڭ ساۋۇردى دىلگە جىسمىم كۆللەرىن ئورتەپ،
بولۇرمۇ ئىشق بەزمى ئىچرە يوق بولغان ئايان بىركۈن.
قىلۇرمەن ۋەسلىڭ ئىزدەپ جان فىدا مەقبۇل يا مەردۇد،
بولۇرمۇ ئاشكار ئەي جان بۇئەسرارى نىھان بىركۈن.
نەچە جانىم فىدا قىلسام ئىنىڭ ئالدىدا قەدرى يوق،
بىلۇرمۇ ناتەۋانى ھالىنى ئول قەدردان بىركۈن.
بۇگۈمنامىڭ فىراق ئەندۇھى ④ تاغى ئاستىدا قالدى،
تاپارمۇ بۇئاغىر يۈكدىن تاپىپ ۋەسلىڭ ئامان بىركۈن.

## 76 - غەزەل

كەلۇرمۇ بۇ گەدانى سورغالى ئول پادىشا بىركۈن.
يەتەرمۇ سەلتەنەتكە سورغانىدىن بۇ گەدا بىركۈن.
دەۋاسىز دەرد ئىلە قالدىم گىرىفتارى فىراق ئىچرە،
قىلۇرمۇ تەگرى خەۋفىدىن بۇدەردىمغە داۋا بىركۈن.

① بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا «جامۇ مۇھەببەت» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭمۇ بۇيەردە جۈپ سوز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئىزافەت باغلىغۇچىسى بىلەن ئېلىندى.
② مۇبەددەل — ئالمىشىلغان، تېگىشىلگەن، ئايرىۋاش قىلىنغان.
③ باغى جىنان — جەننەتنىڭ بېغى.
④ ئەندۇھ — غەم، قايغۇ.

سەنىڭ كويۇڭغە كىرگەچ كوپ جەفا يەتتى رەقىبلەردىن،
سەنى كورسەم رەقىبلەر يۈزى بولغايمۇ قارا بىركۈن.
ئەجەب مۇشكۈل ئىكەن بى دەردلەرگە ① مۇبتەلا بولماق،
قۇتۇلغايمۇ ئوشۇل بى دەردلەردىن مۇبتەلا بىركۈن.
جەفا كويۇڭدا چېكسەم ئېل ۋەفاسىدىن ئېرۇر بېھراق ②،
كورەرمەنمۇ ۋىسالىڭ ئىشرەتى بىلە ۋەفا بىركۈن.
جەھان رەئنالارىدىن كوزلەرىم شەھبازدېك ③ تىكتىم،
بولۇرمۇ كوزلەرىم كوندېك يۈزۈڭدىن پۇر زىيا ④ بىركۈن.
بەقاسىز دېدى بىلگەنلەر نە بار ئىككى جەھان ئىچرە،
فەنا بولغاچ ساڭا بۇ فانى تاپغايمۇ بەقا بىركۈن.
ئەگەر نەفس ئىلكىدىن قۇتقارماساڭ نەتكۇمدۇر ئەي قاتىل،
ئولەرمۇ ئول زۇمۇررەد ⑤ كوزلەرىڭدىن ئەژدەھا بىركۈن.
ماڭا بەس قۇللۇغۇڭ، ھاجەت ئېمەس شاھى جەھان بولماق،
بۇ گۇمنامىڭ بولۇرمۇ لوتفىدىن ھاجەت رەۋا بىركۈن.

## 77 - غەزەل

جىلۋە ئەيلەپ شوخلىقدىن جانىم ئالغان سېنمۇ سېن،
يامەنىڭ روھى رەۋانىم، جىسمىمە جان سېنمۇ سېن.
بۇ باشىم ئايلاندۇرۇر ھەجرىڭ شەمالى ھەر تەرەف،

---

① بۇيەردىكى يونۇلۇش كېلىش قوشۇمچىسى «گە» ئەسلى نۇسخىدا يوق، كېيىن قوشۇلدى.
② بېھراق — ياخشىراق، خوپراق.
③ شەھباز — لاچىن.
④ پۇرزىيا — ناھايىتى يورۇق. ناھايىتى روشەن، ناھايىتى نۇرلۇق.
⑤ زۇمۇررەد — زۇمرەت، يېشىل رەڭلىك قىممەت باھا تاش.

گۈلشەنى ئىشقىڭدا قىلغان بىدى لەرزان① سېنمۇ سېن.
ئىچمەيىن ۋەسلىڭ شەرابىن تېگدى بەدنامىلىك ئوقى،
ھەسرەتىڭدە ئەيلەگەن يەر بىلە يەكسان سېنمۇ سېن.
زىنەتى ھوسنۇڭنى ئىستەپ تاپمايىن دۇررۇ گوۋھەر،
مەئدەنى كوزدىن چىقارغان دۇررۇ مەرجان سېنمۇ سېن،
شەمئىدەك ئىل بەزمىنى رۇۋشەن قىلىپ ھوسنۇڭ بىلە،
جانىم ئورتەرگە فىراقىڭ ئوتى ياققان سېنمۇ سېن،
مىھنەتۇ دەردىمنى سورماي غۇنچەدەك ئاغزىڭ ئاچىپ،
ئىلگە ئىشرەت باغى ئىچرە نارى خەندان سېنمۇ سېن،
سايەدەك يۈردۈم ئاياغىڭ توفراغىغە يۈز سۈرۈپ،
باقمادىڭ بىردەم تۇرۇپ سەرۋى خىرامان ② سېنمۇ سېن.
ھەر كوڭۈل مۇرغى ئۇچۇن زۇلفۇڭ پەرىشان ئەيلەبان،
ھۇركۈتۈپ ئەقلىم قۇشىن، قىلغان پەرىشان سېنمۇ سېن.
ھەر زەمان ئەيلەپ غەزەب گۇمنامىغە تارتىپ قىلىچ،
بۇ تىلىم سان سان قىلىپ ③ ئىتلارغە سالغان سېنمۇسېن.

## 78 - غەزەل

دىلبەرى خوش ئەدايى مەن — مۇنچە چۇچۇك بولۇرمۇسېن،
ئەي خۇش سوزلۇك دىلبىرىم
ئامەدە دەركەنارى مەن — بىردەمى ئولتۇرۇرمۇ سېن.
كېلىپ مېنىڭ يېنىمغا
فەسلى بەھار ۋەقتى گۈل - لوتفى ئەتىبان چەغىر ④ ئىچىپ،
باھار پەسلى، گۈل ۋاقتى

① بىدى لەرزان — مەجنۇنتال.
② سەرۋى خىرامان — ناز بىلەن يۇرگۈچى سەرۋ (سويگۈ).
③ سان سان قىلماق — پارچە - پارچە قىلماق، تىلىم - تىلىم قىلماق.
④ چەغىر— ئىچكۈلۈك، مەي، شاراپ، "چاغىر" مۇ دېيىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1

ئاشىقى زارى خىش را — لەهزە قۇچۇپ ياتۇرمۇسىن.
ئۇز ئاشىقى زارىڭنى
پىش كەمانى ئەبرۇيەت — خەستە كوڭۇل نىشانەدۇر،
قىپىشلىك ياسى ئالدىدا
سىنەئى خۇد كۇشادە ئەم — غەمزە ئوقىن ئاتۇرمۇسىن.
ئىچىپ قويدۇم كوكسۇمنى
ئەز دەرى تۇ كۇجا رەۋەم — هەر نەچچە قۇلاساڭ مەنى،
ئىشىگىڭدىن كىتەي نەگە
مەن سەگى ئاستانى تۇ — هەجر ئىلە ئۇلتۇرۇرمۇسىن.
بۇسۇغاڭدىكى ئىت مەن
ئەز سەرى تۇ چۇ كاكىلەت — ئۇيرۇلۇبانۇ چورۇلۇپ ①،
بىشىڭدىن چىچىڭ ئوخشاش
دەردى تو ئەرز ئەگەر كۇنەم — هالى دىلىم سورارمۇسىن.
دەردىڭنى ئەرز ئەيلىسەم
بۇسەئى لەب تەلەب كۇنەم — قەهر ئەتىبان ئاچىغلاما،
لىۋىڭدىن سويسەم دىسەم
نازۇ كەرەشمە كەردە جان — بۇ تىلەكىم بەرۇرمۇ سىن.
جىنىم! جىلۋە، ناز قىلىپ،
كۇشتەنى مەن مۇرادى تۇ — قاش قىلىچىن تارتىبان،
ئۇيۇڭ مىنى ئۇلتۇرۇش
ئامەدە باشى بەرسەرەم — قەهر ئىلە، قايتارۇرمۇ سىن.
بىشىمغا تەگلىدىڭۇ
ئاتەشى زۇلمى خىش گىر — قىل ماڭا رەهم ئەي سەنەم،
زۇلمىڭ ئوتىنى توختات

---

① بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "ئويرۇبانۇ چورۇلۇپ" شەكلىدە كەلگەن. ۋەزن ئىتىبارى ۋە بۇ سوزلەرنىڭ هەر ئىككىلىسى مەجهۇل شەكلدە كىلىش لازىملىغىنى كوزدە تۇتۇپ "ئويرۇلۇبانۇ چورۇلۇپ" قىلىپ تۇزىتىلدى.

بەندەئى زەرى خەرىدرا — مۇنچەمۇ كويدۇرۇرمۇسىن.
ئالتۇن خرىدارىنى
ئىشقى نىگاررا تەرك كۈن — گۇمنام ئانىڭ ۋەفاسى يوق.
تەرك ئەت نىگار ئىشقىنى
نىم نەزەر نەمكۇنەد — مۇنچەمۇ تەلمۇرۇرمۇسىن.
قىيا قاراپ قويمايدۇ*

## 79 - غەزەل

يار ئەگەر ئاتلانسە ئويى سارى ئىشرەت باغىدىن،
ئىل قىلىپ نەززارە گۈللەر ئۈزسە هوسنى باغىدىن.
مەن رىزامەن گەر بولۇپ ئول خەيل بىلە هەمقەدەم،
بەس ئىرۇر، مەن خەستەغە بەرسە ئۈزۈپ يافراغىدىن.
بەرگى هەم بولماي مۇيەسسەر قاۋماسا مەردۇد ئەتىپ،
كوزگە يەتسە سۈرمە بەسدۇر ئاتىنىڭ تۇفراغىدىن.
بۇمۇ هەم يەتمەي بەهەم، ئىل دىسە ئول ئايىنىڭ ئىتى،
هەر نەچە تاش تۈشسە باشىمدۇر بەلىيەت① تاغىدىن.
كويىدا ئولسەم سالىك جانا ئىتىغە سودرەتىپ،
دەۋلەتىم ئولدۇر ئۈزۈپ جىسمىم يەسە تىرناغىدىن.
يۈز مەسىهادىن فۇزۇن تىرگۈزگۈسىدۇر ئول مەنى،
گەر نەسىمى يەتسە ئانىڭ زۇلفىنىڭ تارغاغىدىن.

---

* بۇ غەزەلنىڭ هەر مىسراسىنىڭ ئالدىنقى سەككىز بوغۇمىدىن تۈزۈلگەن قىسمى پارس تىلى بىلەن يېزىلغان. شۇڭا تەرجىمىسى ئاستىغا بېرىلدى. مىسرانىڭ پارسچە قىسمى بىلەن ئارىسىغا سىزىق تارتىپ قويۇلدى.

① بەلىيەت — بالا، بەختسىزلىك

قەسدى ئۇلدۇر دوستلار كوۋنەين① ئارا گۇمنامىنىڭ،
قىلماسا جانان جۇدا جاننى مىهرى باغىدىن.

## 80 - غەزەل

قەرارىم يوق كوڭۇلدە لەھزەئى دىۋانە مەشرەب مەن،
قۇيۇندىك ھوسنى شەمئىن ئايلانىپ پەرۋانە مەشرەب مەن.
جەھاننىڭ ھەرنە بارىن ئاخىرەتنى ئىلتىماس ئەتمەم،
پەرىدۇر يا مەلەك ئاندىن بولەك رىندانە مەشرەب مەن.
ئىشىمدۇر فەقر يولىن تەي قىلىپ② قەتئى تەئەللۇقدۇر②،
ئىچىپ مەي تۇنۇكۇن مەن تالىبى مەيخانە مەشرەب مەن.
مەنى زاھىر كوزىدە كورگەن ئېل ئوزدىن گۇمان ئەيلەر،
ۋەلى ئېل ئىچرەدۇرمەن بارچەدىن بىگانە مەشرەب مەن.
سەرىلىپ ھەر تەرەفكە يول يۇرۇردە پەستۇ بالا تەڭ،
ئوزۇمدىن ھەم خەبەر يوق ھۇشى يوق مەستانە مەشرەب مەن.
ماڭا دۇر سادەۋەشلىك④ ۋەزئ⑤، مەيدىن سەرنىگۇنلۇق خۇي،
ئاچۇق ئەئزا، يارۇق تەن، خەلق ئارا ۋەيرانە مەشرەب مەن.
تاپىپ مەشرەب يولىن تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گۇمنام،
ئىمەسمەن چىزى تائەت⑥، مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەب مەن.

① كوۋنەين — "كوۋن - مەۋجۇدىيەت، دۇنيا" سوزىنىڭ جۈپلۈك فورمىسى — ئىككى دۇنيا.
② تەي قىلماق — يۈرمەك، ماڭماق.
② قەتئى تەئەللۇق — مال - مۈلۈك، دۇنيادىن ئۈزۈلۈش، مال دۇنيا قىلماسلىق.
④ سادەۋەش — سادە مىجەزلىك، گولغا ئوخشاش.
⑤ ۋەزئ — يارىتىلىش، ئادەت.
⑥ چىزى تائەت — بويسۇنغۇچى نەرسە، ئىتائەت قىلغۇچى نەرسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 81 - غەزەل

كىم مەنىڭ ئىشقىم سەنىڭ ھوسنۇڭ ئەزەلدىن تۇئەمان①،
ھىچ مەھەلدە بىر بىردىن ھەرگىز ئىرمەس ئاجراغان.
ھەر نەچە قىلساڭ تەسەۋۋۇر كەلمەگەي سۇرەتكە ھىچ،
لەيك مەئنى ئىچرە سۇرەت ھوسن ئولۇپدۇر ئىشق جان.
ئىشقىنىڭ كوۋنۇ مەكانى ئىچرە مەكانى يوقتۇرۇر،
لەيك باقساڭ جان كوزىدە ئىشقسىز يوقتۇر مەكان.
بولھەۋەسلەر بىنەھايەتدۇر قاچان تاپقاي خەبەر،
ئىشق ئاتىن تۇتقان بىلە تا بولماغۇنچە باغرى قان.
ئىشق ئەيۋانى ئىرۇر بىسيار ئالى كىم چىقار،
كويدۇرۇپ ئوزىنىيۇ جانىنى ئەتمەي نەردىبان②.
ئىشق ئاتى مەشھۇر ئىرۇر كىم كوردى شەكلى سۇرەتىن،
جانۇ دىل كويىمەكدىن ئوزگە كىم ئانى كوردى ئەيان.
ئاڭلاغىل گومنام باقساڭ ھەر تەرەف يوق غەيرى ئىشق،
فانى بولغان كوز كورەر ھىچ تىل ئانى قىلماس بەيان.

## 82 - غەزەل

يوق پەرىلەر ئىچرە جانا سىن كەبى شىرىن دەھەن،
كوزلەرىڭ تەرھىغە③ نەچۇك ئوخشاتاي نەرگىسنى مەن.
بىر قەدىڭدىك سەرۋ ھىچ بوستان ئىچىدە ئۇنمەدى،
گۇل قاچان ئوخشار يۈزۈڭە، كوزۈڭە بەرگى سەمەن.

① تۇئەمان ـــ بىللە.
② نەردىبان ـــ شوتا.
③ تەرھ ـــ قۇرۇلۇشى، تۈزۈلۈشى.

كىمنى كورسە ئاقتادۇر قانىنى دەريا قىلىپ،
قايسى جەللاد ئولغۇسى قاشىڭ كەبى شەمشىرى زەن①.
غۇنچەنى لەئلىڭغە تەشبىھ ئەيلەمەك ئېرمەس ئەدەب،
ھەددى ئېرمەس سەدقەغە لەئلى بەدەخشانۇ يەمەن.
ئاتەشىن لەئلىڭ ئىچىدىن ئابىھەيۋان جۇش ئېتەر،
ھوققەئى ياقۇت ئىچىدە تىشلەرىڭ دۇررى ئەدەن②.
سۇنبۇل ئولسۇن يا زىرە يا زەئفىران يا ئۇد كىم،
بارچەنى ئەبتەر③ قىلۇر ئول سۇنبۇلى ئەنبەر شىكەن.
پىرەھەن رەشكى ئوتى جانىمدادۇر تەگرى ئۈچۈن،
جىسمىم ئەيلەپ ۋەسل تاشلا پىرەھەن ئەي سىمتەن.
دانەئى خالىڭ كورۇپ ئوتلۇغ يۈزۈڭدە ئەي پەرى،
ئاتەشىن جىسمىم ئارا كوڭلۇم ئېرۇر مۇشكى خوتەن.
مىھر ئىلە ماھ، لەئل ئىلە گۇل كورمەسە ئوتلۇغ يۈزۈڭ،
خىلۋەتى بولسە، بولۇپ پەرۋانە ياقسام جانۇ تەن.
مەن سەنىڭ ھوسنۇڭە زار ئولماق ئەزەلنىڭ قىسمەتى،
ئېمدى خۇشتۇر غەيرىسىز بولساق ئىكو سېن بىلە مەن.
باغى ئىشرەت ئىچرە يوق سېن، بىر تىكەندۇر كوزگە گۇل،
گەر خەيالىڭ بولماسە كوڭلۇم ئېرۇر بەيتۇلھەزەن④.
ئافەتى دەۋران باشىمغە سالسە ئوت راھەت ماڭا،
گەر گەداڭ ئولسام ماڭا بەس، تەخت ئۆزە قىلمام ۋەتەن.
رەھم قىل گۇمنامغە بىر خەستەدۇر زارىڭ سەنىڭ،
دەۋلەتىڭ پايەندە⑤ قىلسۇن ئول خۇدايى زۇلمەنەن⑥.

① شەمشىرى زەن — شەمشەر ئۇرغۇچى.
② دۇررى ئەدەن — ئەدەندىن چىقىدىغان دۇر، مەرۋايىت.
③ ئەبتەر — پەرىشان، بەختسىز.
④ بەيتۇلھەزەن — غەمخانە، غەم ئۆيى.
⑤ پايەندە — دائىمى، ئەبەدى.
⑥ زۇلمەنەن — ئېھسانلار ئىگىسى، ئېھسان قىلغۇچى.

www.uyghurkitap.com

# 83 ـ غەزەل

تىلەرمەن قادىرا ئول دىلبەرىم ئىشقىمدە زار ئولسۇن،
مەنىڭ قەدرىم ئۇتەلسۇن، ھوسنۇم ئىزدەپ بىقەرار ئولسۇن.
يولغە ئىنتىزار ئولغاچ كوزۇمنىڭ گۆۋھەرى سىزدى،
قارارسۇن كوزلەرى ئول ھەم مەنىڭدېك ئىنتىزار ئولسۇن.
مەنىڭ ئىشقىمنى باۋەر قىلمادى①، قاشىمغە كەلتۈرگىل،
كورۇپ ھالىم قولىن تىشلەپ نەچاغلىق شەرمسار② ئولسۇن.
چاقىندېك شوئلە تارتىپ رەئد ياڭلىغ نالەشىم③ كورگەچ،
تۇتۇلسۇن كۈن يۈزى ھەم ئەبر ياڭلىغ ئەشكبار④ ئولسۇن.
بەلا ھىجرانى ئىچرە ئاتەشى مىھنەتدە قالغاننى،
تەماشا ئەيلەسۇن، رووشەن جەھان كوزىگە تار ئولسۇن.
قاشىڭ چىن ئەيلەمە⑤، تەرك ئىت غەزەبنى⑥، ئىلتىفات ئەيلە،
يۈزۈڭ ئەيدىنى كورمەككە يەڭى ئاي ئاشكار ئولسۇن.
فەلەك باغرىدا يۇلدۇزدېك غەمىڭ ھەدسىز ئىدى جانا،
مۇنىڭدېك ۋەسلىڭ ئىچرە ئىلتىفاتىڭ بىشۇمار⑦ ئولسۇن.
خەيالىڭ مۇرغىنى كوڭلۇم قۇشى سەيد ئەتكەلى قويدۇم،

① باۋەر قىلماق — ئىشەنمەك، ئىشەنچ قىلماق.
② شەرمسار — شەرمەندە، ئۇياتلىق.
③ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "نااليشىم" شەكلىدە يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن "نالەشىم" قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.
④ ئەشكبار — ياش توككۈچى، يىغلىغۇچى.
⑤ قوشۇماڭنى تۈرمە.
⑥ ئەسلى نۇسخىدا "تەرئىت غەزەبنى" شەكلىدە يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن "تەرك ئىت غەزەبنى" بولغىنى توغرا تېپىلدى.
⑦ بىشۇمار — ساناقسىز، سانسىز.

ئەگەر جانىم كەمەندىغە فەلەك ماھى شىكار ئولسۇن.
مەنى گۇمنامىنىڭ غەم كولبەسىغە ئىتلارىڭ كەلسە،
قەدەم ئىسارىغە باغرىم، دىلۇ جانىم نىسار① ئولسۇن.

## 84 - غەزەل

ئوتمۇ ھەم بار، گۈلمۇ ھەم بار يارنىڭ رۇخسارىدە،
يامۇ ھەم بار، ئوقمۇ ھەم بار ئول كوزى خۇنخارىدە.
زەئفىران ھەم، مۇشك ھەم، ئەنبەرمۇ ھەم، سۇنبۇلمۇ ھەم،
جانىمۇ ھەم، ئىمانىمۇ ھەم ئول لەئلى شەككەر بارىدە②.
زۇلم ھەم، رەھمەتمۇ ھەم، فۇرقەتمۇ ھەم، ئىشرەتمۇ ھەم،
زەھر ھەم، شەككەرمۇ ھەم، ئول ۋەسل ئىشرەتزارىدە.
مەن ئېرۇرمەن ئىشقىدە ھەيران، تۇمەن ھەسرەت بىلە،
بىئەدەد③ بىدەرد ئاسىغلىق زۇلفىنىڭ④ ھەر تارىدە.
سەرنەۋشتىمدۇر مەنىڭ ئوتىدا كويمەك سۇبھۇ شام،
گۇللەرى ئېل ئىلكىدە جانۇ دىلىمدۇر خارىدە.
زەئفىران يۈز مەندەدۇر، ئېلنىڭ دىماغى تازەدۇر،
مۇشكۇ ئەنبەر سۇنبۇلىدىن بىخەبەر ھەر سارىدە.
ئېلگە راھەت، نازۇ نېئمەتدۇر⑤ ئەزەل قەسسامىدىن⑥،

① نىسار ــ چېچىش.
② شەككەر بار ــ شېكەر ياغدۇرغۇچى. لەئلى شەككەر بار ــ شېكەر تېمىپ تۇرىدىغان لەۋ.
③ بىئەدەد ــ سانسىز.
④ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا ”زۇلفىنىڭ“ شەكلىدە يېزىلغان. ”زۇلف“ سوزىدىن كېيىن شەخس قوشۇمچىسىنىڭ كېلىشى لازىم دەپ ھىساپلاپ ”زۇلفىنىڭ“ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.
⑤ ۋەزن ئېتىبارى بىلەن ”نېئمەت“ سوزىدىن كېيىن ”دۇر“ قوشۇپ قويۇلدى.
⑥ قەسسام ــ تەقسىم قىلىپ بەرگۇچى، ئۈلەشتۈرگۇچى.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كويمەكۈ ئۇلمەك ساڭا بولماغاچ گولنارىدە①.
گۈلغە پاتتىم، ئوتقە تۈشتۈم، بىلمەدىم نىپنەۋۇ مەن—
غەرق ئولۇپ بولدۇم فەنا ئىككى كوزۇم خۇنخارىدە.
مۇلمۇ ھەم، ساغەرمۇ ھەم بار، ھەم نەباتۇ لەئلىدە،
تازە گۈلدىك ماھى بەدرۇ مىھرى پۇر ئەنۋارىدە.
بۇ مەنىڭ كوڭلۇم مۇسەلسەل زۇلفىنىڭ تارىغە بەند،
بەلكى چىرماشتى تەنىمگە ئىشق ئوتى ھەر سارىدە.
ئەيشى راھەت ئىلگە، دەردىن جانغە ئال گۇمنامكىم،
مۇئتەبەردۇر دەردۇ مىھنەت② ئىشقنىڭ بازارىدە.

## 85 - غەزەل

دىلبىرىمنىڭ ئولتۇرۇرگە قاشى ياسى ئوزگەچە،
مىڭ مەسىھ شاگىردى تىرگۈزمەك دۇئاسى ئوزگەچە.
مەرھەمى يوق مىڭ يارا ئىل كوڭلى ئىچرە دوستلار،
مەرھەمىدۇر ئوزگەچە، كوڭلۇم ياراسى ئوزگەچە.
مىڭ بەلا يۈزلەنسە ۋەھمىم يوق، نە كەلسە رازىمەن،
ھىچ ئاشىق كورمەگەن ئانىڭ بەلاسى ئوزگەچە.
روزگارىمدۇر قارا، ھەرگىز ئاقارماس تۈن كەبى،
كوز قارارىم ئوزگەدۇر، كوزى قاراسى ئوزگەچە.
ئوزگە دىلبەرلەر ئىزىدىن كەتمەگەي كوز تىرەسى،
چۈنكى ئول دىلبەر ئىزىنىڭ توتىياسى ئوزگەچە.
ئوزگەلەر شاھ ئولسە، ئولدۇر تاجلارنىڭ گوۋھەرى،
ئوزگەدۇر شەھلىق ئاڭا ھەمدۇر گەداسى ئوزگەچە.

---

① گۈلنار — ئانارگۈل.

② بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "دۇدى مىھنەت" شەكلىدە يېزىلـغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن "دەردۇ مىھنەت" بولغىنى توغرا تېپىلدى.

سەرۋ، گۈللەر ئۈزرە قۇمرى①، بۇلبۇل ئايغايلار سەنا②،
دىلبەرىم بۇلبۇللارىنىڭ زىكرۇ سەناسى ئۆزگەچە.
ئۆزگەلەر قىلسە جەفا، مىھرۇ ۋەفا كورسەتسە ھەم،
ئۆزگەدۇر جوۋرى③ ئانىڭ، مىھرۇ ۋەفاسى ئۆزگەچە.
ئۆزگەلەر ھەم ئۆزگە رەڭدۇر، جوۋرى زۇلمى④ ئۆزگە رەڭ،
كىم ئانىڭ دەردى بولەكدۇر ھەم دەۋاسى ئۆزگەچە.
ھەر كەسەلنىڭ دارۇسى باشقە تەبىبى ھەم بولەك،
ئىشق دەردىنىڭ دەۋاسى ھەم غىزاسى ئۆزگەچە.
دىمەگىل گۇمنامىنىڭ كوڭلىدە ئىلدىكدۇر تەلەب،
ئۆزگەدۇر ئىل قەسدى ئانىڭ مۇددەئاسى ئۆزگەچە.

## مۇخەممەسلەر

..........................................................................

× ×

..........................................................................

..........................................................................

نى زۇلفۇڭ ھەلقەسىن سالدىڭ ماڭا بەندى جۇنۇن قىلدىڭ،
ئاغىر يۇكلەپ فىراقىڭنىڭ يۇكىنى سەرنىگۇن قىلدىڭ.
بۇ زوئف ئەھۋال ئارا كورسەت جەمالىڭنى مەدارىم بول.

① قۇمرى — پاختەك.
② سەنا — ماختاش.
③ جوۋر — "جەبر" سوزىنىڭ پارس تىلىدىكى بىر خىل شەكلى.
④ بۇ سوز ئەسلى نۇسخىدا "زۇلم" دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، مەنائېتىبارى بىلەن ئاخىرىغا شەخس قوشۇمچىسى قوشۇپ قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

× ×

كەمالى هوسن ئارا ئەي جان نەسىبەڭ بولدى خاتەملىك①،
زەكاتى هوسن ئېتەرگە ئاشىقىڭغە ئەيلە هاتەملىك②.
پەرىلىك خۇيىنى تەرك ئەيلە تۇتغىل رەسمى ئادەملىك،
مەسىھايى لەبىڭ دەفئ ئەيلەسۇن مەندىن بۇ ماتەملىك،
كېل ئېلىدىن ياشۇرۇن بىر لەھزە بوسى كەنارىم③ بول.

× ×

مەنىڭ كوڭلۇمدە يوق غەيرى ھەۋاڭ، يالغۇز ساڭا قۇلمەن،
ئالىپدۇر تاقەتىمنى ۋەسل يادى بى تەھەممۇلمەن④.
يۈرۈپمەن نەقدى ۋەسلىڭ ئالغالى كوزدىن ساناپ پۇل مەن،
تارىب تۇخمى ۋەفا ھەسرەت باغىدا ئاچمادىم گۇل مەن،
مەنى بۇلبۇلغە گۇل ھەم بولماساڭ باغ ئىچرە خارىم بول.

× ×

ماڭا ئىشرەت مەيىدىن قايدا يەتكەي غەيرى غەم سىنسىز،
بەھارىمدىن تىكەنلەر ئاچىلۇر كوز توكسە نەم سىنسىز،
ماڭا سىنغان سەفالدىن كەم كورۇنۇر جامى جەم سىنسىز،
مەنى بار ئەيلە ۋەسلىڭ جامىدىن بولدۇم ئەدەم⑤ سىنسىز،
مەسىھادىك ئۆلۈك جىسىم ئىچرە ئەي گۇل جان سىپارىم بول.

① خاتەم — ئۈزۈك، ئۈزۈلۈش.
② هاتەم — راۋايەت بويىچە بىر سەخى پادىشا.
③ بوسى كەنار — قۇچاقتا سويۇش، قۇچاغلاپ سويۇش.
④ تەھەممۇل — سەبىر، تاقەت.
⑤ ئەدەم — يوق، يوقلۇق.

× ×

ماڭا ئىشقىڭ مەيدىن ھىررلىق ئاتى ئۇياتىمدۇر،
قاچان ئۆلگۈمدۇرۇر شىرىن سوزۇڭ ئابى ھاياتىمدۇر،
غەمىڭ زەھرى خەيالى بەزمىدە قەندۇ نە باتىمدۇر،
فىراقىڭنىڭ بەلاسى ئىشق ئارا ئەيشى نە شاتىمدۇر①،
يولۇڭدا گەرد ئولاي تۇفراغ ئولۇپ سىن شەھسۇۋارىم بول.

× ×

ساڭا قۇل بولغالى بەرھەم ئېمەس قويدۇڭ ئەدەدسىز داغ،
ئېرۇر ھەر قايسى داغىڭ مىڭ ئاچىلغان لالەدىن بېھراغ②،
مەنىڭكى بولدى ئىشرەت گۈلشەنى بولغاچ تەنىم تۇفراغ،
بۇ مەيگە جاي ئېتەرگە بارچە يەردىن ياخشىراقدۇر باغ،
بۇ ئىشرەت جاي ئۇزە يالغۇز سىن ئوق ئەي گۈلئۇزارىم بول.

× ×

مەنى بۇلبۇل بۇ باغ ئىچرە سەنىڭ ھوسنۇڭ گۈلىن سويدۇم،
تىكەنلەر ئىلكىدىن مىڭ جوۋرلەر جانىمغە كەلتۇردۇم،
يۈزۈڭنىڭ فۇرقەتىدىن قايدا گۈل ئاچىلسە سىندۇردۇم،
يۇتۇردۇم ئوزنى گۇمنام ئولدۇم، كوڭلۇمنى تىندۇردۇم،
ئولۇپمەن ئىشقىڭ ئىچرە دايىما شەمئى مەزارىم بول.

---

① ئەيشى نەشات — خوشال - خورام تۇرمۇش.
② بېھ — ياخشى، بېھراغ — ياخشىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەي دىل بەھارى گۈلشەن ئارا خانە ئىستەگىل،
گۈلشەندە سوھبەت ئەتكەلى جانانە ئىستەگىل،
شۈرب① مۇدام قىلغالى مەيخانە ئىستەگىل،
گۈلچىھرە ساقى تۇتقالى پەيمانە ئىستەگىل،
جانانە جانۇ دىل بىلە مەستانە ئىستەگىل.

× ×

بۇلبۇلغە ئوخشا② ئاشىقى بىر گۈلئۈزار بول،
كويىمەككە ئىشق ئوتىغە پەرۋانەۋار بول،
ھوسنى جامال كورمەك ئۈچۈن ئىنتىزار بول،
ئىشقۇ مۇھەببەتىدە ئانىڭ بىقەرار بول،
ئەيشى سۇرۇر③ تۈزگەلى كاشانە ئىستەگىل.

× ×

ھەر كىم جەھاندا ئاشىقى دىدارى يار ئېمەس،
ھوسنى جەمالى يارغە ھەيرانۇ زار ئېمەس،
لەيلىۋەشىنىڭ ئىشقىدە مەجنۇن شىئار ئېمەس،
ھەر كىمدە ئىشق بولماسا ئول ئېتىبار ئېمەس،
ئىشق ئەھلىنى تاپارغە مۇھىببانە④ ئىستەگىل.

① شۈرب — ئىچكۈلۈك ئىچىش.
② ئوخشا — ئوخشاش (بۇيرۇق شەكىل ئەمەس).
③ ئەيشى سۇرۇر — شاد تۇرمۇش.
④ مۇھىببانە — دوستلارچە، يارتىمپ، سۆيۈپ.



AltunOq

× ×

فاش ئەتمە ئىلگە ئىشقنى زىنھار ئەي كوڭۇل،
سىررى نىھاننى ئەيلەمە ئىزھار ئەي كوڭۇل،
دىل مەخزەنىغە يىغ دۇررى ئەسرار ئەي كوڭۇل،
يىغلار كوزۇم فىراقىدا بىسيار ئەي كوڭۇل،
گەر ئىستەسەڭ ۋىسالىنى گىريانە ئىستەگىل.

× ×

كوڭلۇڭە ئىشق دەردىنى سال راھەت ئىستەمە،
دىدارى ھەقنى ئىستەگىلۇ جەننەت ئىستەمە،
ئەلفەقر فەخرىنى ئوقۇغىل، دەۋلەت ئىستەمە،
نەفسىڭ خىلافىن ئەيلەگىلۇ لەززەت ئىستەمە،
ساھىبى دىلنى تاپقالى رىندانە ئىستەگىل.

× ×

ئەي دىلى ئەزىز مەھرەمى ئەسرار ئىستەلى،
ئەييامى نەۋ بەھارۇ دىلدار ئىستەلى،
گۇلرەڭ مەينى كەلتۇر ئىچىپ يار ئىستەلى،
كوڭلىدە مىھر بار ۋەفادار ئىستەلى،
بىر لەئلى غۇنچە تىشلەرى دۇردانە ئىستەگىل.

× ×

باغلا بەلىڭنى مەھكەمۇ ھىممەتنى قىل كەمەر،
كەچگىل جەھانۇ جاندىنۇ ئوزدىن قىلىپ گۇزەر①،

① گۇزەر — ئوتۇش، كېچىش.

www.uyghurkitap.com

بەرگەي فۇتۇھى① فەيز ئەزىزان كاشقەر،
قىل ھىممەتنى سەلاھ، مۇبارەكدۇرۇر سەفەر،
سەير ئېت جەھاننى جان بىلە جانانە ئىستەگىل.

## رۇبائىلار

گۇمنام يۈگۈر يارى شەكەر لەب ئوتتى،
ئىشرەت مەيىنى بارچەغە تەڭلەپ ئوتتى،
كىم چابۇك② ئىدى ئىچتى ئالىپ ئابىھەيات،
ھەر ئاغزى ئوچۇق قالدى قارا لەب ئوتتى.

× ×

گۇمنام ھەي ھەي سەرۋى خۇرامان ئوتتى،
ئاشىق ياقاسى چاك بى دامان ئوتتى.
گۇلخەند قىلىپ ئىلگە تۇرۇپ سۇندى ئاياق،
تەئجىل③ ئەيلەگىل ساقىئى دەۋران ئوتتى.

× ×

گۇمنام يۈگۈر ئول لەبى مەيگۇن ئوتتى،
سەھبا④ كوپ ئىچىپ رۇخلارى گۇلگۇن ئوتتى،
ئاشىق بۇ سىفەت كوردى فىدا ئەيلەدى جان،
زاھىد ئىچىدىن جوي بولۇپ خۇن ئوتتى.

① فۇتۇھ — ئېچىش، شەپقەت، مەرھەمەت، لوتپ، ئىلتىپات.
② چابۇك — چاپسان، تىز، چاققان.
③ تەئجىل — ئالدىراش، ئالدىرىماق.
④ سەھبا — شاراپ.

گۇمنام يۇگۇر كوزى خۇمارىم ئۇتتى،
ھەريان ئېگىلىپ جىلۋەدە يارىم ئۇتتى.
نې غەفلەت ئېرۇر سەندە كورۇپ تويۇپ ئال①،
جانىم كەتتى ھەم سەبرۇ قەرارىم ئۇتتى②.

× ×

گۇمنام گۇلۇك مەۋسىمى بوستان ئۇتتى،
ھەيف ئۇستىگە ھەيف ئىشرەتى مەستان ئۇتتى.
يالغۇز سېنى ئېمەس گۇل يوقىدىن يىغلاغالى،
بۇ دەرد ئىلە مىڭ بۇلۇلى دەرمان ئۇتتى.

× ×

گۇمنام يۇگۇركى شوخ نىگارىم ئۇتتى،
زۇلفەكلەرى③ بويىندا تۇمارىم ئۇتتى.
ھەر كىم ساچىنىڭ تارىغە جان باغلامادى،
مىڭ غۇسسەنى يۇتتى، كوڭلى يارىم ئۇتتى.

---

① ئەسلى نۇسخىدا "تويۇپ" سوزىدىن ئالدىن بىر "خوب" سوزى كەلتۇرۇلگەن. ۋەزن ئېتىبارى بىلەن ئۇشۇق دەپ ئېلىۋېتىلدى.

② بۇ مىسرادىكى "ھەم" سوزى ئەسلى نۇسخىدا يوق. ۋەزن ئېتىبارى بىلەن قوشۇپ قويۇلدى.

③ زۇلفەك—"زۇلف" سوزىنىڭ ئەكىلىتىپ ئېيتىلىشى، كىچىك-لىتىپ ئېيتىلىشى.

گۈمنام يۈگۈر قاشلارى قۇندۇز ئۈتتى،
بۇ ئاي كەچە چىقماي نېگە كۈندۈز ئۈتتى.
مىننەت تۇتقىل چىقسە كەچە يا كۈندۈز،
خوب قىلدى كوڭۈلنى ئاۋلادى ئۈز ئۈتتى.

× ×

گۈمنام يۈگۈر شەرابى ساقى ئۈتتى،
جان تىرگۈزە كوركى ئۇمر باقى ئۈتتى.
سېن كىمگە قىلۇرسە سەجدەئى بەندەلىكىڭ،
قەۋسەين زوھۇرى قاشى تاقى① ئۈتتى.

× ×

گۈمنام قايان قارايسە جانان ئۈتتى،
زۇلمەت قاچتى مىھرى دەرەخشان ئۈتتى،
ئېمدى نەچە قان يىغلاغانىڭ فايدەسى يوق،
ئۈتدىڭ قىزاردىپ لەئلى بەدەخشان ئۈتتى.

× ×

گۈمنام يۈرەك تەختىنى قوي خان ئۈتتى،
تىرگۈزگەلى جىسمىڭنى مەگەر جان ئۈتتى.
مىڭ جىلۋە قىلۇر ھۇر - پەرى فايداسى يوق،
تۇرماي قاراغۇنچە كوڭلۇم ئالغان ئۈتتى.

① قاشي تاقى—قېشى ئەگمە، ئەگمە قاش.

× ×

گۇمنام كوزۇڭ قايدا ئىدى يار ئۇتتى،
بۇلبۇلى نالان ئالدىدا گۇلزار ئۇتتى،
بۇلبۇلى يوق گۇللەر نىمە ئەفغان قىلادۇر،
باغ ئىچرە كىرىپ ئول پەرى رۇخسار ئۇتتى.

× ×

گۇمنام پەرىلەر بىلە مەھبۇب ئۇتتى،
بۇ تەرز نەزاكەت بىلە يارى خوب ئۇتتى.
ھەر جانىبدە① جان تالاشىپ ئىل كەمى يوق،
بۇ ئىشق شەھىدىن نەزەرى كوپ ئۇتتى.

× ×

گۇمنام ئىگىل خەلق ئىگىلمەي كەتتى،
زۇلفى ئۇچىغە كوڭلى چىگىلمەي كەتتى.
قۇش ئۇچتى ئانى تۇتماق ئىرۇر بەس مۇشكۇل،
ھەم ئۇرگەنمەي، يىپقا بەكىلمەي كەتتى.

× ×

ئەي گۇمناما يالغان ئۇتۇپ چىن كەتتى،
دۇنيانى تىلەپ تاپمادى ئىلدىن كەتتى.
ئىنكار ئىلىدىن كوزۇڭنى يۇم، باقما ئاڭا،
كىم باقتى ئاڭا دىدەئى ھەق بىن② كەتتى.

① جانىب — تەرەپ.
② ھەق بىن — ھەقنى كورگۇچى.



Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

× ×

گۈمنام خۇدا جويغە كىم شەخ① كەتتى،
قۇللۇق نەچە ھەققە قىلسە دەۋزەخ كەتتى.
زوھد ئىبلى مىزاجى ساۋۇقىن بىل ئاندىن،
ئاشىق نەفەسىدىن ئوت، ئانىڭ يەخ② كەتتى.

× ×

گۈمنام يۈگۈر ئەكمەلى ئىنسان③ كەتتى،
كوڭلۈڭ سەدەفىن تۈت لەبى نەيسان كەتتى.
مىڭ جانىغە بىر قەترە سۈيىن كىم ئالدى،
جان قىممەتۈ ئول قەترە سۇ ئەرزان كەتتى.

× ×

ئەي گۈمناما يۈگۈركى ھەمرەھ كەتتى،
يالغۇز يۈرۈگەن ئىبل ھەمە گۈمرەھ كەتتى.
كۈندۈزنى قويۇپ كەچە يۈگۈرماق نە ئاسىغ④،
بەختىڭگە سەنىڭ كوك نۈرىدىن مەھ كەتتى.

× ×

ئەي گۈمناما ئىشق ئىبلى لەك ـ لەك⑤ كەتتى،
زاھىد يەتەمەن دىپ ئاڭا سەك ـ سەك كەتتى،

① شەخ — قەبىھ، رەھىمسىز.
② يەخ — مۇز.
③ ئەكمەلى ئىنسان — ئەلا ئىنسان، ئەڭ ياخشى ئىنسان.
④ ئاسىغ — پايدا.
⑤ لەك ـ لەك — مىليون ـ مىليون.

ئىشق ئەھلى ئىزىن قويۇپ بولەك يولغە تۇشۇپ،
يولنى ئاداشىپ بىھۇدە ئىمگەك كەتتى.

× ×

ئەي گۇمناما پاكى زەمىران① كەتتى،
ئوقبا② تەرەفىگە گوشەگىران③ كەتتى.
ياتما قوپا قوي نىجىس جەھان ئۇستىدىن،
پاك ئەيلەدى جانۇ تەننى پىران④ كەتتى.

× ×

ئەي گۇمناما نوۋبەتى ھىرمان⑤ كەتتى،
ۋەسل ئولدۇم ئاڭا نوۋبەتى ھىجران كەتتى.
زۇلفى ھەلقەسىنى كەمەند ئىتىپ سەيد ئەيلەپ،
يا قاشى بىلە ئوقلارى مۇژگان كەتتى.

× ×

ئەي گۇمناما مەي كۇچىدىن غەم كەتتى،
لەب خەندە قىلىپ كوز لەبىدىن نەم كەتتى.
دىل گوشەسىدە بەھىشت يادى كەم ئىدى،
كورگەچ يۈزىنى قالمادى ئول ھەم كەتتى.

① پاكى زەمىران — ساپ ۋىژدانلىقلار، ۋىژدانى ساپلار، ئاق كوڭۇل.
② ئوقبا — ئاخىرەت.
③ گوشەگىران — خالىدا ياشىغۇچى، تەركى جاھان.
④ پىران — پىرلار ("پىر" سوزىنىڭ كوپلۇگى).
⑤ ھىرمان — چەكلەنگەن، مەنئى قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

ئەي گۈمنامنا غۇسلى مەلەكى سەم① كەتتى②،
ئىسيان يۈكىدىن راست قەدى خەم كەتتى.
ئەفزۇنلۇق ئىبتىپ ئۇل ئەگمەي③ ئادەمەباش،
گەر ئەتكەنىدىن ئۇل ھەمەدىن كەم كەتتى.

× ×

گۈمنام يۈگۈر نايىبى فۇرقان④ كەتتى،
مۇسھەف يۈزىدىن چۈن خەتى قۇرئان كەتتى.
جان يوق بۇ تەنىڭ نەچۈك يۈرۈر ئالەم ئارا،
يار ئارقاسىدىكى جىسمىدىن جان كەتتى.

× ×

گۈمنام يۈگۈركى خۇشەچىنلەر⑤ كەتتى،
بۇ باغچە ئىچىدىن گۈلچەبىنلەر كەتتى.
دەردىڭ ئايتىپ كىمدىن ئالۇرسىن ئارام،
ھالىڭ سوراشۇرغە ھەمنەشىنلەر كەتتى.

---

① سەم—ئوغا، زەھەر.
② بۇ مىسرانىڭ ئومۇمى مەنىسى "ئىبلىس ئۆلتى" دىگەن بولسا كېرەك. غۇسلى مەلەكى سەم—ئىبلىستىن كىنايە (؟).
③ ئەسلى نۇسخىدا بۇ سوز "ئەگمەدى" دەپ يېزىلغان. ۋەزن ئېتىبارى بىلەن "ئەگمەي" بولغىنى توغرا تېپىلدى.
④ نايىبى فۇرقان—قۇرئانىڭ نايىبى—مۇھەممەت پەيغەمبەر.
⑤ خۇشەچىن—باش تەرگۈچى—شائىر، يازغۇچى.

× × ×

گۈمنام يۈگۈركى مەيفۈرۈشلار كەتتى،
ئىلكىدە سەفالى دەردنۈشلار كەتتى.
مەست ئولدى يىقىلدى فەنا تۇفراغىغە،
بۇ گۈلباغىدىن شۇرۇ تاۋۇشلار كەتتى.

## تەرجىئى بەند

ئىلاھا ئەمرىڭ ئولسە فەزكۇرۇنى①،
مەنى بىچارە قۇلغە ۋەنسۇرۇنى②.
سالاكور ئىشقىدىن بىر ئوت دىلىمغە،
تۇتاشسۇن شوئلەئى زىكرىڭ تىلىمغە.
ۋۇجۇدۇم خارۇ خاشاكىنى كويدۇر،
ماڭا ئىككى جەھان زىكرىڭنى سويدۇر.
ئەگەر سەھۋ ئەتسە بۇ شەرمەندە ئەفۋ ئېيت،
تىلىمدە غەيرى زىكرىڭ بولسە مەھۋ③ ئېيت.
ئىلاھا جۆرمى ئىسيانىمنى④ ئالمە.
مەنى قىل زىكرى باغىڭ ئىچرە ئالمە.
ۋۇجۇدۇم ئەيلە ئىشق ئوتى بىلە گەرم،
مەنى قىل شەرم بارانى⑤ بىلە نەرم⑥.

① فەزكۇرۇنى — يادلاڭلار، ياد قىلىڭلار.
② ۋەنسۇرۇنى — ياردەم قىلىڭلار.
③ مەھۋ — يوق، يوقۇلۇش.
④ جۇرمى ئىسيان — ئىسيان قىلغانلىقتىن ئىبارەت جىنايەت.
⑤ شەرم بارانى — ئۇيات يامغۇرى.
⑥ نەرم — يۇمشاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوڭۈلنى ئىشق تىغى بىلە خۇن قىل،
سارىغ چىھرەمنى مەيدىن لەئلىگۇن قىل.
قىزارسۇن چىھرەئى زەردىم مەيىگدىن،
كوزۇمگە تۇتىيا بەرگىل پايىگدىن.
سەنىڭ يادىڭدا تەندىن چىقسۇ جانىم،
بەھار ئىت بادى رەھمەتتىن خەزانىم.
نەچۇن شايەستەئى دەرگەھ قۇلۇڭ مەن①،
گۇلى خەندان ئىبرۇرسىن بۇلبۇلۇڭمەن.
سەنىڭ ۋەسفىڭدىن ئۆزگە ئايتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايتارىم يوق.
خىيالىڭ نەشتەرىن جانىمغە قاقتىم،
غەمىڭدىن ھەجر دەرياسىغە ئاقتىم،
ۋىسالىڭ ئىلكىنى سۇنغىل قولۇمغە،
جەمالىڭ مىھرىن ئۇترۇ قىل يولۇمغە.
لەبىڭدىن مەي ئىچەرگە تەشنەدۇرمەن،
نەچۇنكىم زەررەدېك سەرگەشتەدۇرمەن.
مەنىڭدېك بارمۇدۇر ئىشقىڭدا زارىڭ،
بۇساغاڭدا تۇرۇلغان خاكسارىڭ②.
ئاقىزدىم كوز ياشىمنى كەچە ـ كۇندۈز،
يۇزۇڭدىن بولمادى ھىچ كەچە ـ كۇندۈز.
ئەجەب شۇم تالىئۇ بەختى قارامەن،
رەقىبلەر زۇلمىدىن باغرى يارامەن.
فەنا دەشتىدە ھەجرىڭ ئەيلەدى گۇم،
غەرىب ھالىمغە ھىچ قىلماي تەرەھھۇم.
خۇدانى ياد قىلغىل ھالىمە باق،
ۋىسالىڭ مەرھەمنى باغرىمە ياق.

① سارىيىڭغا (دەرگايىڭغا) مۇناسىپ قۇلۇڭ مەن.
② خاكسار ــ يەرگىننچىلىك، نەپرەتلىك.



AltunOq

ئايىلماس ھەجر دەردىغە دەۋا قىل،
خۇدا ئۈچۈن بۇ ھاجەتنى رەۋا قىل.
كوزۇڭ زۇلمى يۈرەكنى ئەيلەدى قان،
بولۇپ مىڭ زەررە جىسمىم چىقمادى جان.
سەنىڭ ۋەسفىڭدىن ئۆزگە ئايتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايتارىم يوق.
ئىلاھا ھورمەتى تاھا ۋە ياسىن①،
ئارىغ قىل مېھرىدىن نامىم قاراسىن،
كىنە چىركىنى زاتىمدىن ئارىتقىل،
مۇھەببەت تۇخمىدىن ۋەھدەت② تارىتقىل.
مەنىڭ قىل ھەمدەمىم ئاشىقلارىڭنى،
ياۋۇتمە قاشىمە فاسىقلارىڭنى.
يولۇمغە رەھبەر ئېت ئەھلى ئىنايەت،
ۋىسالىڭ بەزمىغە قىلسۇن ھىدايەت③.
بۇ كوڭلۇم غۇنچەدېك يۈزمىڭ تۈگۈندۇر،
كۈشاد ئەتسەڭ يۈزۈڭدىن كۈن بۈگۈندۇر.
بۈگۈننى تاڭلاغە سالمە كەرەمدىن،
خەلاس ئېت ھەجردىن كەلگەن ئەلەمدىن.
ئىتىڭ باسقان ئىزىدۇر سەجدە گاھىم،
ئانىڭكى قۇللۇغىدۇر ئىززى جاھىم④.
يەتۈز⑤ ئاھىم ئۇقىن ئاتقان ھەدەفكە،
چوكۇر دەريا ئارا دۇر بار سەدەفكە.

---

① تاھا ۋە ياسىن — قۇرئاندىكى «تاھا» ۋە «ياسىن» سۈرىسى.

② ۋەھدەت — بىرلىك، بىللىلىك.

③ ھىدايەت — يول باشلاش.

④ ئىززى جاھ — يۇقۇرى ئورۇن، يۇقۇرى مەرتىۋە.

⑤ يەتۈز — يەتكۈز.

www.uyghurkitap.com

ئىچىمدە ئانچە باردۇر داغى ھەسرەت،
قاچان بولغاي مۇيەسسەر باغى ئىشرەت.
قەرارىم لەھزە يوق ئەي جان تەلەبدىن،
لەبىڭ يادىدا جانىم چىقسۇ لەبدىن.
سەنىڭ ۋەسفىڭدىن ئۆزگە ئايتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايتارىم يوق،
مەنى دەرد ئەيلەدى ۋەسلىڭ تىلەپ گەرد①،
بولۇپمەن ماسىۋاي ئىشقىدىن فەرد②.
ئاچىپ ئىشقىڭ نەسىمى جاندا مىڭ گۇل،
لەبىم بۇلبۇل ئۇشۇل گۇلگە كوكۇل قول.
ۋەفاسى يوق نەچۇك جانانە دۇرسىن،
بەشەرسىنمۇ پەرى ئايانەدۇرسىن.
ئەزەل كۈندە مەنى تا ئەيلەدىڭ سەيد،
مەنىڭدەك تاپمادىڭ ئىشق ئىلكىدە قەيە
مەنى مەھۋ ئەيلەدى شىرىن كەلامىڭ،
مەنىڭدەك بارمۇدۇر ھەرگىز غۇلامىڭ③.
ماڭا ھەر لەھزە بەرسە تەلبەلىك دەست،
فەلەك يەردىن ئاياغىمدا بولۇر پەست.
ماڭا ھەمتەڭ ئېمەس فەرھادۇ مەجنۇن،
قەدىم نۇندۇر، كوزۇم جەيھۇن، ئىچىم خۇن.
مەنىڭدېك يوقتۇ بىر ئالەمدە غەملىك،
بەلالىق ئىشق ئارا يوق مەندە كەملىك.
ئەگەر ھەر كۈندە زۇلمۇڭدىن مىڭ ئۆلسەم،
ئۆلۈپ ھەم زۇلم تاشىغە كومۇلسەم.

---

① گەرد — توپا - چاڭ.
② فەرد — يەككە، ئايرىم.
③ غۇلام — خىزمەتكار، خادىم.

ئەزاپ ئۇلسە ماڭا دەۋزەختىن ئارتۇق،
ئەگەرچە بولسە ئىشقىڭغە ياۋۇقلۇق.
سەنىڭ ۋەسلىڭدىن ئۆزگە ئايتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايتارىم يوق.
ماڭا نازىل بولۇپدۇر مىڭ ئەلىف لام،
بولۇپ سىن شادلىقدىن مىڭ ئەلىف لام.
بۇ مەيدىن سىن ئاچىلدىڭ باغدا گۈلدېك،
سەنىڭدىن ئۆزگە ئىچكەن يوق بۇ مۇلدېك.
ئىچىپ تۇتتۇڭ قۇيۇپ يارانلارىڭغە،
چومۇردۇڭ رەھمەتى بارانلارىڭغە.
قىلىپ ھەر زەررەنى خۇرشىدى تابان،
قارا تاش ئولدىلار لەئلى بەدەخشان.
بولۇپ قەترە سۇلار ھەرقايسى دەريا،
گۈل ئاچتىلار بۇ سۇدىن دەشتۇ سەھرا.
بەلەند ئەتتىڭ سەمادېك پەست يەرنى،
قارا تاش ئاستىغە سالدىڭ گوۋھەرنى.
قەمەردىن بولدى روۋشەن تىرە ئەختەر،
نەزەردىن ئەيلەدىڭ تۇفراقنى زەر.
ئەگەر كەھ ① بولسە لۇتفۇڭ ئەيلەدى كوھ،
لەبىڭدىن روھ بولدى جىسمى مەكرۇھ.
مەنى ھەم قويمە مەھرۇم ئەي دىلارام،
ماڭا ھەم بەر بۇلارنىڭ جامىدىن كام.
كەرەم قىل جۇرئە بەزمى ئىشرەتىڭدىن،
مەنى ئۆلتۈرمە زەھرى ھەسرەتىڭدىن.
سەنىڭ ۋەسلىڭدىن ئۆزگە ئايتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايتارىم يوق.

---

① كەھ — سامان ("كاھ" شەكلىدىمۇ كېلىدۇ).

مەنى ئىشقىڭ ئىلكىگە ئەيلە دەمساز①،
ئۇلاردۇر چۇن ماڭا بۇ ئىشدا ھەمراز②.
بولەك يۈزلەرگە باقتۇرمە كوزۇمنى،
جەمالىڭ ۋەسفى ئىت ئايتۇر سوزۇمنى.
ھەدىسىڭ لەززەتى بولسۇن ھۇزۇرۇم،
يۈزۈڭ مىرىھەدىن ئولسۇن كوزگە نۇرۇم.
فىراقىڭدا ماڭا كۇندۇز كەچەدۇر،
بىلۇرمۇ كىمسە ھالىم نى كېچەدۇر.
باشىمغە سال قەدىڭنىڭ سايەسىنى،
نەسىب ئىت ئىشقىنىڭ سەرمايەسىنى.
ئىكى ئالەمدە سېن سېن قىبلە گاھىم،
يامان كوزلەردە سايەڭدۇر پەناھىم.
ئەگەر ئاھۇ ئىسەم باغىڭدا ئوينات،
ئەگەر بۇلبۇل ئىسەم ۋەسلىڭدە سايرات.
ئەگەر دەردى فىراقىڭ بىلە ئولسەم،
فەرىشتەگە جەۋابى قەبر بەرسەم،
سەنىڭ زىكرىڭدىن ئوزگە يوق جەۋابىم،
سەنىڭ زىكرىڭ ئىرۇر تاپقان سەۋابىم.
ئەگەر باشىمغە سالسە گۇرز ئىلە تىغ،
ئەزاب ئەتسە قاتىغ، يىغلاتسە ئاچچىغ.
سەنىڭ ۋەسفىڭدىن ئوزگە ئايتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايتارىم يوق.
تىلەكىم ئۇشبۇدۇر ئەي سەرۋى ئازاد،
قۇلۇڭنى ئىككى ئالەم قىلما ئازاد.
ساڭا قۇل بولماغىم سۇلتانلىغىمدۇر،

① دەمساز — مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئويغۇنلاشتۇرۇش.
② ھەمراز — سىرداش.

يېغى زارىم گۈلى خەنداﻧلىغىمدۇر.
بوساغاڭغە قويۇپدۇرمەن باشىمنى،
دورى غىلتان قىلىپ كوزدىن ياشىمنى.
يۈزۈمدىن زاھىر ئىچتىم سىمۇ زەرلەر،
قىلۇر ئىشق ئوتىدىن ئاھىم شەرەرلەر.
ئەلىفدېك قامەتىڭ شەمئى چىراغىم،
يۈرەكىم داغى باغىم ئەشكى ياغىم.
سەنىڭ ئىشقىڭدا يەتكەن دەردۇ مىھنەت،
بارى راھەت ئېرۇر جانىمغە لەززەت.
ماڭادۇر مېھرىبانىم يۈز قارالىق،
سەنىڭدىن ئوزگە بولسە ئاشنالىق.
ئىكى ئالەمدە بولساڭ جىسمىمە جان،
جانىمغە بولسە ئىشقىڭ ئەسلى ئىمان.
سېنى ئولساڭ ئوزگەنى ئىشق ئەھلى دېرمۇ،
لەبىڭ تۇرسە سۇ كەۋسەردىن ئىچەرمۇ.
ئاپىلۇر بارچە سەندېك جان تاپىلماس،
سەنىڭ دەردىڭگەۋۇ دەرمان تاپىلماس.
سەنىڭ زىكرىڭدىن ئوزگە ئايتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايتارىم يوق.
نەچچە كۈندۈز كورمەدىم يارىم سېنى،
سەنمۇ ھەم ياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز مېنى.
كورمەسەم ھەم گۈل يۈزۈڭنى بەندە مەن،
ئوزگەنى ياد ئەيلەسەم شەرمەندە مەن.
ئوخشاماس ھەرگىز ساڭا ھۇرۇ پەرى،
تەلئەتىڭدۇر ئىشق ئېلىنىڭ دەفتەرى.
تەن ئىچىدىن بىلگۈرۈر جانىڭ سەنىڭ،
شىشە يا مىر ئات ئولۇپتۇر پەيكەرىڭ①.

① پەيكەر — بەدەن، تەن.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كورمەدى تۇبىئى جەننەت تۈز قەدىڭ،
سېنمۇ ھەم ئاندىن بولەكنى كورمەدىڭ.
سەندىن ئېرمەستۇر جۇدا توققۇز فەلەك،
ھەم مەلەكدۇر ھەرنە باردۇر تا سەمەك①.
كەلدى شەئنىڭگە سەنىڭ قۇرئاندا نۇن②،
ۋەلقەلەمى نەئتىڭ③ بولغاي يەستۇرۇن④.
ساڭا قۇلدۇر ئەۋۋەلىنۇ ئاخىرىن،
تاپماغاي قۇل بولماغانلار زىبۇ زىن.
گۇل يۈزۈڭدىن ھەر كىمەرسە تاپتى بۇي،
ئىتلارىڭ باسقان ئىزىغە قويدى بوي.
رىشتەئى مىھرىڭغە ھەركىم بەستەدۇر،
ياخشىلار ئالدىدا ئول گۇلدەستەدۇر.
توبىئى جەننەت قەدىڭنىڭ سايەسى،
سەدرە ⑤ ئېرمەسكىم ئاتىڭنىڭ پايەسى.
سىن يۇمۇپسىن بارچەدىن كوز ئەي سەنەم،
تەبئىيەت⑥ قىلماق تىلەرمەن مەنمۇ ھەم.
بۇ ئېرۇر مەئنىئى مازاغەلبەسەر ⑦،
گۇل يۈزۈڭدىن ئۇزگەدىن قىلسە گۇزەر.
ئەرشدۇر ھەر يەرگە سىن قويساڭ ئاياغ،

---

① سەمەك — بېلىق.
② نۇن — قۇرئاندىكى «نۇن» سۈرىسى.
③ نەئتىڭ — سۈپىتىڭ.
④ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى «قۇرئاندىكى «ۋەلقەلەمى مايەستۇرۇن» دەپ باشلىنىدىغان «نۇن» سۈرىسىنىڭ مەزمۇنى سېنىڭ سۈپىتىڭ»دېگەن بولىدۇ.
⑤ سەدرە — نىلۇپەر.
⑥ تەبئىيەت — ئەگىشىش، بويسۇنۇش.
⑦ مازاغەلبەسەر — كوز چەكچىيىش.

نۇقتەسىدۇر يۈزدە خال ئىككى قاراغ.
گۈلمۇ ھەم سبى، غۇنچە ۋۇ ھەم سەرۋى ناز،
بەزمى ئۇششاق ئىچرە ھەم شەمئى تىراز①.
ھەر تەرەف بولدى پەرىشان سۇنبۇلۇك،
گۈل يۈزۈگە قايدا بولدى بۇلبۇلۇك.
ھەر تىكەن يولۇگدا بولسا باغدۇر،
گۈللەرى كوكلۇمگە قويغان داغدۇر.
گۈل يۈزۈك سەرۋ قەددىك قىلسام خەيال،
سەرۋ ياڭلىغ بولغامەن سەرگەشتە ھال.
ئىشرەتىم قان يۇتماقۇ دەردۇ غەمىڭ،
نىش ئۇرماق خەستە جانغە مەرھەمىڭ.
جان تاپارمەن جان بەرىپ دەردىڭ بىلەن،
رووشەن ئەيلەرمەن كوزۇم گەردىڭ بىلەن.
ئوزگەلەرنى شاد ئېتەر جامىڭ سەنىڭ،
قان يۇتار ھەسرەتتە گۇمنامىڭ سەنىڭ.
سەنىڭ زىكرىڭدىن ئوزگە ئايتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايتارىم يوق.

① شەمئى تىراز — شامدەك، شامغا ئوخشاش، شامسىمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۈل ۋە بۇلبۇل

(داستان)

## موللا ئەلەم شەھيارى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

### 1

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتقان «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى تىل ئۇسلۇبىنىڭ راۋان، جانلىقلىقى، بەدىي قۇۋۋىتىنىڭ يۇقۇرىلىقى، خىلمۇ-خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ مۇۋاپىق قوللىنىلغانلىقى، ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ روشەن ۋە چوڭقۇر بولۇشى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ داستان ھىجرىيە 1153-يىلى (مىلادى 1740-يىلى) لىرىك شائىر، پاساھەتلىك سۆز ئۇستىسى موللا ئەلەم شەھيارى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ توغرىلىق داستانىڭ ئاخىرىدا:

ئوقۇبان سەير قىلسۇنلار بۇ داستان،
كى ئاشىقلار ئۈچۈن قىلدىم گۈلۈستان.
بۇ كىتاب تارىخ قۇنىگاسىن فۇج
بۇلۇپتۇر بىر مىڭ يۈز ئەللىكۇ ئۈچ.

دەپ قەيد قىلىنىدۇ.

داستان ئاپتورىنىڭ ھاياتى ۋە تەرجىمھالى توغرىسىدا ئىشەنچلىك تارىخى پاكىتلار ناھايىتىمۇ ئاز، ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا. شائىر ئىسمىنىڭ "موللا ئەلەم شەھيارى" دەپ ئاتالغانلىقى ۋە داستان يېزىلغان ۋاقتىنىڭ "ھىجرىيە 1153-يىلى" دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەنلىكى سەۋەپلىك، بۇ تالانتلىق شائىرنى 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەھيار (ھازىرقى شايار) ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۆز زامانىسىدىكى يۇقۇرى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭقۇر سىياسى، ئىجتىمائى، پەلسەپۋى قاراشلار، سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن ئەينى دەۋر رىياللىقلىرى، شائىر پىكرىنىڭ مەنتىقى جەھەتتىن پىشقانلىقىنى، بەدىئى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

داستاندا كەڭ ئىپادە قىلىنغان چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنغا، كىشىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلب ئېتىدىغان يۇقۇرى سەۋىيىدىكى بەدىئى ماھارەتكە ئاساسلانغاندا، شائىر موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ ئىجادى پائالىيىتى يالغۇز «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى بىلەنلا چەكلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان ئىسىل لىرىك غەزەللىرى، رۇبائىياتلىرى ۋە باشقا ئېپىك ئەسەرلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرلەر تېخىچە مەلۇم بولغىنى يوق. ھازىرچە شائىرنىڭ ئىجادى پائالىيىتىنى،

بەدىئى ئۇقتىدارىنى، سىياسى، ئىجتىمائى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقى قاراشلىرىنى بىرقەدەر چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىردىن ـ بىر مەنبە ئۇنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق مۇشۇ داستانىدۇر.

داستان ئومۇمى ھەجىم جەھەتتىن 1500 مىسرادىن ئارتۇق، ئاروز ۋەزنىنىڭ «مۇتەقارىب» (پەئۇلۇن، پەئۇلۇن، پەئۇلۇن، پەئۇل) بەھرىدە مەسنىۋى شەكىل بىلەن يېزىلغان. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە شائىر موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ ئىسلغار دۇنيا قارىشىنى، ئەركىنلىك ـ باراۋەرلىككە تەلپۈنۈش روھىنى، ئىجتىمائى ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ تەرەققىپەرۋەر تەشەببۇسلىرىنى، كىشىلىك ھاياتقا بولغان چۈشەنچىسىنى؛ جۈملىدىن شۇ دەۋردىكى ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارغا بولغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس غەزەپ ـ نەپرىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

## 2

داستانىنىڭ ۋەقەلىكى باشلىنىش بىلەنلا بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا مانا مۇنداق مەنزىرە نامايەن بولىدۇ:

......رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلغان چىمەنزار ۋادا، خىلمۇ ـ خىل قۇشلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چۇرۇقلىشىپ سايرىشىدۇ. جاھانگەشتە بولۇپ ئالەمنى سەيلى ئېتىپ بۇ چىمەنگە يېتىپ كەلگەن سابانىڭ كوزى مۇھەببەت شەۋقىدە ھەممە قۇشلاردىن جاراڭلىق سايراۋاتقان بۇلبۇلغا چۈشىدۇ. بۇلبۇلنىڭ شېرىن ناۋاسىدىن ھوزۇرلانغان سابانىڭ جېنى سۆيىنىدۇ، ئۆزى ئۇچراتقان پەزىلەتلىك قىزىلگۈلنى بۇلبۇلغا تونۇشتۇرۇشنى مۇناسىپ بىلىپ، بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىنى سوزلەپ بۇلبۇلنى قايىل قىلىدۇ. بۇلبۇل قىزىلگۈلگە غايىۋانە

ئاشىق بولۇپ غەزەل ئېيتىدۇ، سابادىن گۇل ۋەسلىگە ئۇزىنى مۇيەسسەر قىلىشنى ئۆتىنىدۇ. سابا قىزىلگۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇلبۇلنىڭ تەرىپىنى قىلىدۇ، گۇلنىڭ سەممى مۇھەببىتىنى ئويغىتىدۇ. قىزىلگۇل ئۆز مۇھەببىتىنى شېئىرنامە قىلىپ پۈتۈپ ساباغا بېرىدۇ، بۇلبۇلنى چاقىرىپ ئەپكىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر-بىرىگە سەممى كوكۇل بەرگەن ئىككى ئاشىق-مەشۇقنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، سابا بۇلبۇلنى چاقىرىپ كېلىپ گۇل بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

بىراق، "شوكرى، يار ۋىسالىغا يەتتىم!" دەپ سۆيۈنگەن بۇلبۇلنىڭ دىلىنى گۇلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تىكەننىڭ زەربىسى جاراھەت ئەيلەيدۇ، رەشك ئوتىدا ئورتەنگەن بۇلبۇل دەردىگە داۋا ئىزلەش نىيىتى بىلەن كېتىپ قالىدۇ.

تاڭ سەھەردە قىزىلگۇل ھەردەمگە يېتىپ كەلگەن سابا، بۇلبۇلنى سورايدۇ، قىزىلگۇل ئۇنىڭ سەۋەپسىز كېتىپ قالغانلىغىدىن نالە قىلىپ ساباغا مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر تاپساڭ سابا مەھزۇن قۇلۇمنى،
ئالىب كەل ھەمدەم ئەيلەب بۇلبۇلۇمنى.

سابا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، بۇلبۇلنى ئىزلەيدۇ، بىر چىمەنزارغا كېلىپ گۇل فىراقىدا ھەسرەت چېكىۋاتقان بۇلبۇل بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئۇنىڭغا گۇلنىڭ سالامىنى يەتكۈزىدۇ، گۇلنىڭ تىكىنىدىن غەم يېگەنلىگىنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىگىنى بۇلبۇلغا ئەسكەرتىپ:

كىشى يارى ئۇچۇن كورسە جافانى،
ئانىڭ ئورنىغا يار ئەتكەي ۋافانى.

دەيدۇ. بۇ سوزدىن بۇلبۇلنىڭ كوڭلى تەسكىن تېپىپ، ساباغا ئەگىشىپ ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ، گۈل ۋەسلىگە ۋاسىل بولۇش ئۈچۈن يىراق سەپەرگە ئاتلىنىدۇ......

بۇلبۇل نەچچە كۈنلەر مەنزىلمۇ-مەنزىل يول يۈرۈپ قۇشلار ماكانىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ھەمسوھبەت بولىدۇ. ئۆزىنىڭ قىزىلگۈل ئىشتىياقىدا دەرتكە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. تەككەببۇر قۇش ھومايۇن بۇلبۇلغا ئۆزىنى "پۈتۈن قۇشلارنىڭ پادىشاسى مەن" دەپ تونۇشتۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ "قانائەتلىك" ئىكەنلىكىدىن ماختىنىپ، "كىمنىڭ بېشىغا سايەم چۈشسە، شۇ جاھانغا پادىشا بولىدۇ"، دەپ پو ئاتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان بۇلبۇل دەرھال: "سەن مەجازى ئالەمنىڭ پادىشاسى سەن، ھىممەتسىز، پەست تەبىئەت ئىپلاس نەرسىسەن"، دەپ ھومايۇننى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇلبۇل ئارقىدىن تاۋۇس بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇنىڭ زىبۇ-زىننەتلىك لىباسى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگەنلىكىدىن يىركەنگەن بۇلبۇل ئۇنىمۇ تاشلاپ كوكۇلدىكىدەك ھەمسوھبەت ئىزلەش نىيىتى بىلەن شاتۇتىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. شاتۇتى ئۆزىنى: "جاھاندا مەندەك شېرىن زابان قۇش يوق، تىلىمدىن دۇر بىرلە گوھەر ساچىلىدۇ. ھەرقانداقى بىئەقىل شېرىن زابانىمنى ئىشتىسە دانا ۋە ئاقىل كىشىگە ئايلىنىدۇ"، دەپ ماختايدۇ. بۇلبۇل تۇتى قۇشنىڭ بۇ خىل مەغرۇرلىقىنى قاتتىق ئەيىپلەپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەپتەرنىڭ ھوزۇرىغا كېلىدۇ، كەپتەرنىڭ پو ئېتىشلىرىنى "— بەس، كوپ سوزلىمە ئەي قىزىلكوز، سەن نەپسىڭ ئۈچۈن ھەممىشە تۇزاققا چۈشۈدىغان پەست تەبىئەت تۇرۇغلۇق نىمەگە لاپ ئۇرىسەن؟!" دېگەن ئوتكۇر سوزلىرى ئارقىلىق كەسكىن رەت قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

بۇلبۇل، مانا شۇ يوسۇندا، ئۇزىنى "ھەقىقەت ئەھلىنىڭ سەرۋەرى مەن"، دەۋالغان قۇمرى بىلەن، "جاھاندا سادىق ئاشىق پەقەت بىرلا ئۆزۈم"، دەپ تىلىنى چايىنغان پاختەك بىلەن، "بۇ جاھاننىڭ سوپىسى يالغۇز مەن، مېنى تەۋەررۈك بىلىپ تاۋاپ قىل"، دەپ تەمەننا قىلغان سوپى سۇپىياڭ بىلەن، جۇملە-دىن "نامازىم بىلەن بېھىشنى سېتىپ ئالالايمەن"، دەپ تەكەببۇرلار-چە سوز ساتقان رىياكار قۇش ھوپوپ بىلەن بىر مۇ-بىر ئۇچرىشىپ ھەمسوھبەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدىن قاتتىق يىركىنىدۇ. مەزكور ۋادىدىكى سەككىز قۇشنىڭ ئۇمۇمى سىرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان بۇلبۇلنىڭ كوڭلى تېخىمۇ مۇڭغا تولىدۇ. ئۇز دەردىگە ھەمدەرت، ھەمجىنىس دوستىنىڭ بۇ ۋادا قۇشلىرىدىن تېپىلمايدىغانلىغىنى ھىس قىلغان بۇلبۇل بۇ ۋاپاسىز، ساختىپەز، ئىككى يۈزلىمە قۇشلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ئۇز يولىغا راۋان بولىدۇ. سابا بىلەن كورۇشۇپ، ئۇنىڭغا: "بۇ دۇنيادا دەردىمگە دەرمان بولغۇچى، توغرا يول كورسەت-كۈچى دانا — پەقەتلا سەن! قېنى، ماڭا يول باشلا!" دەپ خىتاپ قىلىدۇ. سابانىڭ رەھنمالىغىدا قىزىلگۈل ماكانىنى كوزلەپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

بۇلبۇل نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ ئاخىرى گۈلىنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىدۇ، قىزىلگۈل بىلەن ئەمدىلا ئۇچرىشاي دېگەندە، ئۇزىنى "مەردجاھانى" دەپ ئاتىۋالغان بىر نائىنساپ بۇلبۇلنى كورۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىغا مەس بولۇپ، ئۇنى سېتىۋال-ماقچى بولىدۇ، مەزكۇر ۋادىدىكى بى دىيانەت باغۋەن ھېلىقى "مەرد جاھانى" دىن 10 ئالتۇن پۇل ئېلىپ، بۇلبۇلنى قەپەز-گە بەنت قىلىپ، ئۇنىڭغا ساتىدۇ. بۇلبۇلغا پۈتۈن ئالەم قاراڭ-غۇ تۇيۇلىدۇ، كەينىدىنلا يېتىپ كەلگەن سابا بۇلبۇلنى قەپەز ئىچىدە كورۇپ، نائىلاج تۇرۇپ قالىدۇ. ھەققانى سويگۇ-مۇھەببىتى

يولىدا پىداكارلىق كورسىتىۋاتقان قەيسەر بۇلبۇل قەپەز ئىچىدە قاتتىق بىر "ئاھ!" تارتىدۇ ـ دە، جىنىدىن جۇدا بولىدۇ......
بۇلبۇلنى سېتىۋېلىپ قەپەزگە گىرىپتار قىلغان ھېلىقى ئەخمەق "مەردجاھانى":

كى بىلسەم ئىدىم مۇنداغ ئۇلۇمنى،
قاچان زايە قىلۇر ئەردىم پۇلۇمنى.

دەپ پەريات سالىدۇ......
داستانىنىڭ ئاخىرىدا شائىر ئۆزىگە ۋە دوستلىرىغا مۇنداق نەسىھەت قىلىپ داستانىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

كەل ئەي ئاشىق مۇھەببەتلىك كوزۇڭ ئاچ،
مۇھەببەتسىز كىشىدىن تۇرغىل يىراق قاچ!

## 3

شائىر موللا ئەلەم شەھيارى ئەينى دەۋردىكى ئەكسىيەتـ چى فېئوداللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان رىيال ئىجتىمائى ھايات پاجىئەلىرىنى سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق يۇكسەك تىپىكلىككە كوتىرىپ سۈرەتلەپ، فېئودالىزم جەمىيىتىنىڭ خۇنۇك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى، ياۋۇز قىياپىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشـ لىدى. سىمۋولىستىك باش قەھرىمان بۇلبۇل ئوبرازىنى مۇۋەپپەقـ يەتلىك ياراتتى. قىزىلگۇل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى تەبىى مۇناسىۋەت شەكلىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقۇرى پەللىگە كوتىـ رىپ، ئۇنى ئەينى زامان رىياللىقلىرىنى ئەينەن ئېچىپ بېرىش، ئۆزىنىڭ زامانىغا بولغان نارازىلىغىنى ۋە قارشىلىغىنى ئوبرازـ

لىق ئىپادىلەشتىكى جانلىق ۋاستىگە ئايلاندۇردى. ئاساسلىق
سىمۋولىستىك ئوبراز بۇلبۇلنىڭ ھەققانىيەتكە، ئەركىنلىككە،
سەمىمىي سۆيگۈ-مۇھەببەتكە ئىنتىلىش روھىنى قىزغىن ئىشتى-
ياق بىلەن كۈيلىدى. بۇلبۇل دۇچ كەلگەن بەختسىزلىكلەر-
نى، پاجىئەلىك مەنزىرىلەرنى يەنىمۇ تىپىكلەشتۈرۈپ ئەكس
ئەتتۈرۈپ، پاك مۇھەببەت، ھەققانىيەت ۋە ئەركىنلىكتىن ئەسلا
سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان رەزىل فېئوداللىق تۈزۈمگە كىنايە قىل-
دى. داستاندىكى سىمۋولىستىك باش قەھرىمان بۇلبۇلنىڭ تىرا-
گېدىيىسى ئارقىلىق فېئوداللىزمنىڭ ئاقكۆڭۈل ئەمگەكچى
خەلقلەرگە كەلتۈرۈپ بەرگەن قانلىق زوراۋانلىقلىرىدىن غە-
زەپ بىلەن شىكايەت قىلدى. تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت
شەيئىلەر ئىچىدىن نوقتىلىق ھالدا سابا، بۇلبۇل، قىزىلگۈلدىن
ئىبارەت ئۈچ مەۋجۇداتنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى ئەمگەكچى خەلق
ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە، ھۆر، پاراۋان ھاياتقا
ئىنتىلىش غايىسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سۈرەتلىدى. ھومايۇن،
تاۋۇس، شاتۇتى، كەپتەر، قۇمرى، پاختەك، سوپى سوپىياك،
ھۆپۈپ قاتارلىقلارنى ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ بىر پۈتۈن چىرىك
ئەخلاقى سىستېمىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئەزگۈچى
سىنىپلارنىڭ يىرگىنىشلىك ماھىيىتىگە بۇ قۇشلاردىكى قىسمەن تەبىي
ئالاھىدىلىكلەرنى ماھىرانە تەدبىقلىدى. مۇشۇ ۋاستىنىڭ يار-
دىمى بىلەن ۋاپاسىز، ئىككى يۈزلىمە، مەككار فېئوداللىزم گۇ-
ماشتىلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئېزىلگۈچى سىنىپلار بىلەن ئې-
كىسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان ئەخلا-
قى، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى جانلىق سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتتى.
سىمۋولىستىك ئوبراز بۇلبۇلنىڭ تىراگېدىيىلىك ئاقىۋىتىنى تەسىر-
لىك، جانلىق ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ ئىپادىلەپ،
فېئوداللىزم دېمەك — بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ بوينىغا چۈشكەن سىرت-



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماق دىمەكتۇر، دېگەن ئىدىيىۋى تونۇشنى رۇشەن ئەكس ئەت-
تۈردى.

ئەزەردىن ساقىت ئەمەسكى، فېئودالىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسى تېمىسىنى ئاڭلىق سەمىمى مۇھەببەتنى كۈيلەشكە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىشقا بېغىشلىغان بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەشۇلار ۋەكىللىگەندىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ "گۈل ۋە بۇلبۇل" داستانىمۇ ئەنە شۇ جۈملىدىكى ياخشى ئەسەردۇر. ئاپتور بۇ داستانى ئارقىلىق فېئودالىزم جەمىيىتىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، چىرىك مەنىۋى قىياپىتىنى دەل جايىدا پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كوتىرىش روھىنى جانلىق ئىپادىلىدى.

بۇ مەزمۇن داستاندا تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ:

1. شائىر داستاندا ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ ھەقىقى تاڭ باھارىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى، ئاقىل، توغرا، قابىل، شەخسىيەتسىز تەقەززاسىنى سىمۋوللىستىك ئوبراز سابا ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردى.

مەسىلەن، زۇلۇمغا، ۋاپاسىزلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىككە قايىسى يول بىلەن قارشى تۇرۇشنى ئېنىق ئاڭقىرالمىغان بۇلبۇل ئۆزىنىڭ غەم- ئەلەمگە زەررىچە ھەمدەم بولمىغان زامانداشلىرى ئالدىدا مۆكۈلىنىپ سايراۋاتقىنىدا سابا پەيدا بولىدۇ- دە، بۇلبۇلغا مۇنداق ئەقىل كۆرسىتىپ تەربىيە بېرىدۇ:

بېرىب گۈللەرگە كۆڭلۈڭ لال بولما،
يامان- ياخشى قاشىندە خار بولما.

مۇھىبلەر ئاراسىدا بىر مۇھىب بار،
گادايى ئۇل قىلور بولساڭ گىرىفتار.
ئاتى ئېرور قىزىلگۇل ئۇل چىمەندە،
سىپاتىنى قىلورلەر ئەنجۇمەندە.

....................................

تىلەر ئۇل ھەم ئۇزىگە يار دايىم،
كى بولساڭلار ئىكاۋلەن يار دايىم.

سابانىڭ بۇ نەسىھەتنى ئاڭلىغان بۇلبۇل چىن قەلبىدىن سويىنىپ، ئۇنىڭ ئەقىل كورسىتىشىنى ۋە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە قىزىلگۇلگە تەبىي ھالدا باغلىنىپ، سابانىڭ ۋاسىتىچىلىغى ئارقىلىق گۇل بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

ئىككىنچى قېتىم سادde بۇلبۇل گۇلنىڭ تىكىنىدىن رەشك قىلىپ كېتىدۇ، باشقا بىر چىمەنزارغا بېرىپ سۇنبۇلنىڭ شېخىغا قونۇپ گۇل پىراقىدا پەريات قىلىدۇ. سابا، ئۇنى ئىزلەپ تېپىپ ئۇچرىشىپ گۇلنىڭ سالامىنى يەتكۈزىدۇ. گۇلنىڭ تىكىنىدىن رەنجىپ، ياخشى ـ ياماننى ئىلغىماستىن سۇنبۇل بىلەن ھەمسوھبەت بولۇۋاتقان بۇلبۇلغا سەممى كويۇنۇش ھىسسىياتى بىلەن تەنبىھ بېرىپ، ئۇنى پارلاق ۋە توغرا يولغا دالالەت قىلىدۇ:

سالام ئەيدى ساڭا ئۇل نازەنىن گۇل،
كېلىب كورسۇن دىدى سەرگەشتە بۇلبۇل.
تۇتۇب گۇل ئىتەكىن قىلغىل ناۋاسەن،
بۇ يەڭلىغ يەردە بولما موبتىلا سەن.
يامانلار سوھبىتىدە بولما ھەرگىز،
يامانلار سوھبىتىدۇر فىتنە ـ ئەڭگىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشىت، ناجىنس بىرلە قىلما سوھبەت،
يېتەر ئاندىن ساڭا كوپ رەنجۇ - مېھنەت.
ياماننلار سوھبىتىدە تورماي قاچقىل،
ئۇلارنىڭ سوھبىتىدۇر زەھرى قاتىل.

دانىشمەن سابانىڭ بۇ سوزىدىن كوڭلى تەسكىن تاپقان بۇلبۇل يېڭىۋاشتىن ئويغىنىدۇ، بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۇل تىكىنىدىن رەشك قىلىپ مۇشۇنداق ئىرادىسىزلىكلەرنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن سابا ئۇنىڭغا مۇنداق ئىلھام بېرىدۇ:

ئايا بۇلبۇل، ئىشىت مەندىن بۇ سوزنى،
ئوتەر ئومرۇڭ يۇمۇپ ئاچقۇنچە كوزنى.
..........................................
تىكەندىن سەن دىلىڭنى رىشە قىلما،
تەۋەككۇل قىل، تولا ئەندىشە قىلما.
..........................................
جاپاسىدىن قاچىپ ئاشىق بولۇرمۇ؟
مۇھەببەت يولىدا سادىق بولۇرمۇ؟
قاچان ئاشىق جاپادىن قاچقۇسىدۇر،
جاپا قۇفلى ۋاپانىڭ ئاچقۇسىدۇر.
..........................................
بەلەند پەرۋازە بول ھەر گۇلغا باقما،
سۇ يەڭلىغ ھەر شەجەر تەھتىغە ئاقما.
گۇڭۇلنى جەمئى تۇتغىل، ئىككى بولمە،
ھەۋەس بىرلە يۈرۈپ ھەر گۇلنى سويمە.

دىمەك، يۇقۇرقى مىسرالاردىن بىز جاپا - مۇشەققەتتە ئىمە قىلىشىنى بىلەلمەي تىنەپ يۈرگەن ۋاپادار، sadde بۇلبۇلغا

ئۇزىنىڭ كۆچلۈك مەنتىقىلىككە، يول كورسۇتۇش خاراكتىرىگە ئىگە ھىكمەتلىك سوزلىرى ئارقىلىق تەربىيە بېرىۋاتقان دانىشمەن سابانىڭ يىلىنجاپ تۇرغان ئۇلۇغۋار قەلبى - كوكسىنى ئېنىق كورگەندەك بولىمىز.

بۇ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ شائىر قەلىمى بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان دانا، توغرا، باھادىر يولباشچىغا تەلپۈنۈش غايىسىنىڭ ئوبرازلىق، ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈلىشىدۇر. چۈنكى شائىر ئەينى دەۋردە مۇشۇنداق بىر قابىل يېتەكچىنىڭ بولۇشىنى، ئىزىلگۈچىلەرنى توغرا يولغا باشلاپ قاراڭغۇلۇقتىن، ئېچىنىشلىق پاجىەدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئوز ئارزۇسىنىڭ سىمۋولى سۇپىتىدە سابانى تاللىۋېلىپ، ئۇنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سويىنىپ تەسۋىرلىدى. خارلانغان جاپاكەشلەر ئوز ئارزۇسىغا يېتىش ئۇچۇن ھەمدەرت، ھەمنەپەس، زېرەك يولباشچىلارغا ئىگە بولۇشى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاق بولۇپ كۈرەش قىلىشلىرى زورۇر، شۇنداق قىلغاندىلا كۆتكەن تىلىكىگە يېتەلەيدۇ، دېگەن ئىدىيىنى سىمۋولىستىك ئوبراز — سابا ئارقىلىق رۇشەن يورۇتۇپ بەردى. بۇ، شائىرنىڭ ئىلغار خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ داستاندا ئىپادىلەنگەن يارقىن بىر كورۈنىشىدۇر.

2. شائىر داستاندىكى سىمۋولىستىك ئوبراز بۇلبۇل ئارقىلىق ھوقۇقسىز، ئەركىسىز ئورۇندا تۇرغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلۇمغا، زوراۋانلىققا قارشى قەيسىرانە ئىسيان كوتىرىش روھىنى، ھاقارەت ۋە تەھدىتكە قىلچىمۇ تىز پۈكمەيدىغان تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىدىغان ئالىجاناپ خىسلىتىنى ئېچىپ بەردى. بۇ مەزمۇن ئاساسلىق ئوبراز بۇلبۇلنىڭ تۇۋەندىكى تەسۋىرلىرىدە رۇشەن ئەكس ئېتىدۇ:

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساباننىڭ يول باشلىشىدا قىزىلگۈل ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلانغان بۇلبۇل ئۆتتۈرا يولدا بىر بولۇك قۇشلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن ھەمسوھبەت بولىدۇ. شائىر بۇ قۇشلار ئىچىدىكى ھومايۇننى فېودال خان - تۆرىلەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ بۇ ئارقىلىق ئەكسەيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ ياۋۇز ماھىيىتىنى، ئوڭ قولىغا قىلىچ، سول قولىغا زەيتۇن شىخى تۇتقان ئىككى يۈزلىمىلىك قىياپىتىنى پاش قىلىدۇ.

مەسىلەن، بۇلبۇلنىڭ سورىغان سوئالىغا ھومايۇن مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

دېدى بۇ قۇش: مېنىڭ ئىسمىم جاھاندا،
ئاتىم مەشھۇردۇر ئاسماندا.
بۇ ۋادىنى قىلىبمەن سەيرگاھى،
ئىرۇرمەن جۇملە قۇشلار پادىشاھى.
مېنىڭ ھەركىم باشىغا چۈشسە سايەم،
جاھانغا پادىشا بولغاي ئۇ شول دەم.
.........................................
قىلىب نەپسىمنى مەھبۇس قانائەت،
ستەمنى كوردۇم ئۆز جانىمغا راھەت.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان بۇلبۇل غەزەۋىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۆزىدە يوق سۈپەتلەر بىلەن ئۆزىنى ماختاۋاتقان چۈپۈرەندە ھومايۇنغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ:

ئۆزۈڭگە ئەي ھومايۇن بولما مەغرۇر،
بىناگاھ يەتمەگەي ئەلگە شەرۇ - شور.



AltunOq

غاجارسەن ئىت كەبى ئەسكى سۆيەكنى،
جاراھەتلەر قىلۇر جانۇ - يۈرەكنى.
........................................
ئىكەنسەن ھىممىتىڭ يوق پەس تەبىئەت،
ئۆزۈڭنى قىلماغىل شاھلىقتا نىسبەت.
بولور ئالى ھىممەت پادىشالار،
ئانىڭ ئىشكىدە بولغاي گادالار.

بىز يۇقۇرقى مىسرالاردا سۈرەتلەنگەن ھومايۇننىڭ ۋۇ- جۇدىدىن فېئودالىزىمنىڭ قارا نىيەت، تەلۋە، يالغان خەلقپەرۋەر ھاكىم - ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىك تەبىئىتىنى، خۇنۇك قىياپىتىنى ئې- نىق كورگەندەك بولىمىز. شائىر ھومايۇندىن ئىبارەت بۇ سىم- ۋولىستىك ئوبراز ئارقىلىق فېئودال خان - ئەمەلدارلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى دەل جايىدا ئېچىپ تاشلايدۇ. ئارقىدىنلا ئەينى دەۋردىكى ھەشەمپەرەس خوشامەتچى فېئودال تورىلەر- نىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تاۋۇس ۋە شاتۇتىنىڭ تەبىي ئالاھى- دىلىكلىرىگە تەدبىق قىلىپ ئوبرازلاشتۇرۇپ، باي تەسەۋۋۇر- نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ شەرمەندىسىنى چىقىرىدۇ. مەسىلەن، ھەشەمەتخور، ياسانچۇق تاۋۇسنى:

لىباسىغا بولماغىل مەغرۇر چەندان،
كىيەر ئەگنىگە فەخر ئەتكۈچى نادان.
........................................
دىدىڭ، ئالتۇن ئەلەم، سەن قۇيرۇغۇڭنى،
قايۇ قۇش تۇتغۇسىدۇر بۇيرۇغۇڭنى.
ئەمەس ئالتۇن ئەلەم، زەررىن سۇپۇرگى،
تامىبدۇر نىلۇفەر ئۇزرە تۇفۇرگى.

دەپ ئەيىپلىسە، ھەمىشە خۇجايىنى تەكرارلىغان سوزلەرنى قارىسىغا يادلاپ يۈرۈش ئارقىلىق جېنىنى باقىدىغان دورۇمچۇق قۇش شاتۇتنى:

ئاجايىب خۇدپەسەند، خۇد ناماسەن،
ئەمەس شاتۇتى بەس خۇدبىن گاداسەن.
قاچان ئاقىل كىشى ئۇزىن ئۇرار لاف،
قىلۇرمۇ تالىبى ھەق ئۇزىنى ساف.

دەپ دۇمبالايدۇ.

دىمەك، شائىر بۇلبۇلنىڭ رەددىيەسىدىن پايدىلىنىپ، پۇخرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىش، ئىززىش ھىساۋىغا مال - مۇلۇك توپلاپ ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كوچۇرىدىغان فېئودال باي - پومېششىكلارنى، ھوكۇمران گورووھنىڭ سادىق مالىيى بولغان ئىككى يۈزلىمىچى خۇشامەتچىلەرنى، شەخسى نەپسى ئۈچۈن ۋىجدانىنى سېتىشتىن يانمايدىغان رەزىل ساراي مەدھىيىچىلىرىنى تىنىپ تاشلايدۇ، ئۇلار ئۈستىدىن قاتتىق مەسخىرە بىلەن كۇلىدۇ.

ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇلبۇلنىڭ، كەپتەر، قۇمرى، سوپى - سوپەياك، ھوپۇپ قاتارلىق قۇشلار بىلەن بولغان مۇنازىرىسىنى ئايرىم - ئايرىم ئىپىزوتلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، بۇ ئارقىلىق فېئودال خان، ئەمىرالارنىڭ خەلقنى ئېزىشىدىكى قولچوممىغى بولغان ۋىجدانسىز مەھەللى بەگ، توردىلەرگە، چۇپۇرەندە مالايلارغا خەنجەردەك ئوتكۇر تىل ۋاستىسى بىلەن ئەجەللىك پەشۋا بېرىدۇ. مەسىلەن:

دىدى بۇلبۇل كەبكىنى: ئەي قىزىل كوز،
كىشى كوب سوزلىسە يالغان بولۇر سوز.

..................................................

ئۇزۇڭ كوب يورغۇلاپ دايىم يۇرۇرسەن،
تىلەپ نەفسىڭ دايىما ئاھ ئۇرۇرسەن.

دىگەن مىسرالاردا، سىمۋولىستىك ئوبراز كەپتەر ئارقىلىق پۇل ئۇچۇن ئاتا - ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان فېودالىزىم غالچىلىرىنى نەپرەت بىلەن ئېيىپلايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇلبۇلنىڭ 8 دانە قۇش بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى ماھىيەتتە شائىرنىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمران گۇرۇھ ۋەكىللىرىگە ئاشكارا ئۇرۇش ئېلان قىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ دۈشمەنگە قارشى ھارماي - تالماي كۇرەش قىلىدىغان مەردانە ئىرادىسى يېلىنجاپ تۇرىدۇ.

شەرقنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ناۋايى: "يامان ئادەمدىن ياخشىلىق كۇتۇش ھايۋاننىڭ مۇڭگۇزىگە گۇل تېرىپ ئۇندۇرىمەن دىگەن بىلەن باراۋەر"، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شائىر موللا ئەلەم شەھيارىمۇ ئۆزىنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق يامان ئادەملەردىن (ئەزگۇچىلەردىن) ئاددى ئەمگەكچىلەرگە بالايى - ئاپەت كەلسە كېلىدۇكى، ھەرگىز پايدا يەتمەيدۇ، دىگەن ئىلغار قارىشىنى سىمۋولىستىك ئوبراز بۇلبۇلنىڭ توۋەنكى تەسۋىرى ئارقىلىق ئېنىق ئىپادىلىدى:

كىزىپ ۋادىنى بۇلبۇل سەيرە قىلدى،
بۇ ۋادى قۇشلارنىڭ سىرىنى بىلدى.
..................................................
كى بۇلبۇل دەردىغە تاپمىدى مونس،
بۇ يەردە يوق ئىكەن ھەم دەرت ھەم جىنس.

ئەمدى ئاساسلىق ئوبراز بۇلبۇلنىڭ ئاخىرقى پاجىئەسىگە

كەلسەك، ئۇ بۇلبۇلنىڭ ھەققانىيەت يولىدا خىيىم - خەتەردىن قورق-
مايدىغان ئىسىل پەزىلىتىگە ھىچقانداق نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ.
چۈنكى، بۇلبۇل سەككىز قۇشتىن (يەنى ئەزگۈچى يۇقۇرى قات-
لام گورۇھتىن) ئۇزۇل - كېسىل چىگرا ئاجرىتىپ، قىزىل گۇل
ۋەسلىگە (يەنى ئەركىنلىك ۋە سائادەتكە) يېتىش مەقسىدى بى-
لەن ئۇزلۇكسىز تىرىشۋاتقاندا يەنە بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ،
ساتقىن، خىيانەتچى ئەمىرالارنىڭ يەنە بىر تىپى بولغان بىر
«مەرد جاھانى»نىڭ قەپەزگە سولاپ ئازاپلىشى نەتىجىسىدە
ئىپچىنىشلىق ھالاك بولىدۇ.

مانا بۇ، ئۇلۇغ غايە يولىدا ئاداققى تىنىقىغىچە قەيسىرانە كۇرەش قىلغان باھادىر پەھلىۋاننىڭ تەسىرلىك قارشىلىق كور-ستىش روھى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوچمەس قىساس يالقۇنى لاۋۇل-داپ تۇرىدۇ.

3. شائىر داستاندا ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ ھەرقانداق قىيىن شارائىتلارغا دۇچ كەلگەندىمۇ ئۇزىنىڭ ئار - نومۇسىنى، ۋىجدانىنى پاك ساقلايدىغان گۇزەل ئەخلاقى - پەزىلىتىنى سىمۋو-لىستىك ئوبراز قىزىلگۇلگە تايىنىپ روشەن ئىپادىلەپ بەردى.

مەسىلەن، بۇلبۇل، تىكەندىن رەشىك ئەيلەپ قايتىپ كەت-كەندە جۇدالىقتا قالغان گۇل ئۇز ھىسسىياتىنى:

كى ئەي باد سابا خوش كەلدىڭ ئەي يار،
ساڭا فاش ئەيلەيىن ھەر نەۋئى ئەسرار.
ماڭا بۇلبۇل نىچە كۈن بولدى ھەمدەم،
ۋىسالىمنى قىلىب دەردىگە مەرھەم.
نە بولدى بىلمادىم كەتتى قاشىمدىن،
فىراقى كەتمەدى ھەرگىز باشىمدىن.

دىگەن يالقۇنلۇق سوزلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

داستاندا گۈلنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن تۆۋەندىكى غەزەلمۇ يۇقارقى قاراشلىرىمىزنىڭ روشەن دەلىلىدۇر:

دىدى: بۇلبۇل بۇ كوڭلۈم مېھرىبانى،
مۇھەببەت گۈلشەنىنىڭ كامرانى.
بۇ گۈلشەن سەنسىزىن زىندان غەمدۇر،
ماڭا بەرگىل كىلىب غەمدىن ئامانى.

چىمەننى سەير ئىتىب ھەرگىز جاھاندا،
تاپالمايسەن مېنىڭدەك دىلرەبانى.
نە قىلسۇن ئىككى ئالەم راھەتىنى،
كىشى ياردىن ئايرىلغان زامانى......

4

ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىپىك شېئىرلارنىڭ يۇقۇرى ئىدىيىۋىلىككە، يۈكسەك بەدىي جەلب قىلىش كۈچىگە باي بولۇش ـ بولماسلىقى يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئىلغار بولۇش ـ بولماسلىقىغا، خىلمۇ ـ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ مول تەسەۋۋۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق كونكرېت پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ـ يارىتالماسلىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

شائىر موللا ئەلەم شەھيارى ئوزىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا خىلمۇ ـ خىل بەدىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ماھىرانە پايدىلىنىپ، ئوزى ئىپادىلىمەكچى بولغان چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇننى يىغىنچاق، يارقىن، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇردى. شا ـ

ئىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتى تۆۋەندىكى 4 نۇقتىدا ئېنىق كورىلىدۇ:

1. شائىر داستاندا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي‐لىقىنىڭ مول غەزىنىسىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزد‐نىڭ لىرىك ھىسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى بەدىي بۇلاققا ئايلاندۇر‐غان. بولۇپمۇ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى تىل، ئۇسلۇپ، ۋە‐قەلىك يېقىدىن ئالغاندا خەلق چۆچەكلىرىگە خاس ھىكايىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. سىيۇژېتلارنىڭ تەشكىللىنىشى، مەنزىرە تەس‐ۋىرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇشلارنىڭ كەسكىن بەس-مۇ‐نازىرىلىرىدە قەدىمى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ، قوشاق، ماقال-تەمسىللىرىنىڭ پۇرىقى خېلىلا كۈچلۈك.

مەسىلەن:

نە قىلسۇن ئىككى ئالەم راھەتىنى،
كىشى يارىدىن ئايرىلغان زامانى.
.......................................
ياماننلار سوھبەتىدە بولما ھەرگىز،
ئۇلارنىڭ سوھبەتىدۇر فىتنە-ئەڭگىز.
.......................................
قەدىمى دۆركى گۈل بىرلە تىكانىسىز،
باھارى بولماغاي ھەرگىز خازانىسىز.

دىگەن مىسرالار يۇقۇرقى قاراشلىرىمىزنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئاشۇ بېيىتلەرنى خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆزۈن‐دىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ۋارىيانتى دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن. بۇ شائىرنىڭ ئەينى دەۋردىكى خەلق فولكلورىنى ئىجادى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن مول ئۇزۇق ئالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

2. داستاننىڭ سيۇژېتى ئىخچام، ھەرىكەتچان، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئېنىق، قۇرۇلمىسى پۇختا، ئوبرازلىرى جانلىق، تەسىرلىك بولۇپ، ئوقۇغان كىشىگە كۈچلۈك ھوزۇر بەخش ئېتىدۇ.

تىل خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئالغاندا، داستان ئەينى دەۋردىكى چۇشىنىشلىك، راۋان، ئاممىباپ ئەدەبىي تىل ئاساسىدا ئىشلەنگەنلىگى سەۋەبلىك كىشىدە يارقىن ھاياجانلىق تەسىرات قوزغىيالايدۇ. ئۇ، گۈزەل شېئىرى ھېسسىياتقا، ئاھاڭدارلىققا ئىگە، ئوقۇشقىمۇ ئەپلىك، ئاسان ئەستە قالدۇرغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن:

جافاسىدىن قاچىب ئاشىق بولۇرمۇ؟
مۇھەببەت يولىدا سادىق بولۇرمۇ؟
قاچان ئاشىق جافادىن قاچقۇسىدۇر،
جافا، قۇفلى ۋافانىڭ ئاچقۇسىدۇر.

دىگەنلەردەك.

3. شائىر ئوبرازلىق ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ بىرسى بولغان سىمۋول ئۇسۇلىدىن جانلىق پايدىلىنىپ، رۇشەن ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە بولغان بىر تۇركۇم سىمۋولىستىك ئوبرازلارنى ئۇتۇغلۇق ياراتتى.

سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ئىچىدىكى مۇھىم بىر ئۇسۇل بولۇپ، ئاپتور — بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان شەيئىنىڭ نامىنى توغرىدىن - توغرا ئوتتۇرىغا قويماي، شۇ شەيئى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقا بىر شەيئىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى، ئوبرازىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۈچلۈك ھاياجىنىنى ۋە تەپەككۇرىنى قوزغاپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ جەلپ قىلىش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرالايدۇ.

شائىر موللا ئەلەم شەھيارى ئۆز داستانىدا ئىپادىلىمەكچى

بولغان تەرەققىپەرۋەر، خەلقچىل ئىدىيىنى كونكرېت سىمۋول خاراكتېرلىق شەيئىلەرگە تايىنىپ ئىپادىلىدى.

مەسىلەن، سابا، بۇلبۇل، گۈل ۋە ھومايۇن، تاۋۇس، شاتۇتى...... قاتارلىق مەۋجۇداتلارنى سىمۋول سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۆزى ئەكس ئەتتۇرمەكچى بولغان شەيئىلەرنىڭ تۈپ ماھىيەتكە ئىگە بەلگىلىك مەنىلىرىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈردى.

4. جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سىمۋول سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى، مەنىۋى قىياپىتىنى يەنىمۇ بىر پەللە يۇكسەكلىككە كوتىرىپ، ئۇلارنى بەئەينى تىرىك ئادەمدەك جانلىق سورەتلىدى. داستاننى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا سابا،بۇلبۇل،قىزىلگۈل ۋە ھومايۇن، تاۋۇس،شاتۇتى...... ھوپۇپ قاتارلىقلار بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇزئـارا تالاش ـ تارتىش قىلىشىدۇ، مۇڭغا چوكىدۇ، غەزەپلىنىدۇ، سويىنىدۇ......

داستان ئۆزىنىڭ رىيال ئەھمىيىتى، بەدىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇشى بىلەن كلاسسىك ئەدىبى مىراسلىرىمىز گۈلزارلىغىدا كوركەم ئېچىلغان تولىماس بىر دەستە قىزىلگۈلدەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

## سابا بۇلبۇلغا قىزىلگۈلنىڭ تەئرىپىنى قىلغانى

ئەگەرچە ھەسرىگاھى سايرار ئېردى،
سابا ئول مەجلىس ئىچرە ھازىر ئېردى.
سابا كوردىكى بۇلبۇل بۇ مەھەلدە،
مۇھەببەتتە دەم ئۇردى بۇ غەزەلدە.
دىدى: ئەي بۇلبۇل مەھزۇن مەھجۇر،

سىنىڭ ئاتىڭ ئىرۇر ئالەمدە مەشھۇر.
بىرىپ گۇللەرگە كوڭلۇڭ لال بولما،
يامان ـ ياخشى قاشىندە خار بولما.
مۇھىبلەر ئاراسىدە بىر مۇھىب بار،
گەدايى ئول قىلۇر بولساڭ گىرىفتار.
ئاتى ئىرۇر قىزىلگۇل ئول چىمەندە،
سىپاتىنى قىلۇرلەر ئەنجۇمەندە.
يۇزىنىڭ رەڭگى ئانىڭ ئاتەشىندۇر،
لاتاپەت ئىچرە ھەدىسىز نازەنىندۇر.
دىدى: ئول خۇش قەدۇ خۇشرۇي ئەسرۇ،
چىچەكلەر ئىچرەدۇر خۇشبۇي ئەسرۇ.
بىرۇر راھەتىدىن جانغا گۇلابى،
داۋايى دەرت ئىرۇر ئانىڭ گۇلابى.
ۋىسال ئەھلىغە گەر بولسا مۇيەسسەر،
بولۇر ئانىڭ دىماغى بەس مۇئەتتەر.
ئانىڭ بويىدىن ئەي بۇلبۇل ئىشتكىل،
شەكۇ ـ شۇبھە بۇ سوزدە يوقتۇر بىلگىل.
يىل ئايلانسا يىتىشسە مەۋسۇمى گۇل،
يىگىتلەر گۇل توپەيلىدىن ئىرۇر قۇل.
گۇلۇستان ئىچرە ھەر كۇن بىرۇ ـ بەرنا،
تەئەججۇپ بىرلە ئەيلەرلەر تاماشا.
كورۇرلەر گۇلنى گاھى زەۋق بىرلە،
ئۇزەرلەر سانچىماقغا شەۋق بىرلە.
بۇ سوزلەردىن بۇدۇر مەقسۇد بۇلبۇل،
كى ئالەم ئەھلىدۇرلەر ئاشىق گۇل.
ئەمەستۇر گۇل بۇلەرگە ھىچ مايىل،
قىلۇر ئەكسەر يۇزىگە پەردە ھايىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تىلەر ئۇل ھەم ئۇزىگە يار دايىم،
كى بولسا ئۇلار ئىكاۋلەن يار دايىم.
سابا ئەيدى ئۇل دەم بۇلبۇل زار:
بۇ يەڭلىغ گۇل ماڭا بولغاي قاچان يار؟
جاۋاپ ئەيدى سابا بۇلبۇلغا ئۇل دەم:
بۇ مەندىن ئۇزۇڭنى قىلما پىر غەم.
ئىشتىپتۇر سېنىڭ ئاتىڭنى ئۇل گۇل،
ھەمىشە ياد ئېتەر ئەي خەستە بۇلبۇل.
فىراقىڭدە بولۇپتۇر سىنەسى چاك،
سېنىڭ ئىشقىڭ قىلىپدۇر زار غەمناك.
غەم ـ ئەندۇھ، مېھنەت ئەتكەچ ئەسرۇ،
بولۇپتۇر باغرى ئانىڭ كى سەرىغ سۇ.
ئىشتتى بۇلبۇل ئەرسە بۇ ھىكايەت،
ئاڭا گۇل ئىشقىدىن يەتتى سەرايەت.
فىراق ئۇتىغا ئۇل دەم كويدى بۇلبۇل،
بولۇپتۇر بۇ سەۋەپتىن رەڭگى چۇن گۇل.
ئۇزىن گۇل ئىشقىدا كورگەچ گىرىفتار،
تەزەررۇ بىرلە قىلدى نالەئى زار.

## غەزەلى بۇلبۇل

جامالىڭ ۋەسپىنى بىسىيار ئەي گۇل،
ئىشتتىم ئەرسە بولدۇم زار بۇلبۇل.
جامالىڭدىن مەن بىچارە مەھرۇم،
ساڭا مەھرەم تۇرار ئەغيار ئەي گۇل.
تەرەھھۇم ئەيلەگىل زىنھار ـ زىنھار،
مېنى قىلمە جاپاگە خار ئەي گۇل.
كىشى يوقتۇر سېنىڭ ئىشقىڭدا مەندەك،
غەرىبۇ، بىكەسۇ، ئەفكار ئەي گۇل.



AltunOq

## سابا گۈل قاشىغا بارغانى

سابا چۈن گۈل ھەرىمىغا ئۇلاشتى،
جاھان ئارا جامالىغا يىتۈشتى.
دىدى: ئەي گۈل كىزىپ كەلدىم جاھاننى،
تانىپ دۇنيادا ياخشى ۋە ياماننى.
بار ئىردى دەھر ئارا بىر مۇرغىزارى،
چىمەن زارۇ ئەجايىپ لالە زارى.
يىتۈشتۈم ئەرسە ناگاھ بىر گۈزەرغە،
ئەجايىب بىر نىمەرسە كەلدى كوزغە.
ياسىمەن بىرلە بىنەفشە بار سۇنبۇل،
بۇلەرغە زار ئىكەن بىچارە بۇلبۇل.
تەئەججۇپ قىلدىمۇ تۇردۇم زامانى،
بىناگاھ باشلادى بۇلبۇل فىغانى.
قاشىغا باردىمۇ ئەيدىمكى: بۇلبۇل،
ساڭا لايىق ئەمەس نەسرىن سۇنبۇل.
گۈلى سەۋسەن بۇلەر يەڭلىغ مۇھىب ھەم،
كىرا قىلماس بۇلار ئۇچۇن ھەمە غەم.
سىنى تەئرىف قىلدىم ئول چىمەندە،
بايان ئەتتىم سىفاتىڭ ئەنجۇمەندە.
سىنىڭ ئىشقىڭدا بولدى زار بۇلبۇل،
ئۆزىگە ۋەرد ئىتىب ئىيتۇر: گۈل-گۈل!
بۇ سوزدىن گۈل ئىچىلدى بولدى خەندان،
نەشاتۇ ئەيش ئىتەرگە باغۇ-بوستان.
سابا تاپتى مەھەلنى: ئەيدى: ئەي گۈل،
ساڭا شىىر يىباردى خەستە بۇلبۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرىسى

كى گۈل خەندان بولۇب بى تەھەممۇل،
غېرىب لۇتفى بىلە ئېيتۇركى: قۇل ـ قۇل.
تۈزۈب نەغمە بىلە سەۋت ئەھەلنى،
سابا ئالدىدە قويدى بۇ غەزەلنى.
بولۇب تەئسىر گۈلغا بۇ غەزەلدىن،
كى بىتدى شېبر بۇلبۇلغا ھەۋەسدىن.

## گۈل بۇلبۇلغا ئېيتغانى

ئايا بۇلبۇل تىلەر بولساڭ ۋىسالىم،
سۇغارغىل كوز ياشىڭ بىرلە نىھالىم.
يىراقدىن قىلماغىل سەن ئىشق بازى،
ياۋۇق كەلغىل كورار بولساڭ جامالىم.
ساڭا مەئلۇم بولماس ئاندا تۇرۇب،
مېنىڭ مۇنداغلىغىم، ھوسنۇ ـ جامالىم.
ئۆزۈڭنى قىلما زار ھەم مېنى سەن،
كى ھەددىن ئاشتى ئەي بۇلبۇل مەجالىم.
جاھان ئىچرە گىرىفتارىم تولادۇر،
ۋەلى تۇشتى ساڭا مېھىر خىيالىم.

## گۈل سابانى يىبارىب، بۇلبۇلنى كەلتۈرغانى

گۈل ھەمرا يىباردى ئول سابانى،
ئالىب كەل دەپ گەدايى بى ناۋانى.
بەلى ئىشق ئىچرە ئاشىق بولسا سادىق،
بولۇر مەئشۇق ئاشىق ھەم مۇۋاپىق.
سابا گۈل شېبرنى بۇنياد قىلدى،

ئىشتتى بۇلبۇلى فەرياد قىلدى.
تۇتاشتى ئوت ئىچىگە بى ناۋانىڭ،
باشىن قويدى ئاياغىغا سابانىڭ.
دىدى: ئەي مەھرەمى راز نىھانىم،
يېتۇشدى چىقغالى بۇ خەستە جانىم.
مېنىڭ دادىمغە ئەمدى ئەيلە دەرمان،
گەر ئۆلسەم قالماغاي ئىچىمدە ئارمان.
سابا ئەيدىكى: ئەي دىل خەستە بۇلبۇل،
سېنى كەلسۇن دىدى قاشىمغا ئول گۇل.
سۇيۇندى بۇلبۇلۇ پەرۋاز قىلدى،
بارۇردە بۇ غەزەلنى ئاغاز قىلدى.

## غەزەلى بۇلبۇل

بىھەمدۇللا ئەگەرچە زار بولدۇم،
مۇھەببەتدىن رەئول يار بولدۇم.
قىزىلگۇل فۇرقەتىدە زار، ناچار،
تاڭ ئاتغۇنچە كېچە بىدار بولدۇم.
مېنى بىچارەئى مەھزۇنى مىسكىن،
غەمۇ-دەردۇ بالاغا بار بولدۇم.

## بۇلبۇل گۇلغا يېتۇشغانى

چۇ بۇلبۇل گۇل دىيارىغا ئولاشتى،
تەنۇ جانىغا باشتىن ئوت تۇتاشتى.
كېلىپ كوردى گۇلۇستان ئىچرە بۇلبۇل،
كورۇب بۇلبۇلنى گۇل، ئاچىلدى گۇل-گۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىدى بۇلبۇل ئۇشول دەم: شۈكرى لىللاھ،
كى بولدۇم گۈلۈستانىم بىرلە ھەمرا.
خىيال ئەتتى قۇتۇلدۇم دەپ بالادىن،
غەمۇ، زولم ـ سىتەمدىن ھەم جاپادىن.
نە بىلسۇن ئاندە ئۆلكىم يۈز جاپا بار،
بەتەھىسىس ئۆلكى گۈلدۇر، ھەمدەمى خار.
گۈلۈستان ئىچرە ناگاھ كىردى بۇلبۇل،
تىكان بىرلە ئىكاۋلەن ئۆلتۈرۈپ گۈل.
تىكانىنىڭ دەردىغە بىچارە بولدى،
باشىنى ئالدىيۇ، ئاۋارە بولدى.
نىچە كۈن گۈلدىن ئول بىگانە بولدى،
چىنان ئىشق ئەھلىغە ئەفسانە بولدى.
يەنە بىر كۈشەنى كاشانە قىلدى،
ئۆزىنى غەم بىلە ھەمخانە قىلدى.

## بۇلبۇل تىكاندىن رەشىك ئەتكەنى

بولۇپ رىشكىن تىكاندىن بۇلبۇل زار،
بۇ يەردىن كەتتى، تابتى جانى ئازار.
نىچە كۈن كەتتى بۇلبۇل گۈل قاشىدىن،
توكۇبان دۇررە مارجان كوز ياشىدىن.
ئۇچۇب بۇلبۇل نىچا كۈن قىلدى پەرۋاز،
كويۇب ھىجىر ئوتىغا بىر نەۋئ ئاۋاز.
جاھاننى چەرخ ئۇرۇب كەزدى نىچە تۈن،
ئەدەدسىز دەرد ئىلە ھەدسىز چىكىب ئۈن،
نىچە كۈنلەر يۈرۈب بۇلبۇل قىلىب تەير،
چىمەنزار جاھان ئىچرە قىلىب سەير.

بىناگاھ يەتتى بۇلبۇل بىر چىمەنگا،
كىلىپ تۇشتى گۇلۇستانۇ سەمەنگا.
كۇرار ناگاھ چىمەننى بۇلبۇل زار،
گۇلى قەھقەھ ئاچىلىپ تۇرفە گۇلزار،
ئەجايىپ بىر چىمەندۇر لالەزارى،
ئاچىلىپ رەڭ-بەرەڭ گۇل سەد ھەزارى.
نازاكەت گۇللەرۇ ئىشقى پىچەكلەر،
گۇل زىبالەرۇ رەڭ-رەڭ چىچەكلەر.
گۇل رەئنايۇ سەۋسەن بىرلە رەيھان،
گۇل رەئنايۇ ئابباس بىرلە چەندان.
گۇلۇستان ئەرەمدەك بۇلبۇل زار،
دىگەيسەن باغ جەننەت تۇرفە گۇلزار.
مۇنىگدەكدۇر گەر ئولسا باغ جەننەت،
باھارى دۇركى يوقتۇر ئانگا زەخمەت.
چىمەن ئىچرە كىرىپ سايرادى بۇلبۇل،
چىمەندە گۇللەر ئىچرە تۇشتى غۇل-غۇل.
تاماشا قىلدى بۇلبۇل بىر گۇلۇستان،
چىمەننىڭ سەھنىدۇر چەرخ چۇن گەردان.
كۇرۇپ گۇللەرنى بۇلبۇل قىلدى پەرياد،
گۇلۇستان ئەرەمنى ئەيلەدى ياد.
گۇل قەھقەھغە بۇلبۇل بولدى شەيدا،
كۇلۇپ قەھقەھ كەرەشمە قىلدى پەيدا.
جامالىن كورسۇتۇبان قىلدى جىلۋە،
غىرىب بۇلبۇلغا يۇزمىڭ ناز ئىشۋە.
لەب غۇنچە ئاچىلىپ كۇلسە قەھقەھ،
بۇ بائىسدىن دىدىلار: گۇل قەھقەھ.
دىدى، بۇلبۇل كوزىدىن ئاقۇزۇپ ياش،



Altun Oq

گۈل قەھقەھ ئاياغىغا قۇيۇپ باش:
— سورۇپ ھالىمنى رەھىم ئەت، قىلمە كوب ناز،
ۋەلى نازىڭا جان بەرسەم تەقى ئاز.
ماڭا سەن بولماساڭ جانىم كېرەكمەس،
سېنىڭ دەۋرى گۈلشەن كويۇڭ ماڭا بەس.
مېنىڭ كوڭۈل خوشۇم سەن ـ سەن چىمەندە،
جامالىڭ راھەت، ئارام جانۇ ـ تەندە.

## سابا قىزىلگۈلنىڭ قاشىغا كەلگەنىنىڭ بايانى بۇ تۈرۈر

يېتىپ كەلدى سابا ۋەقتى سەھەردە،
قىزىلگۈل قاشىدە تۇردى نەزەردە.
كوتەردى گۈل يۈزىدىن پەردەسىنى،
يىباردى ھەر تەرەپقە رەققەسىنى.
ئاچىلدى گۈل فەرەھناك ئولدى ئولدەم،
جامالى بىرلە گۈلشەن بولدى خۇررەم.
سابانى كوردى، گۈل ئالدىدە تۇرمىش،
ئەدەبدىن گۈل ئاياغىغە باش ئۇرمىش.
دىدى گۈل: ئەي سابا سەن قايدا ئېردىڭ؟
نىچە كۈندۈز يۇقالدىڭ، ئەمدى كەلدىڭ؟
سابا ئەيدى: يۈرۈپ ئالەمنى كەزدىم،
مۇھىبلەرگە مۇھەببەت قەندىن ئەزدىم.
يۈرۈردۇم باغ ئارا گەر بولسا گۈلزار،
ئاچىپ پەردە قىلىپ گۈللەرنى بىدار.
تاۋازۇئ بىرلە گۈل ئالدىدە تۇردى،
ئەدەب بىرلە سابا بۇلبۇلنى سوردى:

گۈلۈستان ئەھلىنىڭ سەن پادىشاھى،
جاھانىنىڭ گۈللەرى ساڭا سىپاھى.
ئايا گۈللەر ئارا ساھىب جامالىم،
جاھان باغى ئارا نازۈك نىھالىم.
ئايا گۈللەر شاھى سەن ئەي قىزىلگۈل،
قېنى ئول ئاشقىڭ بىچارە بۈلبۈل؟
قېنى ئول بۈلبۈل مىسكىن ناۋايىڭ؟
يۈزۈڭگا زار بولغان بى ناۋايىڭ؟
جامالىڭگا ئاجايىب ئاشىق ئېردى،
مۈھەببەت ئىچرە يار سادىق ئېردى.
قېنى ئول بۈلبۈل سەرگەشتە ئاشىق؟
سېنىڭ ئىشقىڭا بولغان خەستە ئاشىق؟
خوب ئەردى بولسا ئول بۈلبۈل قاشىڭدا،
ھەمىشە سايەبان ئېردى باشىڭدا.
خوش ئەلىھان بۈلبۈلۈڭ كەتمىش قاشىڭدىن،
كېتىبدۈر شان ئىلە شەۋكەت باشىڭدىن.
مەگەر بىلمەم تىكاندىن يەتتى زەخمەت،
ۋە يا سەن قىلدىڭ ئاڭا جەۋرى مېھنەت.

## گۈل ساباغا ئەھۋالىنى ئېيتغانى

دىدى گۈل: ئەي سابا ھالىمنى ئېيتاي،
تۈمەنىمىڭ دەرد ئىلە نالىمنى ئېيتاي.
مېنىڭ ئىچىمدە يۈزمىڭ دەرد - غەم بار،
غەمىم ئېيتۇرغا مەندە يوقتۇر غەمخار.
ئىشتىكىل، ئەي سابا بىردەم، سوزۇمنى،
كى قىلسام پارە - پارە مەن ئوزۇمنى.

كى ئەي باد سابا خوش كەلدىڭ ئەي يار،
ماڭا فاش ئەيلەيىن ھەرنەۋئى ئەسرار.
ماڭا بۇلبۇل نىچە كۈن بولدى ھەمدەم،
ۋىسالىمنى قىلىب دەردىگە مەرھەم.
نە بولدى بىلمەدىم كەتتى قاشىمدىن،
فىراقى كەتمەدى ھەرگىز باشىمدىن.
دىدى گۇل: ئەي سابا تەكرى ئۈچۈن بار،
كېتۇر بۇلبۇلنى سەن زىنھار-زىنھار.
ئەگەر تابساڭ سابا مەھزۇن قۇلۇمنى،
ئالىب كەل ھەمدەم ئەيلەب بۇلبۇلۇمنى.
دىدى گۇل: ئەي سابا ھەيھات-ھەيھات!
تاپىب بۇلبۇلنى كەلتۈرگىل ماڭا پات.
چۇ بۇلبۇل كەتكەلى ھالىم پەرىشان،
جۇدالىقدىن يۈراكىم تەبتەئى قان.
ساغىندىم ئەندەلىب بى ناۋانى،
تاپار ئارام كوڭلۇم كورسەم ئانى.
بۇدۇر ھالىم مېنىڭ ئەي بەگ مەھرەم،
ماڭا قىل بۇلبۇلۇمنى يار ھەمدەم.

## غەزەلى گۇل

دىدى: بۇلبۇل بۇ كوڭلۇم مېھرىبانى،
مۇھەببەت گۇلشەنىنىڭ كامىرانى.
بۇ گۇلشەن سەنسىزىن زىندان غەمدۇر،
ماڭا بەرگىل كىلىب غەمدىن ئامانى.
چىمەننى سەير ئېتىب ھەرگىز جاھاندە،
تاپالمايسەن مېنىڭدەك دىلرەبانى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نه قىلسۇن ئىككى ئالەم راھەتىنى،
كىشى ياردىن ئايرىلغان زەمانى.

## سابا بۇلبۇل قاشىغا بارغانى

چىمەندە بار ئىدى بىر ياخشى سۇنبۇل،
قونۇپ شاخىغە سايرار ئېردى بۇلبۇل.
سابا قاشىغا كەلدى دەۋرىن ئۇلاپ،
گاھى چەپ ئورگۈلۈپ، گاھ راس ئويناپ.
يېتىپ كەلدى سابا كوردى بى ناگاھ،
چېكەر بۇلبۇل فىغانۇ، نالەيۇ، ئاھ.
كورۇپ بۇلبۇل ئانى بەگ سابا دەپ،
سابا بىرلە كورۇشتى: مەرھەبا، دەپ.
سابا ئەيدىكى: ئەي شۇرىدە بۇلبۇل،
ئالىپ كەلگىل، دىدى ئول نازەنىن گۇل.
سالام ئەيدى ساڭا ئول نازەنىن گۇل،
كېلىپ كورسۇن دىدى سەرگىشتە بۇلبۇل.
تۇتۇپ گۇل ئېتەكىن قىلغىل ناۋا سەن،
بۇ يەڭلىغ يەردە بولما مۇبتىلا سەن.
يامانلار سوھبەتىدە بولما ھەرگىز،
ئۇلارنىڭ سوھبىتىدۇر فىتنە ـ ئەڭگىز.
ئىشىت، ناجىنس بىرلە قىلما سوھبەت،
يېتەر ئاندىن ساڭا كوپ رەنجۇ ـ مېھنەت.
يامانلار سوھبەتىدىن تۇرما، قاچقىل،
ئۇلەرنىڭ سوھبەتىدۇر زەھرى قاتىل.
ئايا بۇلبۇل، بولۇر سوھبەت مۇئىسىر،
ياماندىن خۇي ئالۇر بۇ نەفسى كافىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارىب بول ياخشىلارنىڭ سوھبەتىدە،
تاپارسەن فەيز ئالارنىڭ سوھبەتىدە.
غەنىمەت بىل نىچە كۈن سوھبەتى گۈل،
يېتەرسەن مەخسىدىڭگە خەستە بۇلبۇل.
نىچە كۈن قىل قىزىلگۈل بىرلە سوھبەت،
ئالىب چەك بۇسەدىن فەيزى مۇھەببەت.
قىلىب سوھبەت قىزىلگۈل بۇسەسىدىن مەست،
فىغانىڭنى بەلەند قىل، قىلماغىل پەست.
ئانىڭ ئالدىدە يىغلاب سايراغاي سەن،
يۈرەكىڭ ئىشق ئوتىغا داغلاغاي سەن.
نە خوش سارمايىدۇر ئاشىققا گىريە،
سەھەرلەر خوش ئىرۇر ھەم سوز سىينە.
سەھەر ۋەقتىدە ئاشىق بولسا بىدار،
تاپار دىلدارىنى بولسا تەلەبكار.
ئەگەر ئاشىق كوزىدىن ئاقتى ياشى،
يېقىن بىل ۋەسىل نوشى، بولسا رايىشى.
بىلىڭ، ئاشىق كىشى ۋەقتى سەھەردە،
يېتەر مەقسۇدىغا ھەر چەشمە تەردە.
كوزىدىن ئىشق ئىلە گەر ئاققۇزۇر ياش،
ئەجەب يوق مەئشۇقە گەر بولسا يولداش.
سابا بۇلبۇلغا ئەيدى: بارىكاللا!
بولۇبسەن يار ئەغيارىغا ھەمرا.

## بۇلبۇل ساباغا ئېيتقانى

دىدى بولبۇل: ئايا ئەي مەھرەمى راز،
ماڭا بول ئەي سابا بىر يولى دەمساز.



AltunOq

كېلىپ سەن ياردىن ئەي بەگ مەھرەم،
جاراھەتلىك يۈرەككە ئەيلە مەرھەم.
قۇلاغىڭ سال ئىشتىغىل ئەرزۇ ـ ھالىم،
كويۇپ ئىشق ئوتىغا يوقتۇر مەجالىم.
خۇدا تەغدىرىغە باردۇرمۇ چارە،
بۇ فۇرقەت بىرلە باغرىم پارە ـ پارە.
ئىشىمدۇر چىمەندە نالە قىلماق،
يۈرەكىم چاك ئېتىپ پۈركالە قىلماق.
تىكانىنىڭ رەشكى قىلدى زار سەرسان،
ۋەگەر نە جانىم ئىچرە تەبتەئى قان.
نىچۇكدۇر بارماغىم گەر بولسا ئول خار،
جاراھەتلىك ياراغا يەتسە ئازار.
مېنىڭ ئۇچۇن زەمانى ئەيلەسەڭ سەير،
ساڭا سىرىمنى ئەيدىم، سەن ئەمەس غەير.
ئەددىسىز دەرددىن مەن بى ناۋامەن،
ۋىسالىدىن جۇدامەن بىر گادامەن.
مېنى سوردى دىگىل بۇلبۇل چىمەندە،
قالىبدۇر زار ئول بەيتۇلھەزەندە.
سابا بۇلبۇلغا ئەيدى دەردىن سوزىن،
تامام ھال زار ھەم نىزارىن.

## سابا بۇلبۇلغا گۇل پىيامىنى ئېيتىغانى

سابا تىغ زەبانىن ئەيلەدى تىز،
ئەسەلدەك، نوقلىدەك ئەيلەب شەكەررىز.
سابا ناگاھ تىلىنى قىلدى گويا،
قىزىلگۇل دەردىنى ئەيلەرگە ئەفشا.
شەكەردىن قىلدى گۇفتارىنى شىرىن،
دىدى بۇلبۇلغا گۇلنىڭ دەرد ھالىن:

ئايا بۇلبۇل ئىشت چىندىن ھىكايەت،
قىزىلگۇل نامەسىدىن بۇ رىۋايەت.
مېنى ساڭا ئالىب كەل دەپ يىبەردى،
ساڭا ئەرزۇ دىلىدىن نامە بەردى.
ئانىڭ ئەيتۇر سۆزىنى ئەيتايىن مەن،
ئىشت، كوڭۈلنى مەھكەم ئەيلەگىن سەن.
كى دەيدۇ ھەرزامان: ئەي بۇلبۇل زار،
كىتىب سەن، ھىجرىڭا بولدۇم گىرىفتار.
ئايا بۇلبۇل، نەدەب كەتتىڭ قاشىمدىن،
كى تىنماي چەرخ ئۇرار ئىبردىڭ باشىمدىن.
باشىمدىن ئۇرگۇلۇبان سايىرار ئىبردىڭ،
ئاياغىمغا تۈشۈبان يىغلار ئىبردىڭ.
نىھالىمغا بېرىپ كوز ياشىدىن سۇ،
چىكىبان ئاھۇ-نالە بىرلە يا "ياھۇ!"
تاپىب كوڭلۈم فەرەھ ھەم نالەسىدىن،
جامالىم تازەدۇر پۇركالەسىدىن.
بۇ يەڭلىغ ئىبيتادۇر گۇل سوزىن، ئىشت،
فىراق نالەسىن، مەزمۇنەسىن ئىشت.
فىراقىڭدىن قىلىبدۇر سىنەسىن چاك،
ساچىب قان ھەر تەرەبغە مەستۇ-خاشاك.
كەل ئەي بۇلبۇل، فىغان قىل ئوتتى دۇنيا،
كى ئاشىقلار نە يەردەدۇر چۇ مائۇا.
كى يۈز مۇنداق جاھاندە ئاشيانىڭ،
توكۇب بىر-بىر تىكەننى ئۇستىگە دانىڭ.

## بۇلبۇل چىمەندا كېلىب گۇلنى كورغانى

كى بۇلبۇلغا بولۇبدۇر ئۆزگىچە ھال،
كى سايىرار ئاغزىدىن تامتىب بال.

ئۇچۇب سەھنە چىمەندە قىلدى پەرۋاز،
قىلىب جەۋلان ساباغا ئېيتقالى راز.
چىمەندە قىلدى جەۋلان بارلىغىنى،
كى سايراب جان بېرىب جان بارلىغىنى.
كوڭۇل شىشەسىنى قىلدى شىكەستە،
مەن سەرگىشتە بولدۇم كوڭلى خەستە.
چىمەن مەيدانىغا جان چەكتى بۇلبۇل،
كى سايرار دەرد ئىلە ياد ئېتىب گۇل.
ماڭا بولمىش ئاجايىب تۇرفە ھالەت،
تۇرۇردە سەبر يوق، بارۇردە تاقەت.
قىزىلگۇلنىڭ تىكانى ياستانىبدۇر،
كى بۇلبۇل كەلسە سانچاي دەب تۇرۇبدۇر.
ئەگەر بارسام تىكان باغرىمغا سانجار،
كى تۇرسام گۇل فىراقى جانىم ئورتار،
توكۇب بۇلبۇل ساباغا كوز ياشىنى،
چىنان ئەرز ئەيلەدى ئىچى-تاشىنى.

## بۇ غەزەلنى بۇلبۇل ئوقۇدى

فىراقىڭ بىرلە ئەي گۇل كويدى بۇ جان،
نىچۇك ھال ئەردى بولدۇم زار ھەيران.
ھەمىشە ئىشتىياقىڭ دەردى بىرلە،
كوڭۇلدە سەبر يوق، ھىجرىڭدە سامان.
سېنىڭ يادىڭ بىلە شام-سەھەرلەر،
قىلۇرمەن نالە ئەيلەب ئاھۇ ئەفغان.
كىچە-كۇندۇز سېنىڭ ئىشقىڭدا يىغلاب،

كى ياشىم ئورنىغا دايىم ئاقار قان.
سىنىڭ ھىجرىڭ بىرلە جان چىقتى تەندىن،
كورۇبان كاشكى بەرگەي ئىدىم جان.

## سابا بۇلبۇلغا نەسىھەت قىلغانى

بۇلبۇل سابا قاشىدە نالە قىلدى،
نەسىھەت قىلغالى مەستانە كەلدى.
سابا بۇلبۇل بىلە تا بولدى ھەمدەم،
كى بۇلبۇل دەردىغە قويماقغە مەرھەم.
نەسىھەت خەنجىرىدىن دۇررۇ - جەۋھەر،
ساچىب بۇلبۇل باشىغا لەئلى گەۋھەر.
سابا ئانداغ نەسىھەت ئەيلەب ئەنگىز،
لەبىدىن ئەيلەدى دايىم شەكەررىز:
نەسىھەت بابىدا بىرنەچچە سوز بار،
ئايا بۇلبۇل ئىشت سەن ئاشىغى زار.
سابا ئەيدىكى: ئەي بۇلبۇل نىتەرسەن؟
تىكاندىن سەن غەم بىھۇدە يەرسەن.
قەدىمدۇركى گۇل بىرلە تىكانسىز،
باھارى بولماغاي ھەرگىز خازانسىز.
غەنىمەت تۇت باھار گۇلنى بۇلبۇل،
قىزىلگۇل قاشىدە بىرنىچە كۇن بول.
كى مىھماندۇر ساڭا بىرنىچە كۇن گۇل،
ئانىڭ ئىشقىدا قىل فەريادى غۇل - غۇل.
غەنىمەت بىل نىچە كۇن گۇل ۋىسالى،
بىناگاھ بىر كۇنى ھىجران شامالى.
باھار ئارقاسىدا بار خازان بار،

خازان كەلسە نە مەن بار، نە سەن بار؟
كويۇپ ھىجرىدە فۇرقەتىغە قالۇرسەن،
نادامەت بىرلە ھەسرەتىدە قالۇرسەن.
يەنە كورسەم دىبان قىلغايسەن ئارمان،
نادامەت سود قىلماس ھەم پۇشايمان.
ئايا بۇلبۇل ئىشت مەندىن بۇ سوزنى،
ئۇتۇر ئۇمرۇڭ يومۇپ ئاچغۇنچە كوزنى.
ئىشەنمە گۇلنىڭ ئەيىيامىغا بۇلبۇل،
گۇلۇستاندە نە گۇل قالغاي، نە سۇنبۇل.
قىلىب پەرۋاز گۇلسارى راۋان بول،
كىرىب گۇل قوينى ئىچرە مىھمان بول.
تىكاندىن سەن دىلىڭنى رىشە قىلما،
تەۋەككۇل قىل، تولا ئەندىشە قىلما.
تەۋەككۇل ئەيلەگىل ھىممەت بىلە بول،
تەۋەككۇل ئەيلەسەڭ بوستان بولۇر چول.
تەۋەككۇل ئەيلابان تۇشسەڭ بۇ يولغا،
خۇدانىڭ لۇتفىدۇر كىرسەڭ بۇ يولغا.
تەۋەككۇل ئەيلەگەن ھىممەت بىلە ئەر،
مىرادى مۇيەسسەردىن بولغۇسى سەر.
تەۋەككۇل پىشە قىلغان ئەرنىڭ ھالى،
ئۇچاردە ھىممەتىدۇر پىرۇ بالى.
تەۋەككۇل شىرنىراند شاھ مادە،
تەۋەككۇلغا ئەرمەس بولسا لادە.
تەۋەككۇلنى خۇداغا قىل ھەمىشە،
قىلىب ھىممەت، تەۋەككۇل ئەيلە پىشە.
تەۋەككۇل قىل، تەۋەككۇل قىل، تەۋەككۇل،
تەۋەككۇلدىن تىكانلار بولغۇسى گۇل.
ئايا بۇلبۇل تەۋەككۇل بابىدە بول،



AltunOq

تىكان دەردىنى تارتىپ كور قىزىلگۈل.
تىكان دەردى بىلەن ئەيشۇ-پاراغەت،
جاپا جەۋرىسى گۈلنىڭ جانغا راھەت.
ئەگەر يۈز مىڭ جاپا يەتسە تىكاندىن،
بار، كور گۈل سارى، ئايرىلمە ئاندىن.
كىشى يارى ئۈچۈن كورسە جاپانى،
ئانىڭ ئورنىغا يار ئەتكەي ۋاپانى.
جاپاسىدىن قاچىپ ئاشىق بولۇرمۇ؟
مۇھەببەت يولىدا سادىق بولۇرمۇ؟
قاچان ئاشىق جاپادىن قاچقۇسىدۇر،
جاپا قۇپلى ۋاپانىڭ ئاچقۇسىدۇر.
جاپا مەئشۇقلارنىڭ شىۋەسىدۇر،
سۈيۈنماقدە غەرەز مەرغۇبىسىدۇر.
سەبەب مەئشۇقدۇر ئەھدۇ-ۋاپادىن،
قاچارلەر بۇل ھەۋەس جەۋر-جاپادىن.
ئايا بۇلبۇل چەك ئەمدى گۈل جاپاسىن،
كى ئاخىر كورگۈسەن مىھرى ۋاپاسىن.
كى بۇلبۇل قىلما كوڭلۈڭنى پەرىشان،
قىزىلگۈلدۇر ساڭا ھەم يار ھەم جان.
نە خوشدۇر گۈل ئىچىندە ئولتۇرۇر يار،
ئىچىپ مەي ئاشىق ئولسا مەست دىدار.
ئىلكىدە مەي كوڭلىدە يار شەۋقى،
نە خوشدۇر بولسا ھەم گۈلزار شەۋقى.
باھار ئولسا قىلۇر ئەر ئارزۇ گۈل،
بولۇر ئەل غۇنچەدەك گۈل شاخىغا مول.
جاھان رەئنالىرى ھەم گۈلغا مايىل،
بولۇر شاھ بولسا ھەم گۈللارغا قايىل.

ئالىب ئىلكىغە ھەركىم گۈلنى ئىسلار.
كوزىغە سۈرتۈبان باشىغە سانچار.
قىزىلگۈل باشىغادۇر تاج ئالتۇن،
ياسابتۇ چىن بۇ يەكلىغ چەرخ گەردۇن.
كى بولسا ئوزگە گۈل تاج گۈلۈستان،
قىلۇر ئىردى باشىغا تاج سۇلتان.
بەلەند پەرۋاز بول ھەر گۈلغا باقما،
سىز يەكلىغ ھەر شەجەر تەھتىغە ئاقما.
كوكۈلنى جەمئى تۇتغىل، ئىككى بولمە،
ھەۋەس بىرلە يۈرۈب ھەر گۈلنى سويمە.
كوكۈلنى بىر تۇتۇب، بىر گۈلنى تۇتغىل،
يەنە ھەر جايى بولما، بىرنى سويگىل.
تىكانىغا كوزنى سالما، گۈل سارى سال،
تىكاندىن رەنج يەتسە گۈل بىرۇر بال.
بۇ سوزدىن تابتى بۇلبۇل كوڭلى تەسكىن،
ساچىب ئەشكىن كوزىدىن قويدى رەشكىن.
كى سايرار خوش سەھەر ۋەقتىدە بۇلبۇل،
قىلۇر تۈرلۈك ناۋالار ياد ئىتىب گۈل.
كىشى يارى ئەگەر بولسا يىراقدە،
كىچە ـ كۈندۈز كۈيەر ئول ئىشتىياقدە.
يامان دىشۋار ئىرۇر ياردىن جۇدالىغ،
كويۇب ھىجرىندە دايىم مۇبتىلالىغ.
قىلىب تەكرار ئىشق گۈل فىراقى،
كوكۈلدە زەۋق ـ شەۋق ئىشتىياقى.
تۇشۇب بۇلبۇل باشىغا گۈل ھاۋاسى،
يىتەر كوككە ئانىڭ ئاھ ـ ناۋاسى.
تۇشۇب بۇلبۇلغا گۈل شەۋقىدىن ئەفغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تورى ئادرېسى

گاهی گىريان بولۇب گاهی چۇن خەندان.
كى بىتاقەت بولۇبان زار بۇلبۇل،
بارارغا مايىل قىلدى بى تەھەممۇل.
بولۇب باد سابا بىرلە هاۋاگەر،
سۇئال ئەيلەب ئۇزىنى ئۇردى شەكبەر.
سابا بۇلبۇل بىلە ئۇچتى هاۋاغا،
قاچان يەتكەيمە دەب ئول دىلرەباغا.

## نىچە كۈنلەر يۈرۈب بۇلبۇل بىر چىمەنگە بارغانى

نىچە كۈنلەر يۈرۈب مەنزىل بى مەنزىل،
گۈهەر يەڭلىغ چىمەندە باغلاماي دىل.
يۈرۈبان نىچە كۈنلەر دەشت' چولدە،
يىتىب ئول ۋادىغە بىردەم دىگاندە.
ئۇشۇل ۋادە ئەيدىكى باغ گۈلزار،
ئەجايىب تۈرفە گۈلزارۇ چىمەنزار.
بۇ ۋادى ئەردى زىبا سەبزە خىررەم،
گۈلى بار نىچە تۈرلۈك رەڭ ـ بەرەڭ هەم.
بۇ ۋادىدە ئاچىلىب رەڭ ـ بەرەڭ گۈل،
گۈلى سەۋسەن، سىمەن، نەسرىن، سۈنبۇل.
كىيىب ئال ياشىل تەلئەتكە ۋادى،
ئاچىلىب ياخشى گۈللەر تۈرفە ۋادى.
ئاچىلىب لالە ۋە گۈللەر مۇنەققەش،
ئانىڭ هەربىر گۈلى زىبا ۋە دىلكەش.
تۈمەن تۈرلۈك چىچەكلىرى ئاچىلىب،
ياراشىب لالەلەر بىسىيارى خۇش زىب.
ياسانىب گۈل بىلە رەئنا گۈلدەك،

ئەجەب ۋادى ئېرۇر خوش سۈنبۈلدەك.
كىلىپ ئەييام نەۋرۇز باھارى،
ئاچىلىپ رەڭ-بەرەڭ گۈل لالەزارى.
ئاچىلىپ گۈللەرۇ، نازۇك چېچەكلەر،
كى گۈللەر بىرلە چولغانىپ پېچەكلەر.
بۇ ۋادى خەلئەتى باشىدىن ئەي گۈل،
ئاجايىپ ياخشى مەنزىل كوردى بۇلبۇل.
قىزىلگۈللەر، سارىغ گۈللەر ئاچىلمىش،
تۆشۈپ شەبنەم مەگەر دۇرلەر ساچىلمىش.
ئاچىلىپ رەڭ-بەرەڭ گۈللەر باھارى،
كىرىبۇ ئويغە بۇلبۇل قىلدى زارى.
بار ئېردى ھود ھود، تاۋۇس، قۇمرى،
ھومايۇ، سوفىيۇ ھەم شاھ تۇتى.
يەنە كەبك، خىرامان فاختەك بار،
بۇ ۋادىدە خوش ئەلھان مۇرغ بىسيار.
كېلىپ ۋادىغە بۇلبۇل قىلدى فەرياد،
كورۇپ قۇشلەرنى بۇلبۇل خىررەم شاد.
نىچە كۈن قىلدى قۇشلار بىرلە سوھبەت،
بۇ قۇشلار بىرلە بۇلبۇل بولدى ئۇلفەت.
چىقارىب جانىدىن فەرياد ئەفغان،
جەمئى مۇرغدىن بۇلبۇل خۇش ئەلھان.
سورارغا بۇلبۇل ئەھۋالىنى قۇشلار،
كېلىپ ھەر ياندىن قېتىلدى تاۋۇشلار.
قاراب قۇشلار ئاياغى تا باشىغا،
تەرەھھۇم ئەيلەبان ئاقان ياشىغا.
دېدى قۇشلار: نەدەپ ھالىڭ فەرىشان؟
دېدى بۇلبۇل: جانىمدە داغى ھىجران.

دېدى قۇشلار: نى دەب ھالىڭ خارابدۇر؟
دېدى بۇلبۇل: مېنىڭ باغرىم كابابدۇر.
دېدى قۇشلار: نېدىن سەن سەرگىشتەدۇرسەن؟
دېدى بۇلبۇل: سىتەمدىن خەستەدۇرمەن.
دېدى قۇشلار: نېدىن سەن زار مەجرۇھ؟
دېدى بۇلبۇل: مەگەرمەن جىسمىم بىروھ.
دېدى قۇشلار: نېدىن سەن مۇنچە گىريان؟
دېدى: گۇلنىڭ فىراقى قىلدى بەريان.
دېدى قۇشلار: قايۇ گۇل ئاشىقى سەن؟
دېدى بۇلبۇل: قىزىلگۇل ئاشىقى مەن.
دېدى قۇشلار: قاچان راز ئەتدى گۇل؟
— ئەزەلدىندۇر بۇ قىسمەت، — دېدى بۇلبۇل.

## بۇلبۇلنىڭ قۇشلارغا ئېيتغانى

دېدى قۇشلارغا بۇلبۇل ھال ئاندا:
مېنىڭدەك يى ناۋا يوقتۇر جاھاندا.
ئايا قۇشلار كېلىپسىز بىزگە مېھمان،
سىلەرگە مەن قىلايىن جانىمنى قۇربان.
بۇگۇن مەن ھەم سىلەرگە مېھمان مەن،
قىزىلگۇل ئىشقىدا بىخانىمان مەن.
بۇگۇن مۇندادۇرمەن، تاڭلا كېتەرمەن،
قونۇب ۋادىغا يا قايتىب ئۆتەرمەن.
مۇھەببەت گۇلشەنىدە بى ناۋامەن،
گۇلۇمنى ئالدۇرۇب كەلگەن گادامەن.
تىلىم يوقدۇر بايان ئەيلەرگە ھالىم،
كويۇب فۇرقەت ئوتىدە يوق مەجالىم.

بايان ئەتسەم ئەگەر ئىشق نىھانىم،
كۈيەر ئىشق ئوتىدا بۇ جىسمى-جانىم.
قىلۇر نالە بىلە ئاھەڭ ئىشتىياق،
قىزىلگۈل يۈزىنى گۈياكى مۇشتاق.
قىلىپ پەرۋاز تۇغيان بۇ چىمەندە،
مىنى ئەغيار رەشكى سالدى مۇندە.
كى تۇشكەچ ئىشقىدا كوزدىن ئاقار ياش،
مىنى سەفلى ئوتىغە سالدى بۇ باش.
قازاغە چارە يوق بىچارەدۇرمەن،
جاھان سەھراسىدە ئاۋارەدۇرمەن.
دىدى قۇشلارغا بۇلبۇل دەرد ھالىن،
مۇھەببەت سىرى ئىشقى كامالىن.
قىلىپ ئول لەھزە بۇلبۇل سەۋت غەزەلخان،
ئوقۇپ بۇ بىيتنى بولدى غەزەلخان.

## بۇ غەزەلنى بۇلبۇل ئوقۇغانى

سىنى ئەي گۈل كورۇپ قالدىم بالاغا،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل مەن مۇپتىلاغا.
سىنىڭ ئىشقىڭدا كوز تۇتۇپ ۋافانى،
ۋافانى كورمادىم، قالدىم جافاغا.
قىلىپ ئىشقىڭ يۈراكىم پارە-پارە،
كى قالدىم تۇرفە دەرد بى داۋاغا.
ئەزەل كۈنىدە ماڭا قىسمەت بۇ ئەرمىش،
نە كەلسۇن، مەن رىزادۇرمەن قازاغا.
تۇشۇپ جانىمغا ئاتەش پارەئى ئىشق،
ساۋۇردى ئەخگەر جىسمىمنى ھاۋاغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىشى

# بۇلبۇلنىڭ ھومايۇن بىرلە دۇچار بولغانى

كى بۇلبۇل ئاشىياندىن قىلدى پەرۋاز،
ھۇمايۇن بىرلە تاكىم بولدى دەمساز.
دىدى بۇلبۇلكى ئاندە: ئەي ھومايۇن،
مىنى كەلتۈردى مۇندا چەرخ گەردۇن.
كېلىب سىزلەرگە بولدۇم مۇندە ھەمدەم،
قىلىڭلار مىنى سىرلارىڭغا مەھرەم.
خەبەر بەرگەيسىز ئەي قۇش ئاتىڭىزدىن،
سىفاتى خوب ياخشى زاتىڭىزدىن.
نە بولغاي، بىز ئىكاۋ دەمساز بولساق،
سۆراشىب ھالىمىز ھەمراز بولساق.
ماڭا ئېيتغىل، نە يەڭلىغ ھالىڭىڭ بار؟
جاھاندا قايسى ئىشـدىن نيىتىڭ بار؟
دىدى بۇ قۇش: مىنىڭ ئىشىم جاھاندا،
ئاتىم مەشھۇردۇر ئاسماندا.
ئەگەر سورساڭ مىنى، دەرلەر ھومايۇن،
قاناتىدىن بولۇب جانۇ-دىلىم خۇن.
بۇ ۋادىنى قىلىبمەن سەيرگاھى،
ئېرۇرمەن جۇملە قۇشلار پادىشاھى.
ئىشت، مەندە يەنە بىر خاسىيەت بار،
ئانى بۇلبۇل ساڭا مەن ئەيلەي ئىزھار.
مىنىڭ ھەركىم باشىغا تۈشسە سايەم،
جاھانغا پادىشا بولغاي ئۇ شول دەم.
جاھان خەلقى مىنىڭ سايەمگە مۇھتاج،
كى سايەم تۈشسە باشىغا كىيەر تاج.

هومايى سايه بەخش رەهنەمامەن،
بۇ ۋادى قۇشلارىغا پادىشامەن.
ئىشتىكەل ۋادىدە شاھى تىيۇرمەن،
ئىچۇك هوكۇم ئەيلەسەم ئانداغ قىلۇرمەن.
قىلىب نەفسىمنى مەھبۇس قانائەت،
سىتەمنى كوردۇم ئۇز جانىمغا راھەت.
بەدەن قانەئىلىغىمدىن ئۇستىخانى،
كەرەمدىن قىلمادىم ئازەردە جاننى.
پەريۇش ئەهلى ئەيلەر ئارزۇلار،
پىرىمدىن بىر نىشانە تابماغايلار.
كىيىب نازەنىنلەر تاج ئالتۇن،
قۇيبالەر باشىغا پىرۇ هومايۇن.
پىرىم قۇيبا بولۇر ساهىب جامالى،
زىيادە بولغۇسى هوسىن كامالى.
هومايۇنكىم بايان ئەتتى ئۇزىنى،
تامام ئەتتى لاتافەتلىك سوزىنى.

## بۇلبۇل هومايۇنغا ئېيتقانى

ئىشتتى بۇلبۇلۇ بولدى دىگەرگۇن،
دىدى: سەن شاھ سەنمۇ يا هومايۇن.
مەجازى ئالەمغە پادىشاھ سەن،
بۇگۇن سەن پادىشاھ، تاڭلا گاداسەن.
ئەگەر شاھ قىلسا ئەدلى بىرلە ئېھسان،
قىلۇرلار تاڭلا شاهلىقىقا پۇشايمان.
ئۇزۇڭگە ئەي هومايۇن بولما مەغرۇر،
بىناگاھ يەتمەگەي ئەلگە شەرۇ، شور.

غاجارسەن ئىت كەبى ئەسكى سۆيەكنى،
جاراھەتلەر قىلۇر جانىۇ ـ يۈرەكنى.
خۇراكىڭ بولسا ئەسكى ئۈستىخانى،
دىمە، مەن شاھى مۇرغان جاھانى.
ئىكەنسەن ھىممىتىڭ يوق پەست تەبىئەت،
ئۆزۈڭنى قىلماغىل شاھلىققا نىسبەت.
بولۇرلەر ئالى ھىممەت پادىشاھلار،
ئانىڭ ئىشكىدە بولغاي گادالار.
بۇ ۋادى قۇشلارىغا پادىشالىغ —
قىلۇردىن ياخشىراق بولغاي گادالىغ.
كى سەندە بار ئىكەن بىر ياخشى گەردار،
قىلىب نەفسىڭغە زىت قانەئىلىغىڭ بار.
ھەزەر قىل بارمە نەفسى خاھىشىغا،
قانائەت خەنجىرىن چاپقىل باشىغا.
بۇ ۋادى ئىچرە نەفسىڭدىن كىچىب سەن،
قانائەت ئەيلىگۈدەك ئولتۇرۇب سەن.
سىنى شاھ ئەيلەگەن بۇ ياخشى نىيەت،
قىلۇر زىكرىڭنى قىلسام شۇكرى زەخمەت.
ھوما، كەچكىل بۇ دۇنيا دوستلىغىدىن،
خالاس ئولغۇڭ قىيامەت مىھنىتىدىن.
ۋافاسى يوق بۇ دۇنيا بى ۋافادۇر،
ئانى كىم سىيۇسا جانىغا جافادۇر.

## بۇلبۇلنىڭ تاۋۇس بىرلە سوزلەشگەنى

قىلىب فەريادۇ نالە بۇلبۇل ئاندە،
كوزىدىن ياش ئاقىب ئاھۇ ـ فىغاندە.

كورۇب بۇلبۇل تاۋۇسنى شاد، خىررەم.
كېلىب بۇلبۇل تاۋۇسغا بولدى ھەمدەم.
دىدى بۇلبۇل ئاڭا: ئەي تاۋۇس مەست،
سېنى كوردۇم بارى قۇشدىن زەبەردەست.
ئىكاۋلەن بىر زامان ھەمدەم بولالى،
زەمانى ئۇلتۇرۇب سوز سوزلىشالى.
بولۇبمەن ياخشى رەپتارىڭا ئاشىق،
كى ھالىڭنى بايان ئەيلە مۇۋافىق.
ئايا تاۋۇس مەست خوش خۇرامى،
بۇ ۋادىدە كېلىب تۇتتۇڭ مۇقامى.
ساماۋ رەققاس ئېتەرسەن مەستلىغىدىن،
سىفاتىڭنى بايان قىل پەستلىغىدىن.
دىدى تاۋۇس: مەن ئەي يار ياۋەر،
بۇ ۋادى بارچە قۇشلارىغا سەرۋەر.
كىيىبمەن تەڭگەيۇ، تىللا زەرۇ ناب،
بۇ رەڭ ھەركىم كىشدە يوقتۇر نىلاب.
خىرام ھەر سارى قىلسام جىلۋە بىرلە،
ئاچىب بال-پىرىمنى شۇۋە بىرلە.
ساماۋ چەرخ ئۇرۇب ئاچسام پىرۇ-بال،
زەر ئەفشانلىغ بولۇر ئالەم ھەمەسال.
مېنى ھەركىم كورۇب بولغۇسى بەندە،
قىلۇرلەر خىزمىتىم جان بولسا تەندە.
بۇ ۋادى قۇشلارىغا پادشاھمەن،
ئادالەت تەختى ئۇزرە بىرۇ-با مەن.
ئۇچار قۇشلار ئارا مەن سەلتەنەتلىك،
مېنىڭدەك يوقتۇر ھەرگىز مەسكەنەتلىك.
تېرىبمەن جىسمىمە ھەم سىيمە زەرنى،
قىسار ئەل باشىغا ئالتۇن پەرىمنى.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بۇلبۇل تاۋۇسقا ئېيتقانى

دىدى بۇلبۇل: ئايا تاۋۇسى چەرخى،
سېنىڭ بۇ شاھلىقىڭ بىركۈندە تەرخى.
لىباسىقا بولماغىل مەغرۇر چەندان،
كىيەر ئەڭنىگە فەخر ئەتكۈچى نادان.
لىباسىڭدۇر نىچە زىبايۇ چەندان،
فەلەك قىلغۇسىدۇر يەر بىرلە يەكسان.
لىباسۇ، شاھلىقىڭ بۇ ئارىيەتدۇر،
ساڭا تاڭلا جافايۇ خارىيەتدۇر.
دىدىدىك، ئالتۇن ئەلەم، سەن قۇيرۇغۇڭنى،
قايۇ قۇش تۇتقۇسىدۇر بۇيرۇغۇڭنى.
ئەمەس ئالتۇن ئەلەم زەررىن سۈپۈرگى،
تامىبدۇر نىلۇفەر ئۈززە تۇپۇرگى.
سىپۈرگىل مەرد بولساڭ رايى ھەقنى،
خۇدا يادىغا بول، ياد ئال ساباقنى.
ئەگەرچە ئالتۇن بولسا قىل كەرەمنى.
خۇدا يولىغا ئەت سەرف بۇ ئىلىمنى.
خۇدادىن نىشاڭ تاپقان ئەر يارانلار،
مەجازى پادىشالىقتىن كىچەرلار.
كىيلىپ ياخشى نىيەتكە، ياخشى ئەمەل قىل،
ساخاۋەت پىشە بولغىل خەيرىيەت قىل.
قىلىپ ھىممەت، ساخاۋەت قىل، ساخاۋەت،
كىرىپ جەننەتكە تاڭلا قىل ھالاۋەت.
سۇلايمان مۇلكى قالماس، نوھ ئۆمرى،
ۋاپاسىز ۋادىدۇر، يوقتۇر سەرۋەرى.

نه شاھ قالغاي جاھاندا، نه گادالار،
نه ئاشىق زاھىدۇ، نه پادىشالار.
ئىشەنمە، زىنھار شاھلىققا تاۋۇس،
نه سەن قالغايسەن ئالەمدە، نه قىقنۇس.

## بۇلبۇل، تۇتى قاشىغا كەلگەنى

بولۇپ بۇلبۇل يەنە گۇل ئىشقىدىن مەست،
فىغانۇ - نالەسىنى قىلمادى پەست.
بولۇپ غەرق مۇھەببەت كوز ياشىغا،
كى بۇلبۇل كەلدى تۇتىنىڭ قاشىغا.
بولۇپ گاھى مولۇل گاھى خۇشھال،
سۇراي دەپ كەلدى بۇلبۇل تۇتىدىن ھال.
فىغان ئەيلەپ تۇتاشىپ ئىشق ئوتى،
دىدى بۇلبۇل كىلىپ: ئەي شاھ تۇتى.
ئىرۇرسەن بارچە قۇشلەردىن سۇخەنۋەر،
ماڭا ئەھۋال باتىندىن بىر خەبەر بەر.
بۇ ۋادىدە نه تۇرلۇك ھالىتىڭ بار؟
بىلەيىن قايسى ئىشكە نىسبىتىڭ بار؟
بولايلى بىز ئىكاۋ بىر لەھزە ھەمدەم،
نىدۇر قىلساڭ مىنى سىررىڭگە مەھرەم.
دەپ ئەردى، تۇتى قىلدى سىررىن ئىزھار،
قۇلاق سال، تالىب ئەرسەڭ ئىيتايىن راز.
دىيىن، ھەمراز ئىسەڭ ئەھلى مۇھەببەت،
ماڭا قىل مىھرىبانلىغ بىرلە شەفقەت.
جاھاندا يوقدۇر مەندەك سۇخەنۋەر،
ۋەلى كەل، چىن سوزۇم بۇ ئەيلە باۋەر.

مېنى يەگلىغ جاھاندا يوقتۇر زىرەك،
بىلۇرمەن بارچەنىڭ سىررىنى بى شەك.
ئىرۇرمەن سادىقۇ، بول ھەۋەسمەن،
ئەزەلغە ئىپسا يەگلىغ خوش نەفەس مەن.
ئەگەر فاش ئەيلەسەم ئەلفاز شىرىن،
مەسىھادىن ئالۇرمەن جان شىرىن.
تەبىب ھازىق ساھىب تەزەرمەن،
ھەمە مۇرۇغ چىمەندە مۇئتىبەرمەن.
قىلۇر مۇرغ چىمەن ئەغراز ئىكرام،
ھەمىشە، تۇتى، دەرلەر ئەي نىكو-نام.
غىزا ئۇچۇن بېرۇرلەر شەھدۇ-شەكەر،
تىنىم زەڭگار، بالىم لەئلى گەۋھەر.
كىيىپ زىننەت ئۇچۇن ئەگنىمگە زەڭگار،
بۇ قۇشلار ئىچرە مەن يەگلىغ قاچان بار؟
تەكەللۇم ئىچرە ئەيسادىن سۇخەنۋەر،
تىلىمدىن ساچىلۇر دۇر بىرلە گەۋھەر.
ھوزورۇم تابسا ھەر بى ئەقىل جاھىل،
بولۇر ھەر لەھزەدە دانايۇ ئاقىل.
ماڭا قۇلدۇر بەرى شاھزادەئى شاھ،
بولۇر دايىم مۇھەببەت بىرلە ھەمراھ.
گىرىفتار بولماغىم بولمىش ئۆزۈمدىن،
جاھان جان ئەيلىتادۇر شىرىن سوزۇمدىن.

## بۇلبۇل تۇتىغا ئېيتغانى

دىدى بۇلبۇل: ئايا ئەي شاھ تۇتى،
ئەگەر بولساڭ شەكەر خار بۇ ۋادى.

ئەگەر لەئلى لىبىڭدىن تامسا شەكەر،
ئەگەر چەندىكى بولساڭ بال ئىلە پەر.
ئۆزۈڭ تەئرىف ئىتەرگە بولما گويا.
ساڭا شاگىرد ئىبسە خىزىرۇ ـ مەسىھا.
ئاغزىڭدىن گەر ساچىلسا شەكەرۇ ـ قەند،
خوب ئەرمەس ئۆزىنى ئەيغالى ئەر فەند.
ئۆزۈڭنىڭ ئەتمەغىل سىررىڭنى ھىچ فاش،
ئەگەر دانا بولساڭ بۇ سوزگە قوي باش.
ئىشتىغىل، تۇتى دانايۇ ئەسرار،
سىررىڭنى ھەر كىشىغە قىلما ئىزھار.
ئەگەر بولسا سىينىڭگىم ئەقلۇ ـ ھۇشۇڭ،
تۇش ئەيتما ئەگەر سەھەر بولسا تۇشۇڭ.
ئەجايىب خۇد پەسەند، خۇد نەماسەن،
ئەمەس شاھ تۇتى، بەس، خۇدبىن گاداسەن.
قاچان ئاقىل كىشى ئۆزىن ئۇرار لاف،
قىلۇرمۇ تالىب ھەق ئۆزىن ئۇ ساف.
كىشى ھال ئەھلىدۇر، سىر ئەيلەمەس فاش،
قىلۇر قۇللۇق چىقارماس قەترەئى ياش.
تاشىڭ زەڭگار ئىبرۇر، ئىچىڭدە بىر رەڭ،
ئىچىڭ، تاشىڭ بىلە تا بولدى ھەم رەڭ.
ئايا تۇتى، نە سوزنى قىلدىڭ ھىكايەت،
ماڭا قىل ئەھلى مەئنىدىن رىۋايەت.
دىدىڭ، ھەر نە سوزۈڭ ئەفسانە ئىدۇر،
كى سىر مەئنەسىدىن بىگانە ئىدۇر.
دىلىڭ پاكىز ئەيلەب پاك دىل بول،
كى سىر مەئنەسىغە تۇر، يەقىن بول.
كىشى سىر مەئنەسىغە گەر يەقىندۇر،
بارى مەخلۇق ئارا ئول ئافرىندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراماس تەكرى فەئىل سۈرتىغە،
نەزەر ئەيلەر دىلىڭغە ـ نىيىتىڭغە.
تىلەگىل سىدىق ئىلە كوڭۈلنى قىل ساف،
قىلۇر تەكرى ساڭا ئىھسانۇ ـ ئەلتاف.
ئايا تۇتى جاھاندا بى رىيا بول،
يىراق بولغىل ھارامدىن بى رىيا بول.

## بۇلبۇل كەبك بىرلە سوزلاغانى

ئۇچۇبان چىقتى بۇلبۇل ئاشيانىدىن،
خەبەر تابغايمۇ دەب كەبك جاھانىدىن.
كىزىب ۋادىنى چىقتى كوھى سارانى،
كورار بۇلبۇل، يۈرەر كەبك خىرامان.
دىدى بۇلبۇل كورۇب: ئەي كەبك خەندان،
جەھەت نىدۇر، قىلورسەن مۇنچە ئەفغان؟
قىلۇرسەن ھەر زەمانى قەھقە ئاۋاز،
بۇ قەھقە بابىدىن ئېيتغىل ماڭا راز.
دىدى بۇلبۇلغا ئاندە كەبك تاغى؛
ئاچىبمەن لۇتفى ھەقدىن بىر دىماغى.
كورۇنۇرسەن زەئىف تۇرفە مەجروھ،
كىتىب نەفسانىيەت بولدۇڭ مەگەر روھ.
سۇرارسەن بۇلبۇل ئەگەر ھەسب ـ ھالىم،
ئىشتكىل، ئېيتايىن شىرىن ماقالىم؛
مەن ئاندىن ئاندا بى پەرۋاز بىسيار،
يۈرۈرمەن بولسا ھەر يەردە چىمەنزار.
مېنىڭ ئاتىم ئېرۈر كەبك خىرامان،
مېنىڭ سەير مەنزىلىمدۇر كوۋە ئىرفان.



Altun Oq

قۇش ئىچرە يوق مىنىڭ يەڭلىغ خوش ئاۋاز،
قىلۇرلەر بارچە قۇش ئىكرامۇ - ئەئزاز.
ئۇزۇم زىبا دىلىم رۇشەن خىرەدمەند،
خۇيۇم ياخشى لىبىم دايىم شەكەر قەند.
چىمەنزار ئىچرە دايىم مەست ئىرۇرمەن،
گاھى تاغ ئۇزرە گاھى پەست يۇرۇرمەن.
كۆلۈپ قەھقە قىلۇرمەن شادلىغنى،
تىلەرمەن دايىما ئابادلىغنى.
يۇرۇپ تاغلار ئارا يەرمەن ئۇشاق تاش،
لىبىم ياقۇت، كوزۇم نەركەس، قەلەمقاش.
ئاياغىم ئاستىدا لەئلۇ - گەۋھەردۇر،
ماڭا چاقماق، تاشى شەھدۇ - شەكەردۇر.
بۇ ۋادىلار ماڭا دايىم ۋەتەندۇر،
نەزەرغە تاغلار باغ چىمەندۇر.
كى مەندىن يۇقارى قۇشلار چىقالماس،
ئاشىيان يۇقارىمدىن ئۇلتۇرالماس.
چىمەندە كەبك خوش رەفتاردۇرمەن،
گۈلى خەندان خوش گۇفتاردۇرمەن.
شەجائەتلىك باھادىر پەھلىۋانمەن،
فەرىدۇن ھىممەتۇ ساھىب قىرانمەن.
قىلورمەن ھەر زامان جەڭ ئۇرۇشنى،
سالىب ئالەمغە فەريادۇ خۇرۇشنى.
تەفەررۇج ئەيلىگەچ فەرزەندە ئادەم،
كۆلۈپ قەھقە ئۇرۇشۇم شاد خۇررەم.
قىلۇرمەن جەڭ، كىيىب جۇببەيۇ - جۇشىن،
دىگەي ھەركىم ئۇرۇشۇم كورۇپ تەھسىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇلبۇل كەبكەگە سوزلاغانى

دېدى بۇلبۇل كەبكنى: ئەي قىزىلكوز،
كىشى كوب سوزلەسە يالغان بولۇر سوز.
مەگەر دىۋانەسەن ئۇستۇڭدە جەندە،
نە سۇرەتدىن ياماغلىڭ مۇنچە كەندە؟
نىدۇر كوب سوزلەمەك ئەي غۇنچە تاغلىق؟
كىيىب ئەڭنىگە تون جەندىن ياماغلىق؟
قىزىل پاچاق ئىرۇرسەن، كالتە قۇيرۇق،
قىلۇرسەن كىمغە سەن مۇنچە ئۇلۇغلۇق؟
تۇشۇب نەفسىڭ ئۇچۇن دايىم تۇزاقە،
سىمىز كوييب ئالۇغا ئولما ئاقە.
باھادىرلىغ سوزىنى ئورما كوب لاف،
چىن ئىرمەس سوزلىرىڭ يالغانچى كاززاف.
ئەگەر ئەرسەن قىلاكور نەفسى ئىلە جەڭ،
باشىڭنى يارماغىل دايىم ئۇرۇب سەڭ.
ساڭا ئىيتاي باھادىرلىغنى، ئولدۇر —
قىلىب جەڭۇ-جىدەل نەفسىڭنى ئولتۇر.
بۇ نەفسىڭ دۇشمەن قاتىل ئوزۇڭغە،
ئەگەرسەن ئۇرماساڭ، ئورغاي كوزۇڭغە.
ھاۋايۇ-ھەۋەس، نەفسىڭ بارچە دۇشمەن،
سېنى مەكرو قىلۇرغا نىچارە زەن.
ئەگەر نەفسىڭ كوزىنى ئەيلەسەڭ كور،
كورەلمەسدۇر ئەگەر كوز بولسا بى نۇر.
ئەگەرچە ئورماساڭ نەفسىڭ كوزىغە،
كېچە-كۇندۇز سېنى تارتار ئوزىغە.

ھەمىشە نەفس ئىشىغا بولما تالىب،
كۈچۈك يەتكۈنچە بول نەفسىگە غالىب.

## بۇلبۇل قۇمرى قاشىغا كەلگەنى

ساغىندى گۈلنى بۇلبۇل چەكتى بىر ئاھ،
ئۇچۇپ قۇمرى قاشىغا كەلدى ناگاھ.
تۇتاشتى ئىشق ئوتى بۇلبۇل باشىغا،
كېلىپ ئېيتۇردى ئۇل قۇمرى قاشىغا.
دىدى: مەقسەت نىدۇر قىلماقىغا ئەفغان؟
نە ئىشلارغا بولۇپ دايىم كى نالان؟
كەل، ئەي قۇمرى، ئىكاۋلەن دوست بولالى،
تۇتاشىپ ئەرتە - ئاقشام مۇڭلۇشالى.
نە دەردىڭ بار ئۇچۇن نالان ئېرۇرسەن؟
نە يەگلىغ رەنجەدىن گىريان ئېرۇرسەن؟
بولۇرمۇ مۇنچە ئەھۋالىڭ فەرىشان؟
كېچە - كۈندۈز نىدىن مۇنچە ئەفغان؟
گاھى نالان ئېرۇرسەن، گاھى خامۇش،
مەگەر جام مۇھەببەتدىن ئەيلەدىڭ نۇش.
سېنى كوردۇم ئەجەپ شۇرىدە ئەھۋال،
كوڭۇلدە بولسا ئېيتغىل ھەر نىچۇك ھال.
دىدى قۇمرى ئىكەنسىز مەن كەبى زار،
ساڭا ھالىمنى ئەيلەي نىچە ئىزھار.
ئىشت، گۈل ئىشقىدىن باغرىم ئېرۇر قان،
فەرىشان بولماغىم دەردىمغە دەرمان.
مۇھەببەت بادەسىنى ئەيلەدىم نۇش،
قىلۇر دايىم مېنىڭ ئىشقىمنى خامۇش.

ئېرۇرمەن كىشۆەرى ئىشق ئىچرە سەرۋەر،
مۇھەببەت ئىشقىدىن كوڭلۇم مۇنەۋۋەر.
ئېرۇرمەن كېچە - كۈندۈز ھەققە زاكىر،
قازاغا رازى مەن، نە قىلسا شاكىر.
فەرىشان ھالىم ئۇتلۇغ دىلىم بار،
يەنە گىريان كوزۇم، زاكىر تىلىم بار.
ئوقۇيدۇرمەنكى توقسان توقۇز ئاتى،
مېنىڭ تىلىمدە مىڭ بىر ئىسم زاتى.
كوڭۇلدە شوئلەئى ئىلىم لەدۇنى،
كوڭۇلدىن تاشلادىم دۇنيايى - دۇنى.
ئوقۇماي ئىلىم ئەدەبنى بىلىبمەن،
ھەقىقەت گۇلشەنىدىن بوي ئالىبمەن.
ئوقۇيدۇر ئىلىم ھەق نېچە خەلايىق،
قىلۇر بەھس ۋە جىدەل نىچە خالايىق.
ساباق تەكرار ئىتىب ئومرىن قىلۇر سەرف،
ئوقۇغان دەرسى ئىسىم، فىئىل ئىلە ھەرف.
ھەمىشە ئاغزىنىدادۇر قىلۇ - قالى،
ئوتەر ئومرى ئىنىڭ بىھۇدە ھالى.
خۇدادىن نىشانى ئالماي قال ئىلە قىل،
ئېرۇر بى نىشانى پېشە نىشا ئىلىك قىل.
ئەگەر ئەللامە ئەسرۇ زاماندۇر،
خۇدادىن نىشائىسى يوق جاھىل ئاندۇر.
ئوقۇپ ھەم تۇشسە ئانداق پىركامىل،
خۇدادىن نىشانى ئالغاي بولسا قابىل.
خۇدادىن بولسا گەر ئىھسانۇ ئەلتاف،
سالۇر بوي مۇھەببەت دىل ئېرۇر ساف.
دىدى بۇلبۇلغا قۇمرى ئاندا يانا:

مېنىڭدەك مۇرشىدى يوقتۇر جاھاندا.
بۇ ۋادى ئىچرە مەن شەيخ زەمانە،
خۇدا كوڭلۇمدىدۇر شەيخ زەمانە.
ئايا بۇلبۇل مېنىڭ بول ھەم زەبانىم،
كويۇب ئىشق ئوتىغا ئورتەندى جانىم.
ئۇچار قۇشنىڭ ئېرۇرمەن شەيخ پىرى،
ئېرۇرمەن شۇبھەسىز ھەقنىڭ ۋەزىرى.
ئالىب كەلسە نىياز ئالماسمەن ئانى،
غېمىم يوقتۇر ئەگەر كەتسە جاھانى.
ئۇيۇمغە يىغمادىم دۇنيا مالىنى،
ئايا بۇلبۇل، ئىشت بۇ قۇل ھالىنى.
فەقىرلىك خالىدە تەجرىد ئوتەرمەن،
بۇ ئالەم مولكىدىن تەفرىد ئوتەرمەن.
ئىشت، بى شەك تاپىبدۇرمەن خۇدانى،
كىشى تاپماس مېنىڭدەك رەھنامانى.
ئەمەس پىنھان ماڭا دۇر كەشفى ئەسرار،
مېنىڭ موخلىس مورىد تالىبىم بار.
زالالەت كىشۋەرىگە رەھنەمامەن،
قىلىب زاھىد ئىلە تەقۋى پارسامەن.
تەرىقەت مەئدەنىغە پىر كامىل،
ناۋايى ئەمرى مەئرۇف ئىچرە ئامىل.
دالالەت مەخزەنىنىڭ گەۋھەرى مەن،
ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ھەم سەرۋەرى مەن.
بارى مەندىن يېتەر كەسب ـ كامالەت،
قىلىب مەست ئىلاھى جەزبە ھالەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## بۇلبۇل قۇمرىغا سوزلەغانى

ئىشتتى قۇمرىنىڭ بۇلبۇل ماقالىن،
تاماشا ئەيلەدى شىرىن ماقالىن.
دىدى بۇلبۇل: ئايا قۇمرى سۇخەن چىن،
سوزۇڭ يالغان ئىرۇر ھەرگىز ئەمەس چىن.
بۇ ۋادى ئىچرە نادان قۇش ئىكەنسەن،
خۇدادىن نىشائ يوق بىھۇش ئىكەنسەن.
خۇدا تانىدىم دەپ قىلما نەفدار،
تانىساڭ قىلماس ئىردىڭ فاش ئەسرار.
رەسۇلى ئەنبىيا ئول گەۋھەرى پاك،
بۇ باب ئىچرە دىدىلەر: ماھى فەناك.
شەرىئەت يولىندە سەن ئارەستە بول،
تەرىقەت ھەم ھەقىقەت ئىچرە تاب بول.
شەرىئى مۇستافاغا كەلتۇرۇب رۇي،
تەخەللەق قىلماغىل ھەرگىزمۇ سەرموي.
شەرىئەت بىرلە گەر بولساڭ يىتەرسەن،
ھەقىقەت ئىلمىدىن كەشف ئىتەرسەن.
ۋەرد ئىزلەرسەن شەرىئەت يولىندە بول،
شەرىئەت ئىچرە بولماي تابمىغاي يول.
شەرىئەت پوستىدۇر، مىغزى ھەقىقەت،
تەرىقەت دۇر - سەدەفدۇر، دۇر — ھەقىقەت.
سەدەفنى تابغىل ئاندىن دۇر تەلەب قىل،
سەدەفدىن دۇرنى ئالماقنى تەلەب قىل.
سىنىڭ دايىم ئىشىڭدۇر دام تەزۋىر،
قىلىبدۇرسەن ئوزۇڭنى مۇرشىدى پىر.

تاراشلايسەن ئۇزۇڭنى شەيخ دەرۋىش،
فەرەفتە ئەيلەمەك ئەلنى يەنە ئىش.
قۇرۇق مەئنە يوق سوھبەت قىلۇرسەن،
ئۇزۇڭنى شەيخ دەپ توھمەت قىلۇرسەن.
سوزۇڭگە قىلمايىن ھەرگىز ئەمەلنى،
بۇ ۋادى قۇشلارىغا دەرسەن ئانى.
ئەگەر زاكىر ئىسەڭ زىكىر ئېيت خەفىييە،
ھوزورى دىل بىلە ئېيتغىل ھەمىشە.
ئىشت ئەي قۇمرى ئەئۋار رەبىبكۇمنى،
تەزەررۇئ خەفىيە قىل خۇش ئەيلە خۇمنى.
ھوزورى دىل بىلە زىكرىڭنى ئەيتغىل،
كوڭۇل غەفلەتدە ئەيغان زىكىر ئەمەس، بىل.
ئەمەس زىكرە ئىچرە كوڭۇل بولسا مايىل،
بۇ يەڭلىغ زىكىرغا كەلتۇرمىغىل دىل.

## بۇلبۇل، فاختەك بىرلە سوزلەغانى

قىلىپ بۇلبۇل يەنە ھەر سارى پەرۋاز،
بىناگاھ فاختەك بىرلە بولدى دەمساز.
يۇزىنى قىلدى بۇلبۇل فاختەكغە،
تەرەھھۇمدىن نەسھەت ئەيلەمەكغە.
دىدى: ئەي فاختەك رازىڭنى ئېيتغىل،
نىچۇك مېھر ئەيلەرسەن سەرۋىڭە مايىل؟
قونۇپ سەرۋىغا كۇ - كۇ... ئەيلەب ئاۋاز،
ماڭا راز دىلىڭنى ئەيلەگىل باز.
توشۇپ فاختەكغە ئاندە ئىشق جۇشى،
قىلىب سەرۋ ئۇزرە فەرياد خۇرۇشى.

دېدى بۇلبۇلغا فاختەك: ۋاي قېرىنداش،
ئېرۇر ئىشق ئوتى تەندە، كوزدەدۇر ياش.
جاھاندا يوقتۇر مەندەك ئاشىقى زار،
يۇرۇبان سەير ئېتەرمەن باغۇ گۇلزار.
زوھۇر ئىشق ئېرۇر جانىمدا پەيدا،
بارى ئىشق ئەھلى ئاۋازىمغا شەيدا.
ئېرۇرمەن رەندۇ بى پەرۋايى ئاشىق،
بۇ كوڭلۇم ئىشق ئىتىۋارىغا سادىق.
مەجازى ئىشق بازىم سەرۋىغەدۇر،
مېنىڭ ئىشقىم ھەقىقەت شاھىغەدۇر.
ئىچىبمەن جۇرئەئى جام مۇھەببەت،
ئىچىمدە ئىشق ئېرۇر، بۇ تەندە مېھنەت.
سالىب بويىنۇمغا تەۋقى بەندەلىكنى،
كوڭۇلدە شەۋق - زەۋقى بەندەلىكنى.
مۇھەببەت تارىدىن بويىنۇمغا تەۋقىم،
كوڭۇلدە جۇش ئۇرار ئىشق ئىلە شەۋقىم.

## بۇلبۇل فاختەكغە ئېيتغانى

دېدى بۇلبۇل: فاختەك ئورماغىل لاف،
جاھاندا كورمادىم سەن كەبى كاززاب.
مۇھەببەتكە دەم ئۇردىڭ فاختەك سەن،
كى ئىشق ئوتىغا پىشماي خام ئىكەنسەن.
كوڭۇلگە جاھ تابسە مېھر يارى،
دېمەس گۇ - گۇ... قاشىدا بولسا يارى.
نېدىنسەن فاختەك سەرۋىغە ئاشىق؟
تەكەللۇم ئەيلەغىل ھالىڭغە لايىق.
ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمەگىل،

ئۈرۈب لاب، مۇھەببەتنى دىمەگىل.
ئەمەسسەن راست ئاشىق، بول ھەۋەسسەن،
دىلۇ - جانىڭ بىلە ئاشىق ئەمەسسەن.
بولۇر پەرۋەردە ئاشىق ئوزگەلەردىن،
كى تارتىب ئاھ، قان توكەر جىگەردىن.
بولۇر ئىشق ئىلكىدىن دىلخەستە ئاشىق،
جۇنۇن ۋادىسىغە سەرگىشتە ئاشىق.
قىلۇر شامۇ - سەھەر ئاھ ئىلە ئەفغان،
كى ئىشق ئوتىغا ھەردەم كويدۇرۇر جان.
كى جۇش ئىشق ئىلە ئارتار فىغانى،
بىر ئاھى ئۇچقۇنى ئورتەر جاھاننى.
سالىبسەن بوينۇڭغە تەۋقى تەكەببۇر،
ئالىب بوينۇڭدىن تەۋقىڭنى سۇندۇر.
مۇھەببەت تەۋقى ئېرمەس، تەۋقى مىھنەت.
تەكەببۇرنى قويۇب، قىل ياخشى نىيەت.
مۇھەببەت تەۋقى ئەمەسدۇر بۇ تەۋقىڭ،
ئەمەسدۇر چىن، كى يالغان بارچە شەۋقىڭ.

## بۇلبۇل، سۇفىيا قۇشنىڭ قېشىغا بارغانى

كېلىب ۋادىغا فەسل نەۋ باھارى،
كى گۇل ئاچىلدى، بۇلبۇل قىلدى زارى.
يېڭىدىن تازە گۇللەر بولدى فەيدا،
ۋەلى بۇلبۇل ئەيدى ئۇ گۇلغا شەيدا.
بار ئەردى ۋادى ئىچرە رەڭ - بەرەڭ گۇل،
قىزىلگۇل ئىشقىدا سايرادى بۇلبۇل.
قىزىلگۇل ئىشقى ئۇردى كوڭلىدە جۇش،

قىلىپ ئاھ ـ پىغان، بولمادى خامۇش.
قىزىلگۇل پۇرقىتىدە يىغلادى زار،
يۇرۇبان سەير قىلدى باغ گۇلزار.
ئۇچۇبان ئاشىياندىن چىقتى بۇلبۇل،
قونار سەرۋ شېخىغا ياد ئېتىپ گۇل.
تاماشا قىلدى بۇلبۇل، كوردى بىر قۇش،
قۇنتۇپ سەرۋ شاخىغا سايرادى خوش ـ خوش.
ئىشتىماب ئەردى بۇلبۇل مۇنداق ئاۋاز،
دىدى: نە ياخشى قۇش ئەركەن سەرەفراز.
خوش ئاۋازى قىلىپ بۇلبۇلغا تەئسىر،
بولۇپ ئىشق كوڭلىدە تازە تەھرىر.
تاپىپ بۇلبۇل فەرەھ ئاۋازى خوشدىن،
ئالىپ بەھرە بۇ فەريادۇ خۇرۇشدىن.
سۇفىيا قۇش قاشىغا كەلدى بۇلبۇل،
قىلىپ ئاھۇ ـ پىغان فەريادۇ غۇل ـ غۇل.
دىدىكىم بۇلبۇل ئاندە: كى سۇفىيا،
كى دەرسەن دايىما سۇفىيا ـ سۇفىيا...
فەرەھ تابدىم نە ياخشى سايرادىڭ دوست،
نە دەردىڭ بار، سەرىغ گۇلدەك ئىكەن پوست؟
كى ئېيتغىل، قايسى گۇلدىن رەڭ ئېلىبسەن؟
بۇ يەڭلىغ زەفراندەك سارغايىبسەن؟
رەفىقى ئىشق بىز، ھەمدەم بولالى،
كوڭۇلنىڭ سىررىغە مەھرەم بولالى.
دىدىكىم سۇفىيا: بۇلبۇل ئاداشتىم،
ئېزىز جانىمدىن ئارتۇق مەن فەناشتىم.
فىراقىمغە قەدەم قوي بولغىل ھەمدەم،
كى سەر ئىشقىمە بولغۇسى مەھرەم.
لىباسىمدۇر مېنىڭ بەرگ خازاندىن،



Altun Oq

باھارى ئىشقىم ئالدى زەئىپراندىن.
ئاتىمدۇر سۇفىيا، سۇفى سەھەرخىز،
لىباسىم ئىشق قىلدى زەئىپەر ئامىز.
رىيازەتدىن بولۇبدۇرمەن بۇ يەكلىغ،
قىلىب رەڭگىم قانائەت رەنج سەرىغ.
مۇھەببەتدىن چىقارىب ھەردەم ئاۋاز،
سەھەرلەردە خۇداغا ئېيتارمەن راز.
بۇ خوش ئاۋاز ئىلە سايراب سەھەردە،
مۇناجات ئەيلەدىم خەۋفۇ-خەتەردە.
ئوقۇيدۇرمەن غەزەلنى گاھى ھوكمەت،
كوڭۇلدە جۇش ئۇرۇر خەير مۇھەببەت.
بۇ ئاۋازىم ئىشتكەن بەھرە ئالۇر،
ئىشتمەگەن كىشى ھەسرەتدە قالۇر.
بۇ ۋادى ئىچرە مەن سۇفى-سۇفىيا،
تەبەرۇكمەن، مېنى قىلغىل تاۋابا.
بۇ ۋادى سۇفىسىنىڭ خانىدۇرمەن،
كى بىجان ئەھلىنىڭ جانانىدۇرمەن.
يىراقدە بولسا يارۇ ئىشتياقدە،
بۇ يەكلىغ، بۇلبۇل ھەم ئىشتياقدە.
ئىشت، ئەي بۇلبۇل، شورىدە ئەھۋال،
بۇ يەكلىغ ئىلمىنى مەندىن سەبەق ئال.
مېنىڭ سۇفىلىغىمغا مەئتەقەد بول،
كى كەسب ئىتىب مەندىن بول ئاشىق گۇل.
سۇفىيا كىم ئايان ئەيلەب ئۇزىنى،
بايان ئەيلەب تامام ئەتتى سوزىنى.

## بۇلبۇل، سۇفىياغا ئېيتغانى

دىدى بۇلبۇل: ئايا سۇفى ئۇرمە كوب لاف،
دىمە ئوزۇڭنى سەن، مەن سۇفىئى ساف.

ھەممشە يالغان ئېيتىب ئۇرماغىل لاف،
سۆفى ئۇلدۇركى بولسا باتىنى ساف.
كوڭۇلدە شوئلە ئۇرسا نۇر، ئۇ ساف،
ئۇزىن ماۋئى مەنەدىن ئەيلەبان فاك.
ئەگەرچە جايى بولسا توقۇز ئەفلاك،
بولۇر ئاشىق كىشى مانەندەئى خاك.
بۇ ۋادىدە بولۇر سۇفى سافالىق،
ئۇزۇڭنى دىمەگىل يالغانچى ئاشىق.
يىراق سەن ئىشقدىن، ئاشىق ئەمەسسەن،
جاھان ئەھلى ئارا بىر بولىھەۋەسسەن.
تەرىقەت ئىچرە سۇفى خوش سۇفەتدۇر،
دىلىدە ھەم تىلىدە مەئرىفەتدۇر.
بارى مەخلۇقدىن ئۇزىنى تۇتتى كەم،
خۇدانىڭ سارىغا گەر بولسا مەھرەم.
سۇفىمەن دەپ قىلۇرسەن مىكرى ـ ھىيلە،
غىبىرىب ھالىغا قىلماي رەھم بىرلە.
يورۇب دايىم ھاۋا بىرلە ھەۋەسدە،
خۇدانى ياد قىلماي بىر نەفەسدە.
سۇفىمەن، دەب يۇرۇرسەن نەفسىڭ بىرلە،
بولۇب يالغان سۇفىلىق ئاتى بىرلە.
بۇ يەڭلىغ سارغارىب نەفسىڭ غەمىدە،
يورۇب يالغان سۇفى بولۇب ۋادى چولىدە.
سۇفىدۇرمەن دىسەڭ كوڭلۇڭنى قىل فاك،
سۇپۇر كوڭۇل ئويىدىن خارۇ ـ خاشاك.
سۇفىيا، سۇفى بولساڭ ساف دىل بول،
باشىڭا ھەرنە كەلسە سەن سىجىل بول.

## بۇلبۇل هودهود بىرلە سوزلەشكەنى

قىلىبان نالە بۇلبۇل ئاشيانده،
تۇشۇپ باشىغە گۇل سەۋداسى ئانده.
بىناگاه ئىشقى بۇلبۇل قىلدى تۇغيان،
قىلىپ فەريادۇ نالە، ئاھۇ ـ ئەفغان.
ئۇچۇبان بۇلبۇل يەنە كاشانەسىدىن،
ئۇزۇلۇپ چىقتى مىھنەت خانەسىدىن.
بۇلۇبان مەست بۇلبۇل، گاھى ھۇشيار،
كېلىبان سورغالى ھودھوددىن ئەسرار.
بولۇپ گاھى مولولۇ، گاھى خۇشھال،
كىلىپ ھودھود قاشىغە سورغالى ھال.
دىدى ھودھودنى بۇلبۇل ئەي بۇرادەر،
ماڭا سەن ئوز ۋۇجۇدوڭدىن خەبەر بەر.
نىدۇر، ئەيغىل جاھاندا كەسب كارىڭ؟
قايۇ ئىشقا تولا بار ئىختىيارىڭ؟
دىدى بۇلبۇلغا ھودھود: سوردىڭ ئەھۋال،
ساڭا ئېيتاي، ئىشت مەندىن بۇدۇر ھال.
دىدى ھودھود: مېنىڭ رەختىم بەلەنددۇر،
تىلىمنىڭ تاتلىغى گۇياكى قەنددۇر.
مۇھەببەت بادەسىنى ئەيلەگەچ نۇش،
فەسىھ ئاۋاز ئىلە سايرادۇرمەن خوش.
كى نەفسىم كەرەم ئېرۇر، شىرىن زەبانمەن،
كى خۇشبۇيلىقدا مۇشكى زەئفرانمەن.
بۇ ۋادى قۇشلارىغا مۇئتىبەرمەن،
ھەقىقەت سىرردىن ھەم باخەبەرمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش بېكىتى

قىلمىدۇر ھەق مېنى پەيك سولەيمان،
بولۇبدۇرمەن جاھان مۇرغىغە سۇلتان.
كىيىپ باشىمغا مەن شاھانە تاجىم،
بۇ تاجىم پادىشالىقغە راۋاجىم.
باشىمدا تاج ئېرۇر، ئەگنىمدە زەركەش،
ئۇچار قۇشلار ئارادۇرمەن مۇنەققەش.
ئۇچار قۇشلارغا بىر پىشۋامەن،
شەرىئەت ئىچرە كامىل باسافامەن.
سانا ۋە ھەمد ئېيتۇرمەن خۇداغا،
دۇرۇد، بىئەت ھەمدە مۇستافاغا.
كېچە ـ كۈندۈز ئىشىم تەسبىھ ئوقۇماق،
قىلىب تائەت خۇداغا زىكر ئېيتماق.
دېدى ھودھود: قىلىب تەڭرىغە تائەت،
ھەمىشە ئىش ماڭا قىلماق ئىبادەت.
ئۇچار قۇشلارگە مەن زاھىدۇ شاھىد،
ئىبادەتنى قىلىب ھەر كۈندە زاھىد.
ئۇچار قۇشلارغا ئىمامۇ پىشىۋامەن،
بۇ ۋادى ئىچرە پىرۇ ـ رەھنىمامەن.
مېنىڭدەك يوق تۇرۇر بىر فەزلى سالىھ،
ئاچىب مۇشكۇلنى مەن فەتاھى فاتىھ.
ناماز ىم بىرلە ئالۇرمەن بىھىشتنى،
كىرىب جەۋلان قىلىب ئەنبەر سەرىشتنى.

## بۇلبۇل ھودھودغە سوزلەغانى

دېدى بۇلبۇل: قۇرۇق، زاھىد ئەمەسسەن،
خۇدادىن زەررە بوي ئالغان ئەمەسسەن.

كىشى قۇللۇق نىيازىنى قىلىدۇر،
نامازنى قاچان تەكىيە قىلىدۇر؟
نامازىڭغا ئىشەنمە، تەكىيە قىلما،
خۇداجۇي بول ئۆزۈڭگە تەكيە قىلما.
نامازىڭ بىرلە گەرچە تائىتىڭ بار،
ساتىب ئالدىم بىھىشتنى دىمە زىنھار.
ئىشەنمەك يوق ناماز ۋە تائىتىڭە،
قاراغاي تەڭرى بەندە نىيەتىغە.
نامازغا قىلما ھودھود ئىتمادى،
خۇدانىڭ رەھمەتىدىن قىل ئۈمىدى.
مۇسۇلمانلىغ بۇدۇر، خەۋفو رىجادە،
ئۈمىد خەۋفى كوب بولغاي ئارادە.
رىجا ئولدۇر ئۈمىد ئەتكەن خۇدادىن،
نامازىڭغە ئىشەنمە، تەۋبە قىل كېيىن.
ئايا ھودھود زىيادە خۇد نەماسەن،
كى خۇدبىنلىغ ئىلە زاھىد نەماسەن.
كىيىبان گاھى قالپاق، گاھى دەستار،
ئەبەسدۇر تائىتىڭدە گەر تەبە بار.
خۇدانىڭ رەھمەتىدىن ئەيلە ئۈمىد،
گۇناھىڭ كوب ئىسە ھەم ئولما نومىد.
نىچۇك ھوكۇم ئەتسە نىگاھ، بەندەلىكدۇر،
خۇدا تەقدىرىغە بىچارەلىكدۇر.
دىدى بۇلبۇل: ھودھود سۇفى قۇش،
مەيى ھەق ھالىڭ ئىچرە بارۇر جۇش.
مىنى سالىھ دىسۇنلەر دەب ئىبادەت،
قىلىب زاھىد رىيا بىرلە ئىبادەت.
ئەجەب غورۇر ئىلە ئەتكەن نامازىڭ،



AltunOq

نامازنىڭغا ئىشانىب كوبتۇر نازىلىك.
ھوزورى دىل بىلە قىلغان نامازى،
خۇدا رازى دۇرۇر، قۇللۇق نىيازى.
كىزىب ۋادىنى بۇلبۇل سەير قىلدى،
بۇ ۋادى قۇشلارىنىڭ سىررىنى بىلدى.
بۇ سەككىز قۇش بىلە ھەمسوھبەت بولدى،
كى بۇلبۇل كوڭلى دەرد غەمغە تولدى.
بۇ سەككىز مۇرغدىن بىگانە بولدى،
قىزىلگۇل ئىشقىدا دىۋانە بولدى.
كى بۇلبۇل دەردىغە تابمادى مۇنىس،
بۇ يەردە يوق ئىكەن ھەمدەرد ھەمجىنس.
قىلىب فەرياد بۇلبۇل چەكتى ئەفغان،
قىزىلگۇل فۇرقىتىدە بولدى نالان.
سۇئال ھال بولدى مەنتىقۇتتەير،
تامام ئولدى جاۋابى تەممەتۇلخەير.

## مۇناجات بىدەرگاھ قازىلھاجات

ئىلاھى مەغفىرەتلىك كىردىگارا،
رەھىما رەھىم قىل پەرۋەردىگارا.
خۇداۋەندا گۇناھكار ئاسىدۇرمەن،
گۇناھكار ئەھلىنىڭ رەسۋاسىدۇرمەن.
ئىلاھى مەغفىرەت قىلغىل گۇناھىم،
كەرەملىك پادىشاھىم سەن ئىلاھىم.
كەرەم ئەيلەب گۇناھىمنى كەچۇرگىل،
ماڭا بىر جام ۋەھدەتتىن ئىچۇرگىل.
قىيامەتدە مېنى شەرمەندە قىلما،

ئىككى ئالەم ئەھلىگە خەندە قىلما.
مېنى ئۆز رەھمەتىڭغە تارتىپ ئالغىل،
مۇھەببەت ئوتىنى جانىمغا سالغىل.
كەرەم ئەيلەپ ئۆزۈڭنىڭ رەھمەتىڭدىن،
ھەبىبىڭدۇر مۇھەممەت ھۆرمىتىدىن.
خۇداۋەندا سالاھى ئاسى بەندە،
ئاتايۇ مەغفەرەت ھەم لۇتف بەندە.

## بۇلبۇل سابانى قاشىغا چىرلاغانى

قاشىغا چىرلادى بۇلبۇل سابانى،
دىدى: دەردىمغە سەن قىلغىل داۋانى.
دىدى بۇلبۇل سابانى: سەن پىرىمسەن،
مېنىڭ يول باشلاغۇچى رەھبىرىمسەن.
مېنى باشلاپ سىراتىلمۇستەقىمغە،
يەنە يەتكۈر ئوشول خۇشبۇي گۈلۈمغە.
كى سەندىن بىر زامان ئايرىلماغايمەن،
تىرىك بارمەن جۇدالىغ قىلماغايمەن.
قىزىلگۈل ئىشقى مېنى ئەيلەمىش مەھو،
خاتا قىلدىم، مېنىڭ سەھۋەمنى قىل ئەفۇ.
بۇ ۋادى گۈلىدىن كورمەم ۋاپانى،
ئۆزۈم جانىمغا قىلمىشمەن جاپانى.
سابا، ئەرتە بىلە گۈللەر ئاچىلۇر،
كۈن ئاخشام بولماين بارى ساچىلۇر.
بۇ ۋادى گۈللەرىغە باغلاق دىل،
ئەبەس ئىبرەمسكى قىلماق جايۇ مەنزىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

## سابانىڭ بۇلبۇلغا ئېيتقانى

ئايا بۇلبۇل غەرىبۇ خەستە غەمناك،
بۇ ۋادىغا كىرىپ بولدۇڭ ھەۋەسناك.
ھەۋەسلىك ئەھلىنى ئاشىق دىمەسلەر،
تەرىقى ئىشقىدا سادىق دىمەسلەر.
ئايا بۇلبۇلكى قىلغىل تازە فەرۋاز،
ھەقىقى ئىشقىدا بولغىن سەرەفراز.
بۇ ۋادىغا مۇھەببەت باغلاماغىل،
ئانىڭ مىھرىنى كوڭلۇڭدىن چىقارغىل.
ئەگەر ئاشىق ئىسەڭ بول تەلەپ يار،
بۇ ۋادىدىن چىقىبان ئىستە دىدار.
كى بۇلبۇل ئىشق بازارىغە كىرگىل،
بۇ ۋادى ئىچرە ھەرگىز قونمە ئوتكىل.
بۇ ۋادى گۇللەرى قەيدىنى ئۈزگىل،
بۇ گۇللەر سەيدى ئولما، مۇندىن ئوتكىل.
بۇ ۋادى گۇللەرى بى خاسىيەتدۇر،
ئانىڭ خوش رەڭۇ-ھالى ئارىيەتدۇر.
بۇ ۋادىدۇر بىلىڭ خاراب خىيالەت،
كەچۇرسەڭ ئومۇر زايەئ سەيق ئوقەت.
بۇ ۋادى ئىچرە بولماقدىن نە ھاسىل،
ھەقىقى يارغا بولماقدۇرۇر ۋاسىل.
سىنى شاد ئەيلەمەك ئىمكانى يوقدۇر،
كىزىب بۇ ۋادىنىڭ پايانى يوقدۇر.
مۇسافىرسەن بۇ يەردە قىلماغىل جاي،
كى دەرسەن تاڭلاسى ۋاھەسرىتا، ۋاي!...

## سابا، بۇلبۇلغا رەھبەر بولغانى

سابا رەفتارىنى ئەيلەپ شەب سەر ـ سەر،
بولۇپ بۇلبۇلغا ئانداغ پىر رەھبەر.
ساما ئەيلەپ ساباكىم يولغا تۈشتى،
سابانىڭ ئارقاسىدىن بۇلبۇل ئۇچتى.
ئۇچۇپ بارۇر ئەيدىلەر نىچە كۈنلەر،
يۈرۈبان سەير قىلدى تاغۇ ـ تۈزلەر.
ئۇچار گاھى بەلەند، گاھى ئۇچار پەست،
بولۇپ بۇلبۇل قىزىلگۈل ئىشقىدىن مەست.
ئۇچۇپ بۇلبۇل سابا بىر نىچە كۈنلەر،
تەرىقى ئىشقىدىن يۈرۈر ئەيدىلەر.
سابا تىغ زەبانىغا بىرىپ سۇ،
كى ئىشقى زوھۇر ئىتىپ ھەم زىكر "ياھۇ!"
خەتەرلىكدۇر تەرىقى ئىشقى بىسىيار،
ئەدەدسىز ھەرتەرەفدە دۇشمىنى بار.
تەرىقى ئىشق نازۇك يولدۇر ئەمما،
كى جاندىن كەچمەسەڭ بۇ يولدا ئەما.
كىرەك بۇ يولدا كەچمەك خانىماندىن،
تىنۇ ـ جانى بىلە ئىككى جاھاندىن.
ئۇزىنى تەجرىد ئالىم ئىتكەي ئانداغ،
كوڭۇلدە قويماغىل بىگانەدىن داغ.
كوڭۇلنى بارچە ئىشدىن خالى ئەتكەي،
سالامەت ھەم بولۇپ مەقسەدغە يەتكەي.
تەرىقى ئىشقىدە ئۇ بولغاي ئەشرەف،
جامالى يارغا بولغاي مۇشەررەف.

كى بولغاي ئىشقىنىڭ سەرمەست تىرى،
ۋە يا يول باشلاغۇچى بولسا ھەم پىرى.
بولۇب ئەھۋالى ئانداغ ئىشق ھالەت،
سابا بۇلبۇلنى ئۆتكەردى سالامەت.
ئۇچۇب ھىجرىندە ئانداغ چۇست بۇلبۇل،
سابا بولدى سۇئال ئەيلەرگە مەشغۇل.
نىچۇك تىلىدىن تامىب ئاغزىدە بالى،
سابا ئەيلەركى بۇلبۇلدىن سۇئالى.
تەرىقى ئىشق ئانداغ بىر خەتەر يول،
سۇئال ئەيلەر، كى بۇلبۇل ئاگاھ بول.
دىدى بۇلبۇل چېكىبان دەردلىك ئاھ:
كى ئىشق بولسا ھەم ئۆزىدىن ئاگاھ.
دىدى بۇلبۇل: سۇئالىڭ بولسا سورغىل،
بىرۇر شايد جاۋابى تابسا بۇ دىل.
ساباغا بۇلبۇل ئەيدى: بۇلدۇك ھەمراھ،
نە بائىسىدىن چېكەرسەن نالەيۇ-ئاھ.
دىدى بۇلبۇل: كى قىلسا ئىشقى تۇغيان،
قىلۇرمەن ئۇل زەمان فەريادۇ-ئەفغان.
سابا ئەيدى: ماڭا ئىشقىڭ بايان قىل،
دىدى بۇلبۇل: بايانغا ھەددى يوق تىل.
سابا ئەيدى: نىدۇر ئىشقىڭ كامالى؟
دىدى بۇلبۇل: يېتەر، كورسەم جامالى.
سابا ئەيدى: نىدۇر ئىشقىدە كويمەك؟
دىدى بۇلبۇل: كويۇب ھىجرىدە ئۆلمەك.
سابا ئەيدى: نە كوڭلۇڭ مۇددىئاسى؟
دىدى بۇلبۇل: ئانىڭ بولسام فىداسى.
سابا ئەيدى: ئېزىز جاندىن نە ئەرمىش؟

دىدى بۇلبۇل: ئېزىز جانانە ئەرمىش.
سابا ئەيدى: بۇ ئىشقىڭدىن نە ھاسىل؟
دىدى بۇلبۇل: ۋىسالى بولسا ۋاسىل.
سابا ئەيدى: قاچاندىن زار ئىمىشسەن؟
دىدى بۇلبۇل: ئەزەلدە زار ئىمىشمەن.
سابا ئەيدىكى: ئېيتغىل ئىشق قايدە؟
دىدى بۇلبۇل: كى جاھ قىلماس بۇ تەندە.
سابا ئەيدى: نىدۇر ئىشق ئىلە ئەئلام؟
دىدى بۇلبۇل: خۇدادىن ئىشق ئىنئام.
سابا ئەيدى: كى ئېيتغىل ئىشق قايسى؟
دىدى بۇلبۇل: خۇدايىمنىڭ ئاتاسى.
سابا ئەيدى: قىزىلگۇل يادىغا بول،
دىدى بۇلبۇل: كوڭۇلدە ئول قىزىلگۇل.
سابا ئەيدىكى: سايراب ئول غەزەلخان،
دىدى بۇلبۇل: قىلۇرمەن ئاھۇ-ئەفغان.
سابا ئەيدى: ناۋا ئەيلەب فىغان قىل،
دىدى بۇلبۇل: ماڭا ۋەسفىن ئايان قىل.
سابا ئەيدى: نە ياخشى سايرادىڭ خوش؟
دىدى بۇلبۇل: مېنىڭ ئىشقىم قىلۇر جۇش.
سابا ئەيدى: فىغانىڭ ھەددىن ئاشتى؟
دىدى بۇلبۇل: بۇ جانغا ئوت تۇتاشتى.
سابا ئەيدى: كى سەن قىلما كوب زارى،
دىدى بۇلبۇل: ماڭا يوق ئىختىيارى.
سابا ئەيدى: بۇ غەمدىن قىل كوڭۇل شاد،
دىدى بۇلبۇل: قاچانمەن غەمدىن ئازات؟
سابا ئەيدى: زەمانى ئەيلە راھەت،
دىدى بۇلبۇل: نىتەي مەن جانىم جاراھەت.

سابا ئەيدى: بۇ دەردىڭا داۋا قىل،
دىدى بۇلبۇل: بۇ دەردنى بى داۋا بىل.
سۇئال ئەيلەب سابا، بۇلبۇل ھاۋادە،
توكۇب كوز ياشىنى ئاھۇ ـ ناۋادە.
فەلەك تىترەدى بۇلبۇل كوز ياشىدە،
يېتىشتىلەر قىزىلگۇلنىڭ قاشىغە.
كورۇب بۇلبۇلنى بىر مەرد جاھانى،
تۇرۇب كەلدى قاشىغا بىر زەمانى.
كېلىب سوردى: بۇ بۇلبۇلنى ساتارسەن؟
باھاسى نىچچە؟ تەئىن ئېتەرسەن.
دىدى: بۇلبۇل قەفەس بىلە ئون ئالتون،
ماڭا ھەركىم ئون ئالتۇن بەرسە ئالسۇن.
سۇندى جۇۋانى پۇلنى شەۋقى بىرلە،
ئون ئالتۇننى سانادى زەۋقى بىرلە.
چۇ بولدى مەستىلىغدىن بۇلبۇل ھوشيار،
ئۆزىنى كوردى قەفەس ئىچرە گىرىفتار.
ئۆزىنى كوردە ئاندە بولدى غەمكىن،
دىدى: نىچۇك گۇناھ ئوتتى مەندىن؟
كى بۇ يەڭلىغ بولۇبدۇرمەن گىرىفتار،
مەن بىچارەئى مەھزۇن ئەفكار.
دىدىيۇ چەكتى بىر ئاھ جىگەر سوز،
قارا بولدى مىسالى كىچە، كۇندۇز.
سابا كەلدى بىناگاھ ئول نەفەسدە،
كورۇندى كوزىغە بۇلبۇل قەفەسدە.
كېلىبان سوردى بۇلبۇلدىن: نە يەتتى؟
گىرىفتار قەفەس سىزنى كىم ئەتتى؟
دىدى بۇلبۇل: باغبان بى دىيانەت،

قەفەس ئىچرە سالىب قىلىب ئامانەت...
سابا بىرلە قىلىب رەفئ مالالەت،
تەكەللۇم باشلادى بۇلبۇل بۇ ھالەت.
ساغىندى گۇلنىيۇ، فەريادە قىلدى،
قەفەسدە بۇ غەزەلنى بۇنيادە قىلدى.

## بۇلبۇل بۇ غەزەلنى گۇل فىراقىدە ئوقۇغانى

مۇھەببەت ئوتىغا كويدۇك نىگارىم،
رەقىبلەر ئىلكىغە چۇشتۇك نىگارىم.
قەفەس ئىچرە قىلىبدۇرلەر مىنى بەند،
سىنى ئىستەرگە يوقتۇر ئىختىيارىم.
سىنىڭ ئىشقىڭدا ئەخگەر بولدۇم ئەي گۇل،
ئەدەم بولدى ۋۇجۇدۇم، دىيارىم.
رەقىبلەر ئىلكىدە بولدۇم كى ھەيران،
قايان باردى بۇرۇنقى ئىختىيارىم؟
فىراقىڭ ئوتىدا كويدۇم، تۇگەندىم،
ساۋۇردى بار غەم بۇ جىسىم جانىم.

## بۇلبۇل بىر ئاھ ئۇرۇب ئولغانى

ماڭا رادى رىۋايەت قىلدى مۇنداغ،
ئاجايىب بىر شىكايەت قىلدى مۇنداغ.
كى گۇل ئىشقىدا چەكتى بۇلبۇل بىر ئاھ،
كى ئول ئاھ ئىلە جان چىقتى ناگاھ.
كورۇب مۇنى ساتىب ئالغان جۇۋانى،
ياقاسىن يىرتىبان قىلدى فىغانى:
—كى بىلسەم ئىدىم مۇنداغ ئولۇمنى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاچان زايەئ قىلۇر ئىردىم پۇلۇمنى؟
ئۇزىنى مۇشتى بىرلە مەرد ئەخمەق،
ئۇزىنى ئۇردى جانى چىققىنى مۇتلەق.
كورۇڭ، بۇلبۇل بىلەن گۇلنى، ئىكاۋلەن
مۇھەببەت ئوتىدا كويۇپ تۇگەگەن.
ئۇلاردىن ئىبرەت ئىلىڭ ھەمنەفەسلەر،
مۇھەببەت يولىدا ئەيلەڭ ھەۋەسلەر.
تىرىكلىكدە قىلساڭلار ئىشق بازى،
ھەقىقى بولسا بارى ھەم مەجازى.
ئىلاھى غۇربىتىدە رەھىم قىل،
مۇھەببەت ئوتىدىن بىر زەررە بەرگىل.
غەرىبۇ، خەستەمەن، لۇتفىڭ ئىلە باق،
قۇرۇق جانىمغا ئىشقىڭ ئوتىنى ياق.
كەل، ئەي ئاشىق مۇھەببەتلىك كوزۇڭ ئاچ،
مۇھەببەتسىز كىشىدىن تۇرغىل يىراق قاچ.
ئاڭا بەرگىل قولۇڭنى بەلكى تۇتقىل،
ئول ئەرنىڭ قىل دىگەن ئەمرىنى قىلغىل.
قىلىب خىزمەت بىر نىگاھ قىل گۇلۇستان،
جەمئى مۇشكۇلاتىڭ بولغاي ئاسان.
ئىشتىگىل، بۇ جاھان باقى ئەمەسدۇر،
ھاۋايۇ ـ نەفسە جانىڭغا قەفەسدۇر.
ئۇزۇڭ سوزۇڭغە ھىچ بۇ دىسەڭ قابىل،
نە پايدا جەرىم ئىسيانىڭغا بىلگىل.
قېنى رۇستەم، قېنى ئول مالىك ئىبرەن؟
قېنى ئول لەشكەرۇ جۇرجانۇ كورگەن؟
قېنى خىسراۋ، قېنى جەمشىدى جۇمھۇر؟
قېنى ئىسكەندەر ئول ئالەمغە مەشھۇر؟

بۇ دۇنيانى بىلىڭكىم بىۋە فادۇر،
ئانىڭ راھەتى جانغا جافادۇر.
گۇناھلىك مەن، ئەمەل ھىچ يوق مەندە،
مېنىڭدەك بولماغاي شەرمەندە بەندە.
ئىلاھى يوقتۇر بىر مەندەك گۇناھكار،
يامان ئىشلار قىلىب بولدۇ توبەكار.
ئىلاھى، رەھمىڭدۇر، لۇتفىڭدۇر بىھەد،
ئىجابەت ئەيلە يارەب قىلماغىل رەد.
ئوقۇبان سەير قىلسۇنلەر بۇ داستان،
كى ئاشىقلار ئۇچۇن قىلدىم گۇلۇستان.
بۇ كىتاب تارىخ قۇنىگاسىن فۇج،
بولۇبان بىر مىڭ يۈز ئەللىكۇ ئۇچ.
تامام ئەيلەب گۇل بۇلبۇل قىلىب تەير،
بايان ئىشق بۇلبۇل تەمھەتۇلخەير.

تارىخىي 1153 - ھىجرىيە.

## لۇغەت

### ئا

ئاغاز — باھانە، سۆز باشلىماق

ئاھۇ - ئەفغان — ئاھ - پىغان

ئاشىيان — ئۇۋا، ماكان

ئارەستە — زىننەتلەش، بىزەمەك



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

## ب

بى ھەمدۇللا — خۇداغا شۈكرى.
بائىس — سەۋەپ.
بىدار — ئويغاق.
باد سابا — تاڭ شامىلى.
بەيتۇلھەزەن — غەم ئۆيى.
باد خازان — كۈز شامىلى.
بول ھەۋەس — ھەۋەسكە بېرىلىش.
بەريان — كۆيۈش، ئۆرتىنىش.
بى خانىمان — ئۆي ـ ماكانسىز.
باۋەر — ئىشىنىش، ئىشەنچە.
بەرگ خازان — كۈز ياپرىقى.
باتىن — ئىچى، ئىچكى دۇنياسى.
باساق — ساپلىق.
بىدەرگاھ — ھوزۇرغا يۈزلىنىش.

## پ

پىرغەم — غەمگە چۆمۈش.
پۇركالە — پارچە ـ پارچە.
پىرۇ ـ بال — قانات ـ قۇيرۇق.
پىشە — ھۈنەر.
پەرىيۈش — پەرى تۇسلۇك.

## ت

تەزەررۇ — يالۋۇرۇش.
تەرەھھۇم — رەھىم قىلىش.

تەھەممۇل — ئېغىرلىق، تەمكىنلىك.
تەير — قۇش.
تۇرفە — ناھايىتى، ئاجايىپ.
تاۋازۇئ — سۇلكەت، يۇمشاق سوزلەش.
تەلئەت — چىراي.
تۇغيان — ئەۋجە ئېلىش، دولقۇنلۇنۇش.
تالىب — تەلەپكار.
تەبىب ھازىق — ماھىر تىۋىپ.
تەفەررۇج — بوشۇنۇش.
تەجرىد — ھەممىدە ئازادە بولۇش.
تەفرىد — ئايرىم (يەككە قالدۇرۇش).
تەرىقەت — يول، نىزام.
تەخەللەق — يارىلىش.
تەۋق — بويۇنچاق.
تەكەللۇم — سوزلەش.
توقۇز ئەفلاك — توققۇز پەلەك.
تىيرە — قاراڭغۇلۇق.
تەمەھەتۇلخەير — ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلىشىش

## د

دەھر — ئالەم، دۇنيا.
دىلرەبا — دىل تارتقۇچى (دىل خالىغان).
دەمساز — ھەمنەپەس.
دىشۋار — قاتتىقچىلىق.
دۇر — مارجان.
دىگەرگۇن — ناخۇشلۇق.
دام تەزۋىر — ھىلە، توزاق، قىلتاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئە

ئەنجۇمەن — يىغىلىش (يۇلتۇزتوپى).
ئەكسەر — كوپۇنچە.
ئەغيار — يات، غەيرى.
ئەفكار — يارىلىنىش.
ئەدەدسىز — سانسىز.
ئەسرار — سىر، سىرداش.
ئەندەلىب — بۇلبۇل.
ئەفشا — يېيىش، پاش قىلىش.
ئەييام — كۇنلەر.
ئەيش ـ فاراغەت — يىمەك ـ ئىچمەك توقچىلىغى .
ئەخگەر — قىزىل چوغ.
ئەدلى — ئادىللىق.
ئەئزاز — ئىززەت.
ئەللامە — چوڭ ئالىم.
ئەلتاف — مەرھەمەت.
ئەمرى مەرۇف — ياخشى يولغا بۇيرۇش.
ئەنبەر سەرشت — ئەتىر ئارىلاش.
ئەبەس — بىھۇدە.
ئەشرەف — شەرەپ قازانغۇچى.
ئەئلام — بىلىم ئىگىسى.
ئەدەم — يوقۇلۇش، يوقلۇق.

## ج

جىلۋە — تەۋرىنىش.
جۇببەيۇ ـ جۇش — قايناق ھەركەت، قىزغىن ھەركەت.

جەندە — دەرۋىش كىيىمى.
جۇزبە ھالەت — ئۆزىگە تارتىش.
جۇرئە — ئوتلام.
جام ۋەھدەت — يىگانىلىق قەدەمى.
جەرم ئىسيان — گۇناغا ئىسيان قىلىش.

## چ

چىنان — كوپ.
چەرخ گەردان — ئايلانغۇچى پەلەك.

## خ

خۇشرۇي — خۇش چىراي.
خەستە — كېسەل.
خەندان — كۇلۇش.
خار — تىكەن.
خۇررەم — خوشاللىق.
خۇش ئەلھان — خۇش ئاۋاز.
خۇش زىب — گۇزەل زىننەت.
خەلئەت — تون يىپىش.
خۇراك — ئوزۇقلۇق.
خارىيەت — خارلىق.
خۇدناما — خۇدىنى بىلمەسلىك.
خۇدپەسەند — ئۆزىگە ئىشىنىش.
خىرەدمەند — ھوشيارلىق.
خەۋفۇرىجا — قورقۇش ـ ئۈمىت.
خەندلا — كۇلۇش.

## ھ

ھەسرىگاھ — ھەسرەتگاھ.
ھايىل — دالدا، توساق.
ھەيھات — ھاي ـ ھاي.
ھودھود — ھوپۇپۇپ.
ھومايۇن — ئەپسانىۋى بەخت قۇشى.
ھەمراز — يولداش، سىرداش.
ھەسب ھال — ئەھۋال بايانى.
ھەمد — مەدھىيە.

## س

سىنە — كوكسى، قەلبى.
سەۋت — خۇلق.
سىتەم — زۇلۇم.
سەمەن — گۈل ئىسمى.
سەدھەزار — يۈزمىڭ.
سىپاھ — لەشكەر بېشى.
سەرگەشتە — بېشى قوچۇلغان.
سود — پايدا.
سارى — تەرەپ.
سەبزە خۇررەم — يېشىللىق.
سەر ـ سەر — باشمۇ ـ باش.
سەفلى — تۆۋەن.
سەرەفراز — تولۇپ تاشقان.
سەرۋەر — يولباشچى.

سۇخەنۋەر — چىرايلىق سوزلۇك، سوزمەن.
ساھىب قىران — ياشلىق ئىگىسى.
سەنگ — تاش ـ تۇپراق.
سەرموي — باش موي.
سۇفيا — سۇفى ـ سۇفىياك.
سەھەرخىز — سەھەر تۇرغۇچى.
سانا — مەدھىيلەش.
سالىھ — چارە ـ تەدبىر.
سەيف — قىلىچ.

## ش

شۇكرى لىللاھ — خۇداغا شۇكرى.
شەيدا — بىرىلگەن.
شۇرىدە — بەختسىز.
شەكەررىز — شەكەردەك.
شكەستە — سۇنۇش.
شىرنراند — ئۇخچۇپ تۇرىدىغان ئەركەك شىر.
شىۋە — رەسم ـ قائىدە.
شەجەر — دەرەخ.
شاكىر — شۇكرى قىلغۇچى.
شائىد — گۇۋاچى.

## ز

زىنهار — پەقەت.
زىبا — كىلىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زەبان — تىل، زۇۋان، سوز.
زىكر — تەكرارلاش.
زەبەردەست — تەڭداشسىز.
زەرۇناب — ئالتۇن يالىتىلغان كىيىم.
زەرئەفشان — ئالتۇن چېچىش.
زەررىن — ئالتۇندەك.
زاھىد — تەقۋادار.
زەن — ئايال.
زاكىر — زىكىر قىلغۇچى.
زوھۇر — پەيدا بولۇش، كورۇنۇش.
زەئفەر ئامىز — سېرىق چىراي.

## ۋ

ۋەسىف — تەئرىپ.
ۋەرد — قىزىلگۈل.
ۋەسل — قوشۇلۇش.
ۋاسىل — ۋەسلىگە يېتىشكۈچى.

## ف

فۇرقەت — جۇدالىق (داغ).
فەرە — جۇش ھال.
فەرىشان — چېچىلىش.
فتنە ـ ئەڭگىز — غەۋغا كوتىرىش.
فەيز — جۇشقۇنلۇق.
فەرەھ — خۇشلۇق.

فەرەفتە — ھىلە.
فەسھ — ئوچۇق سوزلۇك.
فەتاھى فاتىھ — غەلىبىلىك.
فۇج — توپ - توپ.

## ق

قۇفلى — قۇلۇپ.
قۇمرى — قارا بويۇنچاقلىق پاختەك.
قىلۇ - قال — سوھبەت.
قازىلھاجات — ھاجەتنى راۋا قىلىش.
قەيد — يېزىش.

## ك

كۇشە — خالى ماكان.
كاشانە — بالىخانە.
كەرەشمە — خۇش قىلىق، ناز.
كامران — باي.
كافىر — رەت قىلغۇچى، قارىلىغۇچى.
كەبك — كەپتەر.
كەرەم — ياخشىلىق.
كۇھى ساران — ساران تېغى.
كوۋە ئىرفان — مۇكەممەل بىلىم.
كىشۋەر — يۇرت، تەۋەلىك.
كىرىدىگارا — ياراتقۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئى

ئىشۋە — ناز.
ئىھسان — ياخشىلىق.
ئىھسانۇ ـ ئەلتاف — مېھرىبانلىق قىلىش.
ئىلمى لەدۇن — ئىلاھ بەخش قىلغان بىلىم.
ئىتماد — ئىشەنچ.

## ي

ياستانىش — راسلىنىش.
ياۋۇق — يېقىن.
ياۋەر — يېقىن كىشى.

## غ

غەمناك — غەمكىن.
غەمخار — غەمخورلۇق قىلغۇچى.

## گ

گۇلاب — گۇل سۈيى.
گۇزەر — ئۆتۈش، ئۆتۈشۈش.
گۇلى قەھقەھ — گۇل ئىسمى.
گۇلۇستانى ئىرەم — گۇلزار باغچە.
گىريە — ياش.
گۇل پىيامى — گۇل ھالى.
گۇفتار — سوز ئىچىش.

گىريان — ياش تۆكۈش.
گەردار — قىلىق.

## ل

لال — تىل تۇتۇلۇش، ئۈنسىز.
لەتافەت — گۈزەللىك، نازۇكلۇق.
لۇتۇف — ياخشىلىق.
لەئلى گەۋھەر — ياقۇت، گەۋھەر.
لادە — بىۋاك، بەڭۋاش.
لەھزە — دەقىقە.

## م

مەئۋا — ئارام ئالىدىغان جاي.
مۇئەتتەر — خۇشپۇراق.
مەھرەم — خاس كىشى.
مورغىزار — قۇشلار ماكانى.
مەرھەم — شىپا.
مەرھابا — قۇچاق ئېچىش.
مۇئەسسىر — ئەسىر بولۇش.
مەرغۇب — يارىشىملىق.
مەھزۇن — غەمكىن.
مۇھىب — دوست.
مۇنەققەش — نەقىشدار.
مورغ — قۇش.
مۇشتاق — ئىشتىياق باغلىغۇچى.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەجاز — جالىق، يالغان.
مەسكەنەت — ماكان.
مەسىھا — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى.
مۇرشىد — باشلىغۇچى.
مەئتەقەد — ئىتىقات.
ماۋئىمەنە — مەنىمەنلىك.
مانەندەئىخاك — تۇپراقتا ئوخشاش.
مۇنىس — ئۈلپەت، يولداش.
مەنتىقۇتتەير — قۇشلار تىلى.
مەھۇ — يوقۇلۇش.
مۇشەررەف — شەرەپكە سازاۋەر بولۇش.
مەھجۇر — ئايرىلغان.
مەستۇ خاشاك — ئەخلەتكە كومۇلگەن (خار).

## ن

نەۋئى — نوۋەت، قېتىم.
نىھان — يوشۇرۇن.
نۇش — ئىچىش.
نىزار — نەزەر.
نوھ — يىغلاش.
نىكو ـ نام — ياخشى نام.
نەركەس — گۈل ئىسمى.
نىياز — ھاجەت.
نەفدار — پايدىلىق.
نەۋباھار — باش باھار.
نەۋمىد — نائۇمىت.
نەۋرۇز — يىل بېشى.
نالان — نالە قىلىش.

## ر

رەققە — گۈل ياپرىغى.
رەنجۇ - مېھنەت — جەۋرى - جاپا.
راز — سىر دىشمش.
رەھنەما — يول باشلىغۇچى.
رەفتار — قەدەم، پۇت ھەركىتى.
رەققاس — ئۇسۇلچى.
رىيا — ساختىلىق.
رادى راۋايەت — رىۋايەت جەريانى.
رۇستەم — ئىران شاھى كەيكاۋۇسنىڭ باتۇرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شائىرە زىبۇننىسا

## ئابدىرىيىم سابىت

مەركىزى ئاسىيا دائىرىسىدە قۇرۇلغان بارلىق تۈركى خاندىلىقلارغا ئوخشاش، شىمالى ھىندىستان ۋە ئافغانىستاننى تىرىتورىيە قىلىپ قۇرۇلغان تۈركى خانلىقمۇ 9 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا (پورتۇگالىيە ۋە ئەنگىدلىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئۇنى مۇستەملىكە قىلىۋالغانغا قەدەر) مەدەنىيەت جەھەتتە خىلى تەرەققى قىلدى ۋە گۈللەندى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى 17- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر شائىرە زىبۇننىسا بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

شائىرە زىبۇننىسا شىمالى ھىندىستاندا قۇرۇلغان "بۈيۈك مۇغۇل ئىمپىرىيىسى" (1526 - يىلى قۇرۇلغان)نىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىسى بابۇر مىرزا (ئەسلى ئىسمى شاھاۋىدىن مۇھەممەت، بابۇر — لەقىمى بولۇپ "شىر" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 1483—1530 - يىللار ئارىلىغىدا ئۆتكەن)نىڭ چەۋرىسى ئەبۇ زەپەر موھىددىن ئەۋرەڭ زەبى ئالەمگىرنىڭ قىزى بولۇپ، مىلادى

1639 - يىلى (ھىجرىيە 1048- يىلى) ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھەرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بەكمۇ قىزىقاتتى. زىبۇننىسا شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن دەرس ئېلىپ، زەبەردەست شائىرە، ئالىم، ماھىر سازەندە بولۇپ يېتىشتى. زىبۇننىسا شاھ قىزى، ھۆسۈن جەھەتتە تەڭداشسىز گۈزەل، لاتاپەتلىك، ئەخلاقى - پەزىلەت جەھەتتە يۈكسەك كامالەتكە يەتكەن، گۈزەللەر گۈزىلى، ئاجايىپ ئىقتىدار ۋە يۇقىرى قابىلىيەتكە ئىگە لىرىك شائىر بولۇشقا قارىماستىن، ئېغىر ئازاپ - ئوقۇبەت ۋە يالغۇزچىلىقتا ئۆتتى. ئۇ يەتمىش يىللىق ئۆمۈر ھاياتى داۋامىدا ئۆزىگە مۇناسىپ ھايات يولدىشى تاپالمىدى، چۈنكى شائىرە ھايات كەچۈرگەن ئۇ دەۋردە سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە قارىمۇ - قارشىلىق ئىنتايىن كەسكىن بولدى. پادىشا ئاۋرەڭ زەبى باشچىلىقىدىكى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى رەھىمسىز تۈردە ئېزىشى، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى، شەپقەتسىز زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن ھايات يولىنى تاپالمىغان سانسىزلىغان دىخانلارنىڭ ئاۋرەڭ زەبى ھاكىمىيىتىگە قارىتا نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنىڭ كۈچىيىپ، ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىشى؛ ئوردا ئىچىدىكى خوشامەتچىلىك، تەخسكەشلىك، چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق، كورەلمەسلىكتەك دۈشمەنلىك كەيپىياتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ، ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقوق ۋە مەنپەئەت تالىشىش كورىشىنىڭ چېكىگە يېتىشى؛ گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خەۋپىنىڭ كۈچىيىپ، ئاۋرەڭ زەبى ھاكىمىيىتىگە قارىتا ئۆزلۈكسىز تەھدىت سېلىشتەك بىر قاتار ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىكلەر شائىرەنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئازاپلىدى. بۇ كۈنلەردە شائىرە ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ، مىللىتىنىڭ قايغۇسى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىگە مۇناسىپ يار ئىزلەشكە پۇرسەت تاپالماي قال-

www.uyghurkitap.com

دى. "خوتۇن ـ قىزلار ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋە ئەرنىڭ شەخسى مۈلكى، ئۇ- نىڭ پۈتۈن ئەركى ئاتا ـ ئانا ۋە ئەرنىڭ قولىدا بولىدۇ" دەيدىغان فېئوداللىق ئەدەپ ـ قائىدىلەر ۋە بۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىڭ تى- پىك ۋەكىلى بولغان ئاۋرەڭ زەبىنىڭ شائىرە زىبۇننىسانى جە- مىيەت ئىشلىرىدىن، ئوردا سىرتىدىكى هايات ۋە ئالاقىلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىپ، مەخسۇس ياسالغان ئىچكىرى ئۆيلەردە ساقلىشى ئەركىن مۇھەببەت تەرەپدارى بولغان زىبۇننىسانىڭ بەختىنى بوغدى. قۇل ۋە مال ئورنىدا سېتىلىشنى خوپ كورمى- گەن شائىرە زىبۇننىسا ئاخىرى نەفىس سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەننى ئۆزىگە يار تۇتۇپ، دۇنيادىن يالغۇز، يىگانە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. زىبۇننىسانىڭ تەكتۇشلىرى ئۇنىڭ ياشلىق گۈلىنىڭ بىھۇدە خازان بولۇۋاتقانلىقىنى كورۇپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ: "نىمىشقا تۇرمۇشلۇق بولۇشنى خالىمايسىز؟" — دەپ سورىغاندا، ئۇ: "مې- نىڭ ئېرىممۇ كىتاپ، بەختىممۇ كىتاپ، ھەتتا جەننىتىممۇ كىتاپ- تۇر"، — دەپ جاۋاپ بەرگەن. شائىرە زىبۇننىسا ئۆز ھاياتىدا مۇھەببەت ۋە يار ۋىسالىدىن ئالالمىغان ھايات لەززەتلىرىنى شېئرىيەت، مۇزىكا، ئىجادىيەتتىن ئالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ھاياتىدىكى ھەر بىر كۈنلۈك ئومرىنى شېئىر ئوقۇش، شېئىر يېزىش، مۇزىكا تىڭلاش ۋە كىتاپ مۇتالىئە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. شائىرەنىڭ ۋەتەننىڭ غېمى، تەشۋىشى، مۇھەببىتى ۋە ئۈمىدىنى ئۆزىگە مەھكەم باغلاپ تۇرغان ھايات رىشتىسى ئاخىرى ئۈزۈ- لۈپ، ئۇ 1709 ـ يىلى دېھلى شەھرىدە ۋاپات بولدى. شائىرە ئۆز ئەدىبى پائالىيىتىنى "زىبۇننىسا" دىگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلىپ باردى. زىبۇننىسا — "گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى"، "چىرايلىق" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان تۈركچە سوز بولۇپ، ئۇ- نىڭ مۇنداق تەخەللۇسنى تاللىۋېلىشى تاسادىپى ھال ئەمەستۇر. شائىرە:



AltunOq

"شاھ قىزى بولسام دە قىلدىم پەقىر يولىن ئىختىيار،
بەس ماڭا بۇ زىبۇ - زىننەتكىم، ئاتىم زىبۇننىسا"

دەپ يازىدۇ. "زىبۇننىسا" زىبۇ - زىننەت، ئىسىل كىيىم، بايلىق - سىزمۇ ئۆز گۈزەللىكىم ئۆزەمگە يېتىپ ئاشىدۇ دىگەن مەنىدىكى ئەدىبى تەخەللۇس.

شائىرە زىبۇننىسا ئەدىبىي ئىجادىيەتتە ھەقىقەتەن ئۆز تەخەل - لۇسىغا مۇناسىپ ئىش قىلدى. ئۇ شاھ قىزى بولسىمۇ، ئەمما ساراي شائىرلىرىغا ئوخشاش پادىشا، سۇلتانلارنى، ساراي تۇر - مۇشىنى ماختاپ يازماستىن، بەلكى خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنە - پەس، تەقدىرداش بولۇپ، شۇ دەۋردىكى رىيال ئىجتىمائى تۈزۈمنى، فېئوداللىق ئورپى - ئادەت، قائىدە-تۈزۈملەرنى، ئەرك - سىزلىك، ناھەقچىلىق، ئاداتسىزلىكنى قارىلاپ، ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىغىنى ئىپادىلىدى. خوتۇن - قىزلارنىڭ ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىگىنى كۈيلەپ، ھەقىقى، چىن مۇھەببەتنى تەرغىپ قىل - دى. ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت ۋە مەرىپەت غايىلىرىنى ئالغا سۈردى.

ناشتەرى دۈرام نىھان، دەرىسنائىي ھەرنالاي،
بەس دىلى ئەھلى ستەم ئەفگار خاھەم كاردۇ رافت.
دىن ئەگەر ئىناستو، ئىمان ئىنۇ، ئەھلى قىبلەئىن،
فىشتەئىي تەسبىھرۇ زۇننار خاھەم كاردۇ رافت.

[كوكرەكتىن چىقىۋاتقان ھەربىر نالەمدە بىر يوشۇرۇن (مەنا) بار. (ئەگەر) بىر خەنجەر (بولسا) زۇلۇم - ستەم ئەھلىنىڭ دىلى - نى پارچىلاپ كەتسەم، ئەگەر دىن، ئىمان، قىبلە ئەھلى شۇنداق بولىدىغان بولسا، تەسۋى يىپىغا زۇننار تاقاپ كەتسەم].

مانا بۇ مىسرالاردا شائىرە شەرىئەت ھۆكمىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا خىلاپ ھالدا، ھەدەپ خەلق ئاممىسىغا جەبىر-زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنى قاخشىتىۋاتقان بىر قىسىم دىن ئەھلىلىرىگە قارىتا كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسا:

لەيلى زاتىدىن ئىسمەم-دە، دىلدا مەجنۇنچە ھاۋا،
تاغۇ-تاش كەزگۈم كېلۇر، لېكىن يولۇم توسقاي ھايا.
مەندىن ئۈگەندى-يۇ، بولدى گۈلگە بۇلبۇل ھەمنىشىن،
ماڭىدۇر پەرۋانە ھەم شاگىردۇ ئىشقىمدۇر راسا.

دىگەن بۇ مىسرالاردا شائىرە ئۆز ئىشقى-مۇھەببىتىنى بۇلبۇلنىڭ گۈلگە بولغان مۇھەببىتىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مۇھەببەت ئىستىگىنىڭ چەكسىز يۇقىرى، كۈچ-قۇدرەت جەھەتتىن بىھىساپ ئۇلۇغ ۋە تەڭداشسىزلىقىنى، ئەگەر "ھايا" بىلەن پەردىلەنگەن فېئوداللىق ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ كىشەن-زەنجىرلىرى كىشەنلەپ تۇرمىغاندا، خۇددى لەيلى ئىشقىدا مەجنۇننىڭ تاغۇ-تاشلارنى كەزگىنىگە ئوخشاش دەشت-باياۋانلارنى كېزىشكە ھەر قاچان تەييار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەركىن مۇھەببەتكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

زىبۇننىسا شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلار ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلىلا ئىلغارلىقتا ئىكەن، كىشىلەرنى جاھالەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىككە ئۈندەيدىغان ئىجابى كۆزقاراش بولۇپ، ئۇ ماھىيەتتە شائىرەنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە تەرەققىپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ بەدىئى يۇسۇندىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ خوتۇن-قىزلار شەخسى مۈلۈك ھىساپلىنىپ قۇل ۋە مال ئورنىدا سېتىلىۋاتقان، "يولدىن چىققازلىق"، "ئەخلاقسىزلىق"، "چوڭ گۇنا"، دەپ ئەيىپلىنىپ، قىز-يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببىتى قاتتىق چەكلىنىۋاتقان ھەمدە ئۇلار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائى، سىنىپىي ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى-

دىن مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، ئېغىر پاجىئەلەرگە گىرىپ- تار بولۇۋاتقان ئاشۇ دەۋردە، فېئوداللىق جەمىيەتتىكى بارلىق خۇتۇن - قىزلارنىڭ ۋە قىز - ئوغۇللارنىڭ ئورتاق پاجىئەسى بول- غان ئەركىنسىزلىكنى پاش قىلىپ، ئەركىن مۇھەببەتنى تەرغىپ قىلىش ھەقىقەتەن مىسلىسىز باتۇرلۇقنىڭ ئىپادىسى، فېئودالىزىق جەمىيەت ئۈستىدىن قىلىنغان چۇڭقۇر شىكايەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

زىبۇننىسا ئىجادىي پائالىيىتىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى- نىڭ رېيالىزىملىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي تەرتىپلەرگە نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن، ئادالەتسىزلىكنى پاش قىلىپ، ھەققانىيەتنى ياقلىغان، ئىنسانپەرۋەرلىكنى كۈيلەپ، ئەركىن مۇھەببەتنى تەرغىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن ھاللاردا چۈشكۈنلۈك ھەم زارلىنىش كەيپىياتلىرىنى ئىپادىلەپ قويۇشتىن خالىي بولالمىدى. بىز زىبۇننىسانىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى توغرا ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن ئىلغار تەرەپ- لەرنى مۇقىملاشتۇرۇشىمىز، قىسمەن ھالدىكى زارلىنىش كەيپىيات- لىرىغا نىسبەتەن تەنقىدى نۇقتىئى نەزەر بىلەن قارىشىمىز، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھىرلىقىنى ئۈرنەك قىلىپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

زىبۇننىسا ئۆزھاياتىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە رۇبائىلارنى ياز- غان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ غەزەل ۋە رۇبائىلىرى شۇ زامانىنىڭ تىل ئادىتىگە ئاساسەن ئەرەپ ۋە پارس تىلىدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بىزگىچە يېتىپ كىلەلمىدى. زىبۇننىسانىڭ كېيىنچە تېپىلغان ئاز بىر قىسىم پارس تىلىدىكى غەزەللىرى 1940 - يىل 7 - ئايدا تاجىكىستان دۆلەت نەشرىياتى تەرىپىدىن «مەجمۇئەيى شېىرھا» نامى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن باشقا، بۇ تالانتلىق شائى- رەنىڭ ھاياتى، ئىجادى پائالىيىتى ئۈستىدە ئىزلىنىشلەر ئىنتايىن

ئازبولدى. بىز زىبۇننىسانىڭ ئىجادى پائالىيىتى بىلەن تونۇشۇۋاتقان بۇگۈنكى كۈندە زىبۇننىسا ھەققىدىكى ئىلمى تەتقىقاتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تىگىش-لىك ئورنىنى تىكلىشىمىز ۋە مۇقىملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

تۆۋەندە شائىرەنىڭ ئۈچ غەزەل، بىر رۇبائىسى بېرىلدى.

## غەزەللەر

تەندىن ئاجرالسۇن ئۇ باش گەر لايىقى دار ئولمىسا،
سىنسۇن ئول قول، يار بويىنغا ئەگەر بار ئولمىسا.

ئول كىشى قانداق كوتەرگەي تاڭلا مەھشەر باشىنى،
گەر ئۇنىڭ كوكسىدە داغى لالە رۇخسار ئولمىسا.

بۇ جاھاندىن كوزنى يۇم، كوز ئالدىدا يار ئولمىگەچ،
كور بولماق ياخشىدۇر ئول كوزى خۇمار ئولمىسا.

يۈز باھار ئاخىر بولۇپ ھەر چىكىدىن جاي ئالدى گۈل،
ھەيفدۇر بىزنىڭ گۈلىمىز زىبى دەستار ئولمىسا.

ھەيف زاھىد سەللىسىگە كىم بوپىچۇ تاب ئىلە،
تەسبىگە يىپ بولۇپ زۇننار ئۈچۈن تار ئولمىسا.

ھەر ماتاغا بار خىرىدار ھوسۇننىڭ بازارىدا،
نى ئۈچۈن زىبۇننىسا قەررىپ، خىرىدار ئولمىسا.

× ×

زۇلفى ھەلقە-ھەلقە ئۇ كوزى قارا بۇ يەردىدۇر،
بېقىشى شەپقەتلىكۇ، نازۇك ئارا بۇ يەردىدۇر.

كىرپىگى خەنجەر، كەرەشمە تىغۇ كوز تەشلەش ياشىن،
گەر شەھىد بولماقچى ئەرسەڭ كەربالا بۇ يەردىدۇر.

بەرسە ھەم جەننەتنى ئالدانما كىشلەر سوزىگە،
بىر قەدەم مەيخانىدىن جىملەكى جا بۇ يەردىدۇر.

كەئىبىگە بارماق نە ھاجەتتۇر ئەگەر دىل ئوۋلساڭ،
بىھۇدە يىللار كېزىپ بۇ خەلقۇ جا بۇ يەردىدۇر.

ھوسنىگە باشتىن ـ ئاياق باققاندا ھەر بىر نوقتىدىن،
دىلنى تارتىپ ھەر كەرەشمە دەركى جا بۇ يەردىدۇر.

ئىزلىدىم بىر ـ بىر جاھاندا ھەرنىچە بولسا كىتاپ،
كوردىمۇ خەتتىڭنى دىدىم: مۇددىئا بۇ يەردىدۇر.

ئىزلىسەڭ ھوسنۇڭ زاكاتىنى بىرەرگە مۇستەھىق،
كەلگى بۇ زىبۇننىسا يەڭلىغ گادا بۇ يەردىدۇر.

× ×

لەيلى زاتىدىن ئىسمەم ـ دە، دىلدا مەجنۇنچە ھاۋا،
تاغۇ ـ تاش كەزگۇم كېلۇر، لىكىن يولۇم توسقاي ھايا.

مەندىن ئۇگەندى ـ يۇ، بولدى گۇلگە بۇلبۇل ھەمنىشىن،
ماڭىدۇر پەرۋانە ھەم شاگىردۇ ئىشقىمدۇر راسا.

زاھىرىمدۇر غازە رەڭ، ئەمما نىھانىم قان ئىرۇر،
ئوز ئىچىدە ساقلىغاندەك قىپ ـ قىزىل رەڭنى خىنا.

بەسكى قويدۇم مەن فەلەكنىڭ يەلكىسىگە غەم يۈكىن،
كەيدى ماتەم تونىنى ـ يۇ، بولدى قەددى ھەم دۇتا.

شاھ قىزى بولسام ـ دە، قىلدىم پەقىر يولىن ئىختىيار،
بەس ماڭا بۇ زىبۇ زىننەتكىم، ئاتىم زىبۇننىسا.

## رۇبائىي

مەن يىلان ئاغزىدىن شەكەر تەلەبمەن،
ئورگۈمچۈك ئىنىدىن مەن پەر تەلەبمەن.
ئەركەك شىر كوكسىدىن سۈت تەلەپ قىلسام،
ئاياق يالاڭلاردىن سىم ـ زەر تەلەبمەن.






## مىرەھمەت سېيىت

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى فېئودالىزمغا، دىنى خۇراپاتلىققا، ئىجتىمائىي قالاقلىققا قارشى كۈچلۈك كەيپىياتى، خەلقنى ئاقارتىش ۋە ئويغىتىشقا، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا، ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشتەك روشەن ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ۋەكىللىرىدىن ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىر تەۋپىقمۇ بار.

شائىر تەۋپىق① (مەمتىلى ئەپەندى توختاجى) 1901 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت يېزىسىدا بىر مىللىي تىۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تىۋىپ توختاجىنىڭ نىزامىدىن ۋە مەمتىلى ئاتلىق ئىككىلا ئوغلى بولۇپ، بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكا 1936 - يىلى جاللات شىڭ شىسەينىڭ قەشقەر ياۋاغدىكى تۈرمىسىدە پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى.

---

① تەۋپىق — توغرا يولغا ماڭغۇچى.

www.uyghurkitap.com

تىۋىپ توختاجى ئۇچۇق پىكىرلىك، تەرەققىپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ ئوغۇللىرىنى ئوقۇتۇپ يېڭىچە ئادەم قىلىشنى ئىستەيتتى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دەسلەپ ئۆز يېزىسىدىكى دىنى مەكتەپتە ئوقۇپ خەت-ساۋادىنى چىقىرىشتى، كېيىن توختاجى ئوغۇللىرىنى 1914-يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىكساق يېزىسىدا ئەمەت كامال دىگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن قۇرۇلغان پەننى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى.

ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى دىنى مەكتەپلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان مۇنداق بىر تارىخى شارايىتتا زامانىۋى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئوقۇتىدىغان يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش تارىخى خاراكتېرلىق بۇسۇش ۋە ئىنقىلاپ بولغان ئىدى. لېكىن فېئودالىق تۈزۈمنىڭ سىياسى قوغدىغۇچىسى بولغان ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت، يەرلىك فېئوداللار ۋە مۇتەئەسسىپ روھانىلار بۇ خىل يېڭى مەكتەپتىن مەنپەئەتدار ئەمەس ئىدى. ئەكسىيەتچى مىللىتارىست ياڭ زېڭشىنىڭ ھوكۇمىتى ئۇيغۇر خەلقىنى داۋاملىق ھالدا ئوتتۇرا ئەسىر خوراپاتلىقىدا، دىنى جاھالەت ئىچىدە، ئاڭسىز، قالاق ھالەتتە ساقلاپ قېلىشنى خالايتتى. خەلقنىڭ فېئودال تارقاقلىقتا، ئاڭسىز، ئويغانمىغان، ئۇيۇشمىغان ھالەتتە ياشىشى ئۇنىڭ سىياسى ۋە مىللى مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭلاشقا، ئاز ئۆتمەيلا، ياڭ زېڭشىڭ ھوكۇمىتى بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر بىرلىشىپ، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن بۇ يېڭى مەكتەپنى تاقىۋەتتى ۋە بۇ مەكتەپنىڭ تەشەببۇسكارلىرىنى جازالىدى.

يېڭى مەكتەپ تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن، نىزامىدىن قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا مەدىكارچىلىق قىلدى، مەمتىلى بولسا ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ تىۋىپچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتى ھەم قوشۇمچە جۇۋىچىلىق قىلدى.

زامانىۋي يېڭى مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇش مەمتىلى توختاجىنىڭ دۇنياقارىشىنىڭ ۋە ھاياتى مۇددىئالىرىنىڭ تىكلىنىشىگە چوڭقۇر خاراكتېرلىك تەسىر كورسەتتى. يېڭى مەكتەپ ئېچىش، يېڭى مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، زامانىۋي ئىلىم - پەن بىلەن ئوز خەلقىنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى تەرەققى تاپقان مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئوتكۇزۇش، مەدىنيەتنى يۇكسەلدۇرۇش ۋە ئىجتىمائى تەرەققىيات ئۇنىڭغا بىردىن - بىر ياشاش مەقسىدى بولدى.

تەۋپىق كىچىكىدىن تارتىپلا شېئىر يېزىشنى، ساز چېلىش ۋە ناخشا ئوقۇشنى ياخشى كورەتتى. ئۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبىياتنى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى بېرىلىپ ئۇگەنگەن ئىدى. ئۇ ئائىلىسىگە قايتىپ دادىسىغا ياردەملىشىشكە باشلىغاندىن كېيىنمۇ، ئوزلۇكىدىن ئۇگىنىشنى ۋە شېئىر يېزىشنى قەتئى داۋاملاشتۇردى.

1920 - يىلى تەۋپىقنى دادىسى تىرىكچىلىك مەقسىدىدە ئوزى بىلەن بىللە ئېلىپ، بورىتالا، غۇلجا، چوچەك قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ باردى. شائىر بۇ سەپەردە فېئوداللىق جاھالەت ئىسكەنجىسىدە ئىڭراپ ياتقان خەلقنىڭ ئازاپ - ئوقۇبەتلىك ھاياتى بىلەن كەڭ تۇردە ئۇچراشتى، ئۇ، كېزىپ ئوتكەن شەھەر ۋە يۇرتلاردا مەزلۇم خەلقنىڭ چەكسىز ئىجتىمائى تەڭسىزلىك ۋە مىللى زۇلۇم، خورلۇق شارائىتىدا ياشاۋاتقانلىغىنى كوردى. قالاقلىق، خوراپاتلىق، فېئودالىلىق ئاسارەتلەر قاتمۇ - قات زەنجىر بولۇپ خەلقنى چىرمىۋالغان ئىدى. شائىردا ئوز خەلقىنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائى، تارىخى پاجىئەسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئېچىنىش پەيدا بولدى.

تەۋپىق دادىسى بىلەن بىللە چوچەككە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئاتۇش مەھشەتلىك سەتىراچ مامۇت ھاجى دىگەن

كىشىدىن سەتىراچىلىقنى ئۆگەندى ۋە شۇ كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئاز ئۆتمەي تەۋپىقنىڭ تەقدىرىدە يەنە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ 1921 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە مەرپەتپەرۋەر، مەشھۇر ئالىم ئابدىقادىر داموللىنىڭ خەلقارا جاھانگىرلارنىڭ سۈيىقەستى بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ۋە غەزەپ - نەپرەتلىك ھىسسىياتى بىلەن "ئوقىدى - ئاشتى" ناملىق بىر شېئىر يېزىپ، ئۇنى سەتىراچىلىق دۇكىنىنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويىدى. شېئىردا فېئوداللىق جاھالەت، زالىم ئەمەلدارلار، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار پاش قىلىنغان ۋە ئەيىپلەنگەن ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت تەۋپىقنىڭ بۇ شېئىردىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى دەرھال سىياسىي تەقىپ ئاستىغا ئالدى ۋە ئارقىسىغا پايلاقچى سېلىپ قويىدى. شائىرنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا چوچەكتىن باشقا بىر ياقىقا يوتكىلىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. تەۋپىقنىڭ پۇرسەت تېپىپ داۋاملىق ئوقۇش نىيىتى بار ئىدى. بۇ ئىمكانىيەت ئەينى ۋاقىتتا پەقەت خوشنا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىلا بولۇپ، شائىر داۋاملىق ئوقۇش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭغا يەرلىك تەرەققىپەرۋەر زات مۇرات ئەپەندى بىر ئات ۋە ئاز - تولا خىراجەت يوللۇق تۇتتى. شائىر ئاخىرى چوچەكتىن ئايرىلىپ قازاق يىگىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتى.

تەۋپىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە يۇرتداش مۇساپىرلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن داۋاملىق ئوقۇش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزلىدى. شائىر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرىنى ئوقۇدى ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىنى ئۆگەندى، كېيىنچىرەك

بولسا، موسكۋاغا بېرىپ شەرق دارىلفۇنۇنىغا كىرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى. تەۋپىق بۇ دارىلفۇنۇندا بىر يېرىم يىل ئوقىدى. بۇ سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلار بولۇپ، تەۋپىقنىڭ دارىلفۇنۇندىكى ئوقۇشى تازا ئوڭۇشلۇق بولالمىدى. ئۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي، مەكتەپتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

تەۋپىق مەكتەپتىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن، موسكۋادا يەنە ئالتە ئاي تۇردى. بۇ جەرياندا ئاتۇشلۇق خەللاق دېگەن ئادەم ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى. تەۋپىق يەنە باشقا يول تېپىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىدە ئىدى، شۇڭا ئۇ موسكۋادىن ئايرىلىپ قارا دېڭىز بويىلىرىدىكى پورتلارغا كەتتى. تەۋپىق ئۇ يەردە ئاشپەزچىلىك ۋە كاۋاپچىلىق قىلدى. ئۇ ئاستا - ئاستا چەتئەل پاراخوتلىرىنىڭ شوپۇرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى، ئۇلارغا ئۇيغۇرچە مىزىلىك تاماقلارنى قىلىپ بەردى، تەمبۇر چېلىپ بەردى، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇ ئۇلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالدى. تۈركىيە پاراخوتلىرىنىڭ خادىملىرى شائىرنىڭ داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىغا ھېسداشلىق قىلدى. ئۇلار شائىرنى 1923 - يىلىنىڭ 9 - ئېيىدا ئۆز پاراخودىغا سىلىقلىپ تۈركىيەگە ئېلىپ كەتتى. تەۋپىق پاراخوتتىن ستامبولغا يېقىن بىر يەردە چۈشۈپ قالدى. پاراخوت باشلىقى ئۆز تونۇشلىرىغا تەۋپىقنى ستامبولغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلاپ قويغان ئىدى. شائىر بويىنىغا كىچىك بىر تەنزىنى ئېسىۋېلىپ، مىلىچ ماللارنى سېتىپ، يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ستامبولغا يېتىپ باردى. تەۋپىق ستامبولدا شىنجاڭلىق مۇساپىرلارنى ئىزلەپ تاپتى ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى بىرەر مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ناھايىتى تەسلىكتە ئۇ ستامبول ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش مەكتىۋىنىڭ قارا خىزمەتچىلىكىگە

تونۇشتۇرۇلدى. شائىرنىڭ مۇنتىزىم ئوقۇش ئارزۇسى ھەدېگەندە ئىشقا ئاشمىدى. ئەمما ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇز ئىشلىرىنى قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، سىنىپلارغا بېرىپ، دەرىزە تۈۋلىرىدە دەرس ئاڭلاپ، ئاڭلىغانلىرىنى ئۆگىنىپ مېڭىشقا باشلىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇ مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئۆزىنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئاڭلىغان لېكسىيەلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىپ كورۇپ، ئۇنى ئاخىرى ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى. تەۋپىق تىرىشىپ ياخشى ئوقىدى، سىنىپتا ئىنزىچىل ھالدا ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ ماڭدى.

تەۋپىق مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ستامبول شەھرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

30 - يىللار شىنجاڭدا بوران - چاپقۇن بىلەن باشلاندى. قۇمۇلدا كوتىرىلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن شىنجاڭغا يامراپ، جىڭ شۇرېن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

شائىر تەۋپىق بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زامانىۋي ئىلىم - پەن مەكتەپلىرىنى يولغا قويۇش، خەلقنى ئاقارتىش ھەركىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيەتلىك ياخشى سىياسى شارائىتى، دەپ ھىساپلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇمۇرلۇك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۆز خەلقىگە خىزمەت قىلىش ئارزۇسى بىلەن 1932 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ يىلى ئالدى بىلەن قەشقەرگە چۈشۈپ، يۇرتداشلىرى بىلەن يۈز كورۇشتى. تەۋپىق 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا كىندىك قېنى توكۇلگەن ئانا يۇرتى — ئاتۇشقا قايتىپ كەلدى.

تەۋپىق ئاتۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خەلق

ئارىسىدا يېڭى مائارىپ توغرىسىدا جامائەت پىكرى تەييارلىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەشكىلىي ئىشلارغا كۆچۈپ، يېڭى مائارىپنى
قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان تەرەققىپەرۋەر كىشىلەردىن بىرنەچچەي-
لەننى تەكلىپ قىلىپ، ناھىيىلىك مائارىپ ھەيئىتى تەشكىل
قىلدى. يېزىلاردا مەكتەپلەرنىڭ كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرىدىغان
ئاتالار ھەيئىتى قۇرۇلدى. مەكتەپلەرنىڭ مالىيە مەنبەسىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن، دىنىي قائىدىلەر بويىچە تولىنىدىغان
ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق قىلىنغان ماللارنىڭ تېرىلىرى ۋە
ۋەخپە يەرلەردىن ئېلىنغان ھوسۇل ناھىيىلىك مائارىپ ھەيئى-
تىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈلدى.

يېڭى مەكتەپلەر ئېچىشنىڭ تەشكىلىي ۋە مالىيە مەسىلىلى-
رى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، تەۋپىق ناھىيىدە ئالدى بىلەن
ئىككى ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا
61 كورسانت قاتناشتۇرۇلدى. كورسانتلار ئوقۇش تۈگەتكەندىن
كېيىن، پۈتۈن ناھىيە بويىچە داغدۇغىلىق ئاقارتىش تەشۋىقاتى
ئېلىپ باردى. ئۇلار رەت - رەت تىزىلىپ، قىزىل گالۇستۇك
تاقاپ، ناھىيە شەھرى ۋە يۇرتلاردىن «بىز—مۇئەللىم!» دېگەن
مارشنى ياڭرىتىپ مېڭىپ ئۆتتى. بۇ مارشنىڭ شېئىرى ۋە
ئاھاڭىنى تەۋپىق ئۆزى ئىشلىگەن ئىدى. مىڭلىغان - ئون مىڭ-
لىغان خەلق ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقىدى ۋە ھۆرمەت بىلدۈردى.
بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇش
دولقۇنى كۆتىرىلدى ھەر بىر يېزىدا دېگۈدەك يېڭى مەكتەپ
تەسىس قىلىندى. بۇ مەكتەپلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە ئون
مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپلەردە ئوقۇش
باشلىنىش بىلەن تەڭ ئاممۋى خاراكتېرلىق ئاقارتىش ھەركە-
تىمۇ قانات يېيىپ كەتتى، ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ۋە چوڭ-
لار كەچلىك ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىغا تەشكىللەندى. شۇن-

داق قىلىپ 1933 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە ناھىيە خەلقىنىڭ يەتمىش پىرسەنتىن كۆپرەكى يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇپ خەت - ساۋادىنى چىقاردى. بۇ جەرياندا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار قاتارى قىزلارنىڭمۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلغانلىقى ۋە ئورغۇنلىغان ئايال مۇئەللىملەرنىڭ يېتىشتۈرۈلگەنلىكىمۇ ئالاھىدە نەتىجە بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخى شارائىتتا، ئومۇمى دىنىي ئىسكەنجىلەر مۇھىتىدا بۇنىڭغا ئېرىشمەك ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى.

تەۋپىقنىڭ ئاتۇشتا زامانىۋى مائارىپنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئاممىۋى خاراكترلىق ئاقارتىش ھەركىتى ئېلىپ بېرىش، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائى تەرەققىياتىدا زامانىۋى ئىلىم - پەن مەكتەپلىرى تارىخىنى باشلاپ بېرىش ئانچە ۋالا ئاسانغا چۈشكىنى يوق. ئۇنىڭغا فېئودالىلىق ئىجتىمائى ھالەتنىڭ قاتمۇ - قات توسقۇنلۇقلىرىنى بوسۇپ ئۆتۈشكە، يەرلىك فېئودالىلار ۋە دىنى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى زور كۈچ بىلەن سۇندۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىدە خەلق كوپچۇلىگىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە، زامانىۋى تەرەققىياتقا ئىنتىلگۈچى سانسىزلىغان ياشلارنىڭ قىزغىن غەيرىتىگە تاياندى.

ئاتۇشتا يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىششى يۇرتنىڭ ئومۇمى قىياپىتىگىمۇ زور تەسىر كورسەتتى. تەۋپىقنىڭ تەشەببۇسى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن مەكتەپلەرگە ۋە يېزا يوللىرىغا يۈز مىڭ تۈپتىن كوپرەك تىرەك كوچىتى قويۇلدى.

تەۋپىق خەلقپەرۋەر، تۇرمۇش ئىستىلىدا ئاددى - ساددە ئۇستاز ئىدى. ئۇ ئوزى بىۋاستە تۇتۇپ تەربىيلىگەن 40 نەپەر ئىزچىغا ئاتۇشنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تورت باغلىق ئاق ماتىرىنى ماشرەپدە بوياپ كىيىم بەرگەن، ئوزىمۇ شۇ ماتادىن

كىيىم كىيگەن ئىدى. ئۇ مەكتەپلەردىكى كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە ئوقۇش خىراجەتلىرىنى مائارىپ راسخودىدىن ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىنى كاپالەتلەندۈردى.

تەۋپىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ۋە كەڭ ئاممە بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولاتتى، ئۇلارنىڭ دەرت-ئەھۋالىغا قۇلاق سالاتتى، ئۇ ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا، ئابرويىغا، پۇلىغا ۋە چاپىنىغا قاراپ مۇئامىلە قىلمايتتى، كۆپ ھاللاردا يېزىلاردىكى كەمبەغەل، نامرات كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ راخمان ناملىق بىر ئاشىق بىلەن كوچىدا بىللە پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر نەچچە ئايال ئۆز-ئارا: "كۆردۈڭلارمۇ؟ مەمتىلى ئەپەندى راخمان بىلەن بىللە كېتىۋاتىدۇ..."، دېيىشىدۇ. بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ قالغان شائىر دەرھال ئۇلارغا جاۋابەن:

سۆيسە سۆيمەن يەر بىلەن يەكسان بولسا،
سۆيمىسە سۆيمەم مىسىرغە سۇلتان بولسا

دېگەن شېئىرنى توقۇيدۇ.

تەۋپىق زامانىۋى مائارىپنىڭ ئاتۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئومۇملىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئارزۇ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك غايىسىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭا ئۇ، يېڭى مەكتەپلەرنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن باشقا جايلارغا قارىتىلغان تەشۋىقى تەرغىبات خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. 1935-يىلى ئۇ ئۆزى بىۋاستە تەربىيىلىگەن 40 نەپەر ئىزچىنى باشلاپ پىيادە پەيزىۋات، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلارغا سەپەر قىلدى. ئۇ سەپەر داۋامىدا، بارغانلا جايىدا، شۇ جايدىكى خەلقلەرگە ئاتۇشتا يولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويۇلغان زامانىۋى مائارىپنىڭ نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. 1936 - يىلى ئۇ 800 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ، قەشقەر شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن "12 - ئاپرېل" بايرىمىغا ئاپىرىپ قاتناشتۇردى. بۇ ئوقۇغۇچىلار قىزىل بايراقلارنى كۆتىرىپ سەپ تارتىپ، داقا - دۇمباق، باراباانلىرىنى چېلىپ مارش ئوقۇپ، مەيداندا تۈرلۈك گىمناستىكا شەكىللىرىنى يارىتىپ، بايرامغا يىغىلغان كەڭ ئاممىغا ئاتۇش مائارىپىنىڭ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايەن قىلدى. بۇ خىل تەشۋىقى - تەرغىباتلار ئۆلكىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا زامانىۋى مائارىپنىڭ يىلتىز تارتىشىغا مۇئەييەن ئىجابى تەسىر كۆرسەتتى.

لېكىن شائىرنىڭ تارىخى خاراكتېرلىق بۇ تىرىشچانلىقى كۆپ ئۇزاققا بارالمىدى. ئۇ ئۆز پائالىيىتىنى ئۆزگىرۋچان سىياسى مۇھىتتا، سىياسى پورسەتپەرەس، مىللەتچى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە ئېلىپ بارغان ئىدى. شېڭ شىسەي مەمۇرلىرى ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچىل فېئوداللار شائىر يولغا قويغان ئىلغار ئاقارتىش ھەرىكىتىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، 1936 - يىلى 7 - ئايدا جاللات شېڭ شىسەينىڭ چاپارمەنلىرى شائىرنى ئاتۇشتا ئىشلەۋاتقان مەكتىۋىدىن قولغا ئېلىپ كەتتى. شائىر ئاز ئۆتمەي قەشقەر شەھىرىدىكى ياۋاغ تۈرمىسىدە پاجىئەلىك يوسۇندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. شائىرنى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمە ئەمەلدارى مەۋلان دېگەن كىشى ئاتقان، شائىر ئۆلۈم ئالدىدىن، ئۇنىڭدىن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ ئالدىدىن ئېتىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئوق يېگەندىن كېيىن: "ئاھ، ۋەتەن!"، دەپ يىقىلغان ئىدى. شائىر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندە تېخى 36 ياشتا ئىدى.

شائىر تەۋپىقنىڭ ھاياتى تەغدىرى مانا شۇنداق بولدى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئىلغار دۇنياقارىشىنىڭ، هاياتى غايىسىنىڭ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخى شارايىتىنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، رۇشەن سىياسى تۈسكە ئىگە. شائىر شېئىرلىرىدا ۋەتەننى، خەلقنى، ئىلىم - پەننى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ۋە ئەينى يىللاردىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى كۈيلىگەن، فېئودالىزم جاھالىتى، دىنى خوراپاتلىق، ئىجتىمائىي زۇلۇم ۋە قالاقلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئىشىغا بېرىلگەن بۇ خەلق پەرزەندى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك. مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلىدىم. ئىلىم - پەن خادىملىرى ۋە ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شائىر تەۋپىقنىڭ ئىجادىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىنى، بۇ توغرىدا زورۇر ئىزلىنىشلەر ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## تەۋپىق شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

### ئوقىدى — ئاشتى . . .

ئوقىدى - ئاشتى باشقىلار بىزدىن ئەي قەدىردانلار،
كورگەچكە ئۇلارنىڭ ئىجتىهادىنى قايىنار ۋىجدانلار.

هاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلۇرلەر باشقا مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا، ئويلا ئىممەتلەر!

ئۇگەتمەس بىزلەرگە هەق كالامىنى بىلگەن ئالىملار،
ئەخلاقنى پۇچەك پۇلغا ساتقاي بىزنىڭ زالىملار.

رىشۋە① بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى دەمسىز چاپارلەر،
بېشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ھەقتىن قاچارلەر.

ئويلاڭلار! زاكات-ئۇسقات كىملەرنىڭ ھەققى، كىملەر ئالۇرلەر؟
نى-نى خىيانەتلەر ھەيۋەت تون ئىچرە پىنھان قالۇرلەر.

مۆيەسسەر بولدىلەر باشقا ئەللەرگە ئانچە ھىكمەتلەر،
ئەملىگە قارىتا بەردى ئاللا شانۇ-شەۋكەتلەر

ئوقۇيمىز، بىلمەيمىز، لىسانۇ ئەرەپ مۇشكۇل تىلى بىزگە،
يادىگار قالغان يوق بىر نوكتە ھىكمەت ئۇلاردىن بىزگە.

قەشقەردە يېتىملەر ھامام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلەر،
تەربىيەسىز، ئوشۇق ئويناپ، نىشە تارتۇرلەر.

مەرھۇمى داموللا ئابدۇلقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناسى نىمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر.

## بىز — مۇئەللىم!

بىز — مۇئەللىم! يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپ-يورۇق نۇرلار ساچىمىز.
تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم-ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

① رىشۋە — رىشۋەت-پارا.

خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كوزلىرىمىز قارىغۇ كوپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۇلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلاتنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بىسلغان هۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايەتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلەنگەي ئىناۋەتىمىز.
مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئارتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادەتىمىز.

## ۋەتەن ئۈچۈن...

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەرمىز،
ئارزۇيىمىز راۋاجلانسا مائارىپ.
جانىنى پىدا قىلدۇق ئەزىز ئولكىگە،
بىزنىڭ يۈرەك زالىملارغا مۇخالىپ.

بولسا دەيمىز بىزدە هوقۇق، ئادالەت،
بولسا بەربات خۇراپاتلىق، جاهالەت.
شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاپ،
زاۋال تاپسۇن ناهەقچىلىق، ئىختىلاپ!

پورەكلىسۇن گۈزەل باهار گۇللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.

ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىنتىپاق،
جىلۋىلەنسۇن مەرپەتنىڭ نۇرلىرى!

## قۇتۇلۇش يولىدا

سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز،
قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز.

قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كوزۇڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئورلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكى نامىمىز.

يارۇ-ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ-شوھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلىلانىڭ جەڭلىرى ئوچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

مىللىتارىست بولدى گۇم، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز!

## مۇبارەك ۋەتەن

ئەي ئاتىلار يۇرتى مۇبارەك ۋەتەن سەن ياشارسەن،
پەرزەنتلىرىڭ باشىغا تېخى نۇرلار ساچارسەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
Altunoq

تاغلىرىلىڭ ئالتۇن-كۈمۈش، زىلال سۇلار بويلايدۇ،
دۈشمەنلىرىڭ بەك ئاچكوز تالىماقنى ئويلايدۇ.

ئوتلاقلىرىڭ ياپ-يېشىل سانسىز ماللار يايلايدۇ،
قىمىز ئۈچۈن تاغ ئەھلى يىلقىلارنى بايلايدۇ......

ۋەتەن خەلقى ئويغانغىن، ئاچ كوزۈكنى، ئولتۇرما،
بۇ جانىجان يۇرتۇڭنى غەپلەت بىلەن تولدۇرما.

ئەل-يۇرتىڭغا تەر توكمەك پەرزەنت ئىشى، بۇرچىڭدۇر،
يولغا چىققان كارۋانسەن، ئىلىم-ئىرپان يولچىڭدۇر.

## ئويغان خەلق!

ئويغان خەلق، يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراق ياققىن، نۇر تولدۇر!

پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت، دەۋرى ئىستىبدات،
شۇم تەغدىردىن، قارا كۈندىن بول ئازات!

سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش، ھىممەت قىل،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشتا خىزمەت قىل!

دەس تۇر ئەمدى، ئاتلان خىزمەت يولىغا،
ھوما قۇشى قونسۇن ئەۋلات قولىغا!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## قۇتۇلدۇق

ئۆلكىمىزدە نەلەر كەچتى ئويلايلى،
كەچمىش تارىخ دەرياسىنى بويلايلى!

مەھكۇم بولۇپ يىللار ـ ئايلار ئۆتتىلەر،
مۇستەبىتلەر بىزنى ۋەيران ئەتتىلەر.

يۇرتنى چەيلەپ خالىغانچە كەزدىلەر،
ئەلنى خارلاپ، زۇلۇم سېلىپ ئەزدىلەر.

قولىمىزغا مىلتىق ئېلىپ ئېتىلدۇق،
بىزلەر ئەمدى ئۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇق.

مەردپەتنىڭ قۇياشىغا ئۇمتۇلدۇق،
قۇتۇلدۇق بىز، قۇتۇلدۇق بىز، قۇتۇلدۇق.

ئەل ئويغاندى، بىز غەپلەتتە ياتمايمىز،
يۇرتىمىزنى ئەمدى ئەرزان ساتمايمىز.

قۇربانلارنىڭ قانلىرىنى ئاقلايمىز،
ئېيگىشلەردىن ـ بېكىشلەرگە ئاتلايمىز.

## ئۇيغۇر بالىلىرى

بىز ئۇيغۇرنىڭ بالىلىرى كۆڭلىمىز نۇرلۇق،
بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق ھايات يولىمىز ئۇلۇق.

كوپ زامانلار سەرسان بولدۇق زالىم قولىدا،
دەريا-دەريا قانلار توكتۇق ئەرك يولىدا.

بىزگە گويا دوزاخ بولدى بۇ ئانا ماكان،
ئەسىر بولدۇق، تۇتقۇن بولدۇق، هالىمىز يامان.

كۆرەش بىلەن ئۆتتى ئەسىر، شانىمىز ئۇلۇغ،
بىزگە ئەمدى ياراشمايدۇ خارلىق ۋە قۇللۇق.

## ئۇيغۇنىڭ ئەهلى ۋەتەن!

ئۇيغىنىڭ ئەهلى ۋەتەن، بىزمۇ شادان بولىنىڭ،
ئىلمۇ-ئىرپان يولى ئۈچۈن ئەمدى قۇربان بولىنىڭ!
نەچچە يىللاپ ئۇخلىدۇق، كۈندۇز ئىدى قاراڭغۇلۇق،
ئېچىلىپ ئىرپان يولى قاراڭغۇلۇق بولدى يورۇق،
تۇتىشىپ قوللارغا قول شادۇ-خەندان بولىنىڭ.
ئەي ۋەتەن ئەۋلادى ئەمدى ئۇيقۇدىن كوزۇڭنى ئاچ،
ئىلمۇ-ئىرپان نۇرى ئال، مىللىتىڭ باشىگە ساچ،
ئۆزگىدەك ئوز يۇرتىمىزغا بىزمۇ سۇلتان بولىنىڭ!

## بىز ۋەتەن ياشلىرى

بىز ۋەتەن ياشلارى بىز،
يۇرتقا قۇربان باشلارىمىز.
ساغلام كوڭۇل، ساپ ۋىجدان
بىزنىڭ يولداشلارىمىز.

چېكىندى بىزنىڭ يۇرتىمىزدىن
جاهالەت بىرلەن زۇلۇمات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېچىلدى ئەمدى كوزلىرىمىز،
خۇراپاتتىن بولدۇق ئازات.

بىز ۋەتەن ياشلارى بىز،
كۈرەش بىلەن تاپتۇق هايات.
ئەل قەلبىنى ئويغىتىمىز،
ئويغىنىشتىن كېلەر نىجات.

## ئەي ئانا يەر!

ئەي ئانا يەر، كوزلىرىڭدە ئۆتتى پارلار هەر زامان،
ئۈستىڭدىدۇر گاهى تۇتۇق، گاهى رۇشەن كوك ئاسمان.

ئوتتى تارىخ، ئوتتى يىللار، ئىستىلالار بولدى كوپ،
جەڭ ـ چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەهرىمان.

ئەي ئانا يەر، پاك، مۇقەددەس، سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سويگۇ ـ مېهرىڭ ۋە سۇتۇڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.

ئەل يوقالماي كەلدى سەندە جەڭدە كوكلەپ، بەرق ئۇرۇپ،
قايىنىغان قان، چاقنىغان تىغ بولدى دائىم يارىمىز.

## ئىرپان كۈنلىرى

تۇغدى بۇ يۇرتقا ئىرپان كۈنلىرى،
پۈتتى نادانلىق، زۇلمەت تۈنلىرى.
سايرا ۋەتەننىڭ شوخ بۇلبۇللىرى،
ئېچىلدى ساڭا ئىلىم يوللىرى.

يىمىرىلمەكتە دەۋرى ئىستىبدات،
خۇراپاتلىقتىن بولغىن سەن ئازات.
بىلگىن غەنىمەت ئالتۇن چاغلارنى،
قىل ئىرپان بىلەن يۇرتۇڭنى ئابات.

## ئەي ۋەتەن خەلقى!

ئەي ۋەتەن خەلقى، ئويغان غەپلەتتىن،
قەددىڭنى كوتەر ئەسىرى كۈلپەتتىن.
زامانىڭغا باق، ئەتراپىڭغا باق،
قالما ئارقىدا ئۆزگە مىللەتتىن!

روسۇلىمىزنىڭ سوزلىرىدۇر شۇل،
"هوۋەل جاھات مازدى" دىگەن ئىدى ئۇل.
بولما داۋاملىق خۇراپاتقا قۇل،
قەددىڭنى كوتەر جەڭگە تەييار بول!

## بورادەرلەر

بورادەرلەر، يول كورۇندى
يەنە غېرىپ باشىمە.
تاغدا تاشلار چىقتى كوكلەپ
كوزدىن ئاققان ياشىمە.
پارلاق ئۈمىت يۇلتۇزلىرى
نۇر ساچتى يولداشىمە.
قەدەم قويىدى ئىقبالىمىز
ئەۋجى ئىززەت تاغىگە.



AltunOq

يول ئېچىلدى ئەمدى بىزگە،
سائادەتنىڭ باغىگە.

## ئالتۇن ئولكە

ئولكىمىز ئالتۇن ئولكە، ئالتۇن تاغۇ ـ تاشلارى،
ئالتۇن رەڭدە چاقنايدۇ بۇغداي، قوناق ئاشلارى.

ئولكىمىز ئالتۇن ئولكە، بىز پىداكار ياشلارى،
قەدىرلەيمىز ئىرپانىنى، بىز ئىلىم يولداشلارى.

بۇ ئولكىنىڭ پەرزەندى ھەر بىرىدۇر ئارسلان،
جەڭگە تەييار ئەرك ئۈچۈن بۇندا سانسىز قەھرىمان.

ئولكىمىز ئالتۇن ئولكە، بىز ئۇنىڭ قۇربانى بىز،
بەخشەندە بولدى ئاڭا قەلبىمىز — ۋىجدانىمىز.

## قۇياش تۇققاندا

تۇغدى قۇياش، ساچتى نۇر يۇرتنىڭ تاغۇ ـ تاشىگە،
ئۇنىڭ ئىللىغى يەتتى مەزلۇم خەلق باشىگە.

قۇياش نۇرى يورۇتقان ئىنقىلاپنىڭ گۈلى بىز،
يۇرتىمىزغا سېچىلغان ئىلىم ـ ئىرپان نۇرى بىز.

يوللىرىمىز ئېچىلدى باسىمىز غالىپ قەدەم،
يورۇق كۈندىن نۇر ئېلىپ، نۇر ساچارمىز دەممۇ ـ دەم.

## باھار كەلدى

باھار كەلدى، گۈل - چېچەكلەر ئېچىلدى،
باشىمىزغا رەھمىتى ھەق سېچىلدى.

كەتتى ئەمدى زىمىستان قىش، تاڭ ئاتتى،
ئۈيقىمىزدىن خوش ئاۋازلار ئويغاتتى.

كۆن نۇرىدا پارىلدايدۇ روجەكلەر،
ھەممە يەردە ياشىندى گۈل - چېچەكلەر.

گۈل - چېچەكتىن باش كوتەردى ئوغۇزخان،
بىزنى ئالغا ئۈندەمەكتە ئۇ ھامان...

## ئىزچىلار

بىز ئىزچىلار بىز قوللىرىمىز گاڭ،
كوزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۈگەن تىرىشىپ، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن غېمىدا قاينار ۋىجدانلار.

ئۈزۈن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق،
ئالغا ئورلەيمىز ئىرپان نۇرىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆگەن تىرىشىپ، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن غېمىدا قاينار ۋىجدانلار.

ئۆسكەن يۇرتىمىز تاغلىق، شېغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىداۋۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش!

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن غېمىدا قاينار ۋىجدانلار.

## مەكتەپ ئىرۇر

مەبدەئى ھىلمۇ ھايا① مەكتەپ ئىرۇر،
مەخزەنى سىدقو ساپا② مەكتەپ ئىرۇر.
مۇزلىغان دىللارنى ھەم چۈن نەۋ باھار،
سەبزە خۇررام ئەيلىگەن مەكتەپ ئىرۇر.

توم تاراقى دۇنياۋى شەيئون ھەقىر③،
قائىدى راھى ھۇدا④ مەكتەپ ئىرۇر.
كۇللەمەن يەرجۇ كاما لەمفىل كاما،
مەسلىكۇ دارە شىپا مەكتەپ ئىرۇر⑤.

---

① مەبدەئى ھىلمۇ ھايا — مۇلايىملىق ۋە ھايانىڭ باشلىنىشى.
② مەخزەنى سىدقو ساپا — راستلىق ۋە پاكلىق خەزىنىسى.
③ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن خەۋەر بەرگۈچى.
④ قائىدى راھى ھۇدا — توغرا يولغا باشلاشنىڭ قائىدىلىرى.
⑤ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: مەسلەكلەر شىپا تاپىدىغان دوختۇرخانا مەكتەپ بولىدۇ.

## سايرام كولى

سايرام كولى ئۇزۇڭ كىچىك، دەردىڭ تولا،
داۋالغۇيسەن، ساھىللاردىن تاشالمايسەن.
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغان ئېگىز تاغلار،
ئۇمتۇلسەن، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن......

## كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ

(1935 - يىلى تەۋپىق ئاتۇشتا يولغا قويۇلغان يېڭى مائارىپنىڭ نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى باشقا جايلارغا كېڭەيتىش مەقسىدىدە 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى پەيزىۋات، توقسۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار، قەشقەر شەھرى قاتارلىق جايلارغا پىيادە ساياھەتكە ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇلار ساياھەتتىن قايتقىنىدا ئاتۇش كوچىلىرىدىن مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ ئۆتتى.)

سەپەر قىلدۇق، تاغلار ئاشتۇق،
يېڭىلىقتىن نۇرلار ساچتۇق،
خەلقىمىزگە قۇچاق ئاچتۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

بىھۇدە يولنى ماڭمىدۇق،
بىز يولدا ھەرگىز ھارمىدۇق،
ئىشسىز بىكار ھەم قالمىدۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پىيادە چوللەردىن ئۆتتۈپ،
ھەر يەردە ئەلنى ئويغۇتۇپ،
كونىلىقنى قورقۇتۇپ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

## تەنقىت

سىلەردە بار ئەجەپ بىر خىل ئەيىپلەر،
نەشە، ھاراق، ئەپيۇندەك كەيىپلەر.

ئويناپسىلەر كاغەز قىمار دېگەننى،
ئىت يەمەيدۇ سىلەر نان دەپ يېگەننى.

تەنقىت قىلدۇق، ئەخلاقىڭىز تۈزۈلۈر،
تۈزەلمىسە سىزدىن ئۈمىت ئۈزۈلۈر.

نەشە تارتىپ رەڭگىڭىزدە ھىچ قان يوق،
شۇڭا سىزدە ئادەمگە خاس ۋىجدان يوق،

توغرا مېڭىڭ، ئۈلگە ئېلىڭ بىزلەردىن،
ئەھلى ۋەتەن بىزار بولدى سىزلەردىن.

## تۈرمە خاتىرىلىرى

(1)

تاقىتىم تاق بولدى مۇندىكى خەلقنىڭ نىدايىدىن،
قۇلاقلىرىم گاس بولدى كىشەنلەر سادايىدىن.



AltunOq

ئىخ، بىچارە مەزلۇملار! گۇناھى نىمە زادى؟
بىر ماگدامچە يەر تەگمىش بۇ ۋەتەن پانايىدىن.

(2)

نەچچە يىل كەزگەن ئىدىم دىيار غۇربەتنى،
ھىچقەيەردە كورمىگەن بۇ ئۇقۇبەتنى.
ئىبلىپ باردىم ئاقارتىش قايتىپ ۋەتەنگە،
مۇكاپات ئۇچۇن ئالدىم ئازار - كۇلپەتنى.

(3)

بۇ قاراڭغۇ يىللاردا تاپالمىدىم ئادالەت،
ئادالەتكە ئىنتىلدىم، قولغا ئالدى سىياسەت.
خەلقىم ئۇچۇن ئىلىم - پەن، تەرەققىيات ئىستىدىم،
نىيىتىم ساپ، دىلىم ئاق، ئۆتكۈزمىدىم جىنايەت!

(4)

روھىم ئەجەپ قىسىلدى يالغۇزلۇقتا — تۇتقۇندا،
سائەتلىرىم ئۆتمەكتە كىشەنلىنىپ زۇلمەتتە.
يىپشىم ئوتتۇز ئالتە ياش، تاشتىنمۇ قاتتى بۇ باش،
ئادا بولار ئوخشايمەن بۇ خىل قايغۇ - ھەسرەتتە.

(5)

خۇدا بىلۇر باللىرىم قالدى دادۇ - پەرياتتا،
دىرىگىمنى ئالالماي سەرسان بولۇپ ھەرياقتا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەل خائىنى مەمتىمىن ئىچى قارا مۇناپىق،
ھوكۇمەتكە ئۇستۇمدىن خەۋەر بېرىپسەن ساختا.

(6)

بۇلبۇللار تۇتقۇن بولدى، يۇرتنى بۇلغىدى قاغا،
كىم بولسا ۋەتەنپەرۋەر بىر كۈن ئېسىلۇر دارغا.

(7)

ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۇندە مۇشتۇمدەك كىسەك خەت يېزىپ تۇگەپ كېتەر.



# ئەھمەد يۈنەكىنىڭ «ھىبەتۇلھەقايىق» داستانى

## پروفېسسور ي. ئە. بېرتىلس

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ھەبىبۇللا ئېلى**

## داستانىنىڭ تېپىلىشى ۋە نەشر قىلىنىشى

تۈرك ئالىمى نەجىپ ئاسىم بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى يىللىرى ئىستانبولدىكى مەشھۇر ئەياسوفىيە مىچىتىنىڭ كىتاپخانىسىدا ئىشلەپ تۇرغاندا، باشقا ئەسەرلەر ئارىسىدا بىر قولىيازمىنى كورۇپ قالدى. بۇ قولىيازما «موڭغۇل تىلىدىكى رىسالىلەر توپلانمىسى» ماۋزۇسى ئاستىدا، 4757 رەقەم بىلەن رويخەتكە ئېلىنغان ئىدى. قولىيازمىنى تەكشۇرۇش ۋە ئۇگىنىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭغا ناتوغرا ماۋزۇ بېرىلگەنلىكى، چۈنكى بۇ ئەسەر موڭغۇل تىلىدىكى رىسالىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ۋە شۇ دەۋرگىچە ئىلىم-پەن ئەرباپلىرىغا مەلۇم بولمىغان بىر داستان ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئەسەر ئۇيغۇر ھەرپىدە ناھايىتى ئالدىراپ يېزىلغانلىقى سەۋەپلىك ئۇنى ئوقۇپ چىقىش خېلى قىيىن ئىدى. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى ئەسلىتىشتىن بۇ ئەسەرنىڭ توڭغۇز يىلى، يەنى 884-يىل زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 17-كۈنىدە (1480-يىلنىڭ 30-يانۋارىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوچۇرۇلۇپ تامام بولغىنىنى ئىنقىلاپ ئىلىش مۇمكىن بولىدى. بۇ ئەسەرنى ئىستامبولدا قەغەزگە كوچۇرۇش ئىشىنى بېجىرگەن خەتتاتنىڭ ئېتى شەيخزادە ئابدۇررازاق باخشى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى («قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ۋىنا شەھرىدىكى نۇسخىسىنى كوچۇرگەن كىشىمۇ شۇ خەتتات بولسا كېرەك). خەتتات 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىگىدە، ئىسلام مەملىكەتلىرىدە كەمدىن-كەم كىشىلەرلا ئۇيغۇر ھەرپىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغانلىقلىرىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، ھەتتا ھەر بىر قۇرنىڭ تېگىگە شۇ سوزلەرنى ئەرەپ ھەرپىدە يازغان ۋە چۈشىنىش ئېغىر بولغان ناھايىتى كوپ سوزلەرنى پارس تىلىدا ئىپادىلىگەن ئىدى. ئەنە شۇ قوشۇمچە ئەسلەتمىلەر ئوقۇشقا ئېغىر بولغان ئۇيغۇر ھەرپلىرىنى چۈشىنىۋېلىشنى بىر مۇنچە ئوڭايلاشتۇردى ۋە نەجىپ ئاسىمغا بۇ مۇھىم يادىكارلىقنى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى 6 — 1934/1915-يىللاردىلا نەشر قىلىشقا ئىمكانىيەت بەردى.

نەجىپ ئاسىم تەرجىمە قىلغان بۇ ئەسەر كىرىش سوز بىلەن باشلىنىدۇ. كىرىش سوزدە ئەڭ ئاۋال تۇرك خەلقلىرى ئارىسىدا خەت-ساۋات قەدىم زامانلاردىلا تارقالغانلىقىنى كورسىتىپ ئوتۇلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى ياۋروپادا ئۇگىنىش تارىخى قىسقىچە ئېيتىپ ئوتۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىئراجنامە»نىڭ تارىخى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىگە تولۇق توختىلىدۇ. كىرىش سوزنى يازغان كىشى ئەياسوفىيە كىتاپخانىسىدا تېپىلغان قولىيازما ئەسەر ھەققىدە يازغىنىدا، بۇ ئەسەرنى باشلاپ كىم ياراتقىنى، ئەسەرنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ تەخمىنەن قاچان ۋۇجۇتقا كەلگىنى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلىرىنى بايان قىلغىنىدىن كېيىن، كىرىش سوزىنى بىر جەدۋەل بىلەن تۈگىتىدۇ. بۇ جەدۋەل، ئۇيغۇر ئېلىپبە-سىدىكى ئەنە شۇ ئەسەردە قوللىنىلغان ئاساسىي بەلگە (ھەرپ)

لەرنىڭ شەكلىنى سىزىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

كېيىن، داستانىنىڭ ئەرەپ ھەرپىدە بېسىلغان قىسمى بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا، ئابدۇراززاق باخشى تەرىپىدىن كوچۇرۇلگەن نۇسخىنى نەشر قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىمۇ ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ ۋە كونا ترانسكرىپسىيە (ھەرپىلەر) دە يېزىلغان نۇسخىسىغا زورۇر بولغان تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلىدۇ. ئەسەرنى نەشر قىلغان كىشى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر بىر بېيىت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئېتىمولوگىيە (سەرف) قائىدىلىرىگە تېگىشلىك ئۆزىنىڭ بىر تالاي پىكىرلىرىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ بېيىتتا تۈرك كىتاپخانىلىرى ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولمىغان سوزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشىغان سوزلەرنىڭ قىپچاق، چىغاتاي تىلى ۋە ئاناتولى تۈركلىرى شىۋىلىرىدىمۇ ئۇچرىغانلىغى توغرىسىدا مىساللار كەلتۈرۈپ ئوتىدۇ. كېيىن، بېيىتنىڭ ئاناتولى تۈركلىرى تىلىدا نەسىر بىلەن قىلىنغان تەرجىمىسى بېرىلىدۇ. بەزەن ترانسكرىپسىيەدە ئېزچىللىققا رىئايە قىلىنمىغىنىنىمۇ كورسىتىپ ئوتۇش كېرەك. شۇ بىر سوز بەزى جايلاردا ھەرخىل ئۇسۇلدا شەكىللەنگەن. سەرفى ئوخشاتمىلار كوپ جايدا ئانچە ئېشەندۈرەرلىك تەسىر قالدۇرمايدۇ. مەنىنى بۇزىدىغان بەزى مەتبەئە خاتالىرىمۇ ئەسەردىن تولۇق پايدىلىنىشنى خېلى مۇشكۇللەشتۈرىدۇ.

نەجىپ ئاسىم ئەسەرنىڭ ئاساسي تېكىستىدىن كېيىن، ئەنە شۇ قولىيازمىدىكى شېئىرلاردىن بىر قانچە پارچىلارنىمۇ كەلتۈرۈپ ئوتىدۇ. بۇ پارچىلار ئەسەرنىڭ نامى ۋە ئۇنى ياراتقان كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېنىقلاپ ئېلىشتا بىر مۇنچە ئىمكانىيەت بەردى.

كىتاپنىڭ ئاخىرىدا ئەسەر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى (سەرفى) توغرىسىدا قىسقىچە ماقالا ۋە ھازىرقى زامان تۈرك كىتاپخانىلىرىغا



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشىنىشلىك بولمىغان سوزلەرنىڭ لۇغىتى بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر
ھەرپىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى بېسىپ چىقىرىش ناھايىتى قىيىن
ۋە مۇشەققەتلىك مېھنەتتۇر. كىتاپتا مەۋجۇت بولغان بەزى كەمـ
چىلىكلەرگە قارىماستىن، ئاپتور (كىتاپ ئىگىسى) بۇ ئەسەرنى
بېسىپ چىقىرىش بىلەن پەنگە ناھايىتى زور خىزمەت كورـ
سەتكىنىنى، شۇنىڭ بىلەن، تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل
بولغۇچى ئالىملارغا بۇ يادىكارلىقنى ئۈگىنىشكە ئىمكانىيەت بەرـ
گىنىنى كورسىتىپ ئوتۇش كېرەك. پەقەت بىر نەرسە توغرىسىدا
ئەپسۇسلىنىشقا توغرا كېلىدۇكى، كىتاپتا قوليازمىنىڭ فوتو سۈرىتى
بېرىلمەپتۇ. بۇ ئىشمۇ قىلىنغاندا، ئەسەر ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر
ئىش ئېلىپ بېرىشنى، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئۈگىنىشنى
خېلىلا ئاسانلاشتۇرغان بولار ئىدى.

داستاننىڭ ئىگىسى كىم، ئۇ داستان قاچان ۋە قەيەرـ
دە يارىتىلغان؟

داستاننىڭ ئوزىدىن، پەقەت ئۇنى ئىجات قىلغان كىشىنىڭ
نامىنىلا بىلىپ ئېلىش مۇمكىن. داستان ئىگىسى ئەسەرنىڭ ئاخىرقى
قىسمىدا ئوزى توغرىسىدا شۇنداق ئىزاھات بېرىپ ئوتىدۇ:

ئەدىپ ئەھمەد ئېتىم ئەدىپ پەند سوزۇم،
سوزۇم مۇندا قالۇر، بارۇر بۇ ئوزۇم.

ئەسەردە داستاننىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە
يېزىلغانلىقى زادىلا كورسىتىلمەيدۇ. داستاننىڭ «دادسىپەھسەلەربىكـ
كە مەدھىيە» دەپ ئاتالغان ئۈچىنچى بابىدا ھاكىمنىڭ ئېتى
كورسىتىلگەن بولسىمۇ (بۇ مەدھىيە شۇ ھاكىمغا بېغىشلانغان) —
بۇ ھاكىمنىڭ ئېتى زىكىر ئېتىلىشى تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ
بارغۇچىغا ياردەم كورسىتەلمەيدۇ. چۈنكى شەجەرىدىن تەكشۈرۈپ
كورگەندە بۇنداق ناملىق ھاكىمنىڭ دۇنيادا ئوتكەنلىكى ئېنىقلانـ

مىدى. مەزكۇر قولليازمىدا بىرقانچە ناھايىتى مۇھىم ئەسلەتمىلەر بولمىغاندا ئىدى، بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاپ ئېلىش ناھايىتى قىيىن بولاتتى. خەتتات تەرىپىدىن "دانا پىكىر ۋە مەسلىھەتلەر ساھىبى ئۇلۇغ ئەمىر ئارسلان خوجا تارخانىنىڭ خوجىنى مەدھىيىلەپ ئېيتقانلىرىدىن" دەپ ئاتالغان بىر ئەسلەتمە بولۇپمۇ مۇھىمدۇر. بۇ ئەسلەتمىدە تۆۋەندىكىلەر ئېيتىلىدۇ:

ئەدىبىنىڭ يېرى ئاتى يۈنەك ئىرۇر،
سافالىق ئەجەپ يەر كوكۈللەر بىرۇر.
ئاتاسى ئاتى ماھمۇد يۈنەكى
ئەدىپ ئەھمەد ئوغلى، يوق ئۇل ھىچ شەككى.
كىتاپىنىڭ ئاتى ئىرۇر ھىبەت — ئۇل
ھەقايىق — ئىبارەت ئەرەپتىن ئوشۇل.
تامامى ئىرۇر قەشغارى تىل بىلە،
ئېيتمىش ئەدىپ رىققاقى دىل بىلە.
ئەگەر بىلسە قەشغار تىلىنى ھەركىشى،
بىلۇر ئۇل ئەدىبىنىڭ نى كىم ئەيمىشى.
كىشى تىلىنى بىلسە، بىلۇر مەنىسىن،
بىلۇرمەن دىسە، ئەيپ ئۆزى بىلمىسۇن.

بىز يۇقۇرىدىكى قۇرلاردىن — ئەسەرنىڭ ئىگىسى ئەھمەد مەھمۇد ئوغلى ئىكەنلىكىنى، يۈنەك دىگەن يەردە (فەرغانىدە) ياشىغانلىقىنى، داستان ئەرەپچە «ھىبەتولھەقايىق» ("ھەقىقەتلەر سوۋغىسى") دەپ ئاتالغىنىنىمۇ بىلىپ ئالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئارسلان خوجا بۇ داستاننىڭ قەشقەر تىلىدا يېزىلغانلىقىنىمۇ كورستىپ ئوتىدۇ.

يەنە بىر ئەسلەتمە "ئۇنىڭ ئەمىر سەيفۇدىننى مەدھىيىلەپ ئېيتقانلىرىدىن" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەسلەتمىدە بىز تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيمىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەدىپلەر ئەدىبى فازىللەر بېشى
گۆھەردىن سوز ئەيمىش، ئىتىن سوز بېشى.
ئۇغان رەھمەت ئەتسۇن بۇ سائەت ئاڭا،
يەردىن قوپسا بولسۇن يارانلار بېشى.

نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇچىنچى بىر ئەسلەتمىدە تۆۋەندىكىلەر ئېيتىلىدۇ:

تۇغا كورمەس ئىردى ئەدىپنىڭ كوزى،
تۇزەتتى بۇ ئۇن تورت باپ ئىچرە سوزى.

يۇقۇرىدىكى قۇرلاردىن داستاننىڭ 14 باپتىن ئىبارەتلىگىنى ۋە ئۇنى ئىجات قىلغان كىشى ئانىدىن قارغۇ بولۇپ تۇغۇلغىنىنى بايقاپ ئالىمىز.

بۇ ئەسلەتمىلەر ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، مەزكۇر ئەسلەتمىلەردە ئەڭ مۇھىم نەرسە، يەنى ئەسەرنىڭ قاچان ئىجات ئېتىلگىنى توغرىلىق ئېنىق بىر مەلۇمات بېرىلمەيدۇ. پەقەت ئارسلان خوجىنىڭ 15 - ئەسىردە ياشىغان تېمۇرلارغا مەنسۇپ چوڭ مەنسەپدارلاردىن بىرى ئىكەنلىگىنى ئېنىقلاپ ئېلىشقا تىرىشتۇق. بىراق بۇ ھال داستاننىڭ قاچان ۋۇجۇتقا كەلگەنلىگىنى مۇئەييەن بىلىپ ئېلىشقا مۇتلەق يول ئېچىپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى 15 - ئەسىردە ياشىغان ئەدىبىيات ھەۋەسكارلىرى ئارىسىدا داستان ئىگىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغىنىنىلا ئىسپات قىلىدۇ، خالاس. داستاننىڭ قاچان يارىتىلغانلىغىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول، شۇ دادسىپەھسەلەرىسىنىڭ كىملىگىنى بىلىپ ئېلىشتۇر. نەجىپ ئاسىم — خارەزملىك مەشھۇر مۇنشى ۋە شائىر رەشىدەددىن ۋەت - ۋەتنىڭ «جەۋاھىرۇل-

كەلايىد ۋە زەۋالىدۇلفەرائىد» دىگەن كىتاۋىدا (بۇ كىتاپتا ئالاقە قەغەزلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ) — "تۇرانىنىڭ شان - شوھرىتى" بولغان ئەمىر سىپەھسالەر — تۇرغۇل قىلىچ سىپەھسالەر بىكنىڭ نامى بىر يەردە ئېيتىلغىنىنى تېپىپ ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. بىراق، خۇددى ئەنە شۇ كىشى ئەدىپ ئەھمەدنىڭ ھامىسى بولغان دەپ ئېنىق ئېيتىش قىيىن. نەجىپ ئاسىم — دادسىپەھسالەر يۈنەكنىڭ ھاكىمى بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئۆزى ئىلىك خانلار ئۇرۇغىدىن بولسا كېرەك، دەپ مۆلچەرلەيدۇ. ئىلىك خانلار تارىخى ھازىرغىچە كەم ئۆگىنىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىر ۋە مەنسەپدارلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ قولغا كىرگۈزۈلگەن ئەمەس. داستاننىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ھېچقانداق تارىخى كۆرسىتىلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن داستاننىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا قاراپ ئۇنىڭ قاچان يارىتىلغانلىقىنى پەقەت تەخمىنەنلا بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. داستاننىڭ تىلىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىلىغا خېلى يېقىن تۇرغىنىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىن تالاي سۆزلەرنىڭ كىرىتىلىشى، قەدىمدىن ئىشلىتىلىپ كېلىدىغان شەكىللەرنىڭ قوللىنىلماسلىقى ۋە داستان تىلىنىڭ چىغاتاي تىلىغا خېلى يېقىن بولۇشى — بۇ داستان «قۇتادغۇبىلىك» تىن كېيىنرەك ياكى پارس تىلىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك بولغان بىر يەردە يېزىلغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. خۇددى شۇ ۋاقىتتا، داستاندا موڭغۇللار ھەققىدە ھېچقانداق گەپ بولمىغانلىقى سەۋەپلىك، داستان ھەر ھالدا 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىگىدىن كېيىنرەك ۋە 13 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىگىدىن ئىلگىرىرەك يېزىلغان بولسا كېرەك، دىگەن نەتىجىگە كېلىش مۇمكىن. داستاننىڭ قاچان يېزىلىش تارىخىنى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ بەلگىلەش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ساقلىنىشى

# مەزمۇنى ۋە شەكلى

ئەدىپ ئەھمەدنىڭ مانا شۇ تېپىلغان داستانى 235 بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بېيىتلار ھەرخىل ھەجىمدىكى 11 باپقا بۆلۈنىدۇ. بىز يۇقۇرىدا، شېئىر بىلەن يېزىلغان ئەسلەتمىلەرنىڭ بىرىدە داستان 14 باپتىن ئىبارەت ئىكەنلىگى ھەققىدە سۆزلەنگىنىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەنە شۇنىڭ ئۆزىدىن داستاننىڭ تېپىلغان نۇسخىسىدا كەمچىلىك بار، يەنى ئۇنىڭدا ئۈچ باپ يېتىشمەيدۇ، دەپ ئويلاش ئۈچۈن ئاساس تۇغۇلىدۇ. بىراق نەجىپ ئاسىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، داستاننىڭ بەزى بىر ۋاراقلىرى يوقالغان، دەپ ئويلاشقا يول قويىدىغان ھېچقانداق بەلگىلەرمۇ يوق. ئەكسىچە، ھەر بىر ۋاراقنىڭ "ھاپىز" دەپ ئاتىلىدىغان بەلگىلىرى ھەممە ۋاراقلارنىڭ تولۇق ساقلىنىپ قالغىنىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئېھتىمال يا ئابدۇررازاق باخشى قولىيازمىنى قىسقارتىلغان نۇسخىدىن كۆچۈرگەن، يا بولمىسا داستاننىڭ كىچىگرەك بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت يەنە باشقا بىر نۇسخىسى بولسا كېرەك.

داستان ئادەتتىكىچە خۇدانى ماختاش بىلەن باشلىنىدۇ. داستاننىڭ باش قىسمىدىلا بېرىلگەن بېيىتلار، قۇرئاندىكى ئايرىم سۈرىلەر، ئەرەپ ماقاللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ بېيىتلاردىن كېيىنلا بۇ سۈرە، ھەدىس ۋە ماقاللارنىڭ ئەرەپچىسىمۇ كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، 4 - بېيىتتا بۇنداق دېيىلىدۇ:

سىنىڭ باغلىرىڭغا دىلىل ئاقارغان
بولۇر بىرسىنىڭ ئىچرە دىلىللار ماڭا.



AltunOq

فافى كۇللى شىيىن لاھۇ ئايەتۇن
تەدوللوغ ئەلا ئەنەھو ۋاھىدۇن.

ئىككىنچى باپتا (11 — 19) پەيغەمبەر ۋە چاھارىيار خەلىپىلىرى مەدھىيىلىنىدۇكى، بۇ نەرسە داستان ئىگىسىنىڭ سۇننى مەزھىبىگە مەنسۇپلۇغىنى كورسىتىدۇ.

ئۇچىنچى باپ (20 - 33) داستانىنىڭ يۇقۇرىدا مەزكور دادىسىپەھسەلەربىككە بېغىشلانغىنىنى بىلدۇرىدۇ. شائىر دادسىپەھسەلەر بىكنى بىر نەچچە قېتىم "شاھىم" دەپ ئۇلۇغلايدۇ. شۇنىڭ ئۇزىدىن بۇ كىشىنىڭ شائىر ياشىغان يۇرتتا چوڭ مەنسەپكە ئىگە ئىكەنلىگى توغرىسىدا مەلۇم نەتىجە چىقىرىش مۇمكىن. شائىر ئۇنىڭ ئىنئام-ئېھسانلىرىنى، سەخىيلىگىنى ماختاپ، بۇنداق دىگەن (22):

ئوگە بىلمەس ئەرگە ئوگە ئورگەتور
ئانىڭ بىرى جۇدى بەدى ئېھسانى.

شائىر ئۇنىڭ ئوز قاتارلىرىغا غەمخورلۇق قىلغىنى توغرىسىدا سوزلەپ، داستانىنىڭ بۇ بابىدا، بۇلۇتلاردىن كول ۋە دەريالارغا تامچىلار سوۋغا قىلىدىغان دېڭىز بىلەن ئوز ئەمرىنى سېلىشتۇرىدۇ (32 — 33).

ئەدىپ ئەھمەدنىڭ بۇ مەدھىيىلىرىدىن دادسىپەھسەلەر ئاجايىپ ياخشى كىشى بولغان ئىكەن دىگەن نەتىجىنى چىقىرىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. سەخىيلىكنى ماختاش — شۇ دەۋردىكى شائىرلار ئۇچۇن ئاددى ئۇسۇللاردىن بىرى ئىدى. بۇ ماختاشلار شائىرنىڭ شۇ يول بىلەن مەنسەپدارغا تەسىر قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قىممەت باھا سوۋغىلارنى تولاراق ئېلىش نىيىتىدە ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تـوتىنچى باپتا (34 — 59) كىتاپنى يېزىش سەۋەپلىرى ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. ئەسەر ئىگىسى ئىجات قىلغان كىتاپ ئارقىـ لىق ئۆز ھامىيسىنىڭ نامىنى ساقلاپ قېلىشنى خالىغان ئىدى. ئۇ ئۆز ئەمرىگە سادىقلىغىنى ئىسپات قىلىش ئـۈچـۈن، بۇ كىتاپنى "ئۆز ئەمىرىنىڭ ئەبەدى يادىكارلىغى" سۈپىتىدە ئىجات ئەتكىنى ھەققىدە سۆزلەيدۇ (39):

بىلىك ئەتتىم ئانى شاھىمگە مەنۇك،
ھاۋادارلىغىمنى تۇكەل بىلسۇ تىپ.

بەشىنچى بولۇمدىن ئەسلى داستانىنىڭ ئۆزى باشلىنىپ، ئۇ نەۋە دەپ ئاتالغان تۆت بولۇمگە ئاجرىتىلىدۇ. بۇ نەۋھەلەرنىڭ بىرىنچىسى (— 4062) بىلىمنى مەدھىيىلەش ۋە نادانلىقنى قاـ رىلاشقا بېغىشلانغان.

بىلىمگە ئىگە بولغان كىشىلا تولا باھالىقتۇر:

باھالىق دىنار ئۇل بىلىكلىك كىشى،
بۇ جاھىل بىلىكسىز باھاسىز بىشى.
بىلىكلىك بىلىكسىز قاچان تەڭ بولۇر؟
بىلىكلىك چىشى — ئەر، جاھىل ئەر — چىشى.
سۆڭەككە يىلىك تىك ئىرەنگە بىلىك،
ئىرەن كوركى ئەقىل ئۇل، سۆڭەكنىڭ يىلىك.
بىلىكسىز ـ يىلىكسىز سۆڭەك تىك خالى،
يىلىكسىز سۆڭەككە سۇنالماس ئىلىك.
بىلىك بىلدى بولدى ئىرەن بىلگۈلۈك،
بىلىكسىز تىرىكلا يىتىك گوركۇلۇك.
بىلىكلىك ئەر ئۇلدى، ئېتى ئۇلمىدى،
بىلىكسىز ئېسەن ئىركەك ئېتى ئۇلۇك.

بۇ باپ بىلىمنىڭ ۋە خۇسۇسەن كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن تامام بولىدۇ.

ئالتىنچى بولۇم — يەنى ئىككىنچى نەۋھ (63 — 86) سۇ-كۇت قىلىش (جىم تۇرۇش) نىڭ ئەۋزەللىگى ۋە ئۇشۇقچە مەمەدانىلىقنىڭ زەررىرى توغرىسىدا سوزلەيدۇ. چىشنى چىشقا قويۇپ سەۋرى قىلىش، "تىلنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىپ قويۇش" — مەرىپەتنىڭ ئاساسىدۇر، دىدى شائىر. تىل بەزەن ھەرقانداق قورالدىنمۇ قاتتىقراق يارىدار قىلىشى مۇمكىن (68).

ئۇچوكتۇرمە ئىرەن تىلىن، بىل، بۇ تىل
باشاقتۇرسا، بۇتمەس، بۇتار ئۇوق بىشى.

بىر ئادەمدە ئىككى خۇسۇسىيەت بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ قالسا، شۇ ھالەت ئۇنىڭغا ھەرقانداق كۆلپەتلەر كەلتۈرىدۇ (75 — 76):

ئىككىنىڭ بىرىكسە بىر ئەردە كەلى
بۇ كەندى ئۇل ئەرگە مۇرۇۋەت يولى:
بىر ئۇل يەگىشىر ئىرسە كىرەكسىز سوزىن،
ئىككىنچى يالغان ئىرسە ئۇل ئەرنىڭ تىلى.

شائىر ئەنە شۇ قۇرلاردىن كىيىن راستچىللىق، ھەققەتچىللىكنى مەدھىيىلەشكە كۆچىدۇ. بۇ باپنى سىر ساقلاش ۋە بۇ سىرنى ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستىغىمۇ ئېيتماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش بىلەن تۈگىتىدۇ.

يەتتىنچى بولۇم ياكى ئۈچىنچى نەۋھ (87 — 110) يېقىن شەرقتە ئەڭ موتىۋەر ھىساپلانغان ماۋزۇغا، يەنى دۇنيانىڭ پانىلىغى توغرىسىدىكى ماۋزۇغا بېغىشلانغان. بۇ بولۇم ئۇ-

دەۋردىكى ئەدىبىياتتا كەڭ قوللىنىلىپ كەلگىنىچە، دۇنيانى كارۋان سارايغا ئوخشىتىش بىلەن باشلىنىدۇ. كارۋان بۇ يەردە ۋاقتىنچىلا توختىلىپ، يەنە يول باسىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەردىكى لەززەتلەرگە ئېرىشىش، شۇ تۈپەيلى ئازاپ ـ مۇشەققەت چېكىش ئەرزىمەيدۇ؛ ”ياخشىلىق ئۇرۇقىنى سېپىش“ ئۈچۈن، يەنى ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇنيادا ياشىماق كېرەك؛ بايلىق ۋە كەمبەغەللىك بولسا — نىسبەتلىك چۈشەنچىدۇر، دىگەن نەتىجىگە كېلىنىدۇ. دۇنيادا ياشىغۇچى ھەممە نەرسىنىڭ پانىلىغى ھەققىدىكى غوسسىلىق پىكىرلەر تۆۋەندىكى قۇرلاردا بايان قىلىنغان:

باقاسىز ئىرۇر بۇ ئاجۇن لەززىتى،
كىچەر ئەل كىچەر تىك مەززە مۇددىتى.
يىگىت قوجا بولۇر، يىگى ئەسكىرور،
قاۋۇل ئىرسە قامالور قاچار قۇۋۋىتى...
قامۇغ تولغان ئاسىلور، تۈكەل ئەكسىلور
قامۇغ ئابادانىنىڭ خاراپ ئۇل سوڭى.
نەچچە يەر بارئىردى، سىغىشماس ئەردى،
ئەرى باردى، قالدى قۇرۇغ تىك يىرى.
نەچچە دانا ئىردى، نەچچە پەيلاسوف،
قېنى بۇكۈن ئانلار مىنىڭدەك بارى.

⁂

سۈچۈك تاتتىڭ ئىرسە ئاچچىققا ئۇنۇن
بىردىن قىلسا راھەت، قىلۇر رەنج ئۇنۇن.
ئايا رەنج — قىتىقسىز سۇرۇر ئۇمغوجو
بۇ ئاجۇن قاچان ئۇل ئۇ مۇنچقا ئورن؟

يىلان تىك بۇ ئاجون، يىلان ئۇقلاغو،
يۇقاماقلا يۇمشاق، ئىچى بور ئاغو.
نىقاپ كوتەرور ئاجون، بىرەر يۈز ئاچار،
يازار قول قۇچار — تىك پەنە تەرك قاچار.
يازىڭى بۇلۇت تىك يا تۇش تىك خالى،
دىرەكسىز كىچەر بەخت يا قۇش تىك ئۇچار.

سەككىزىنچى بولۇم ياكى توتىنچى نەۋھ (111 — 157) سىخىلىكنىڭ ئەۋزەللىگى ۋە بىخىللىقنىڭ سەتلىگى ھەققىدىكى موھتەبەر ماۋزۇنى يورۇتىدۇ. ئادەمىزاتنىڭ مەدھىيىلەش زورۇر بولغان خىسلەتلىرى بولسا، ئۇمۇ سىخىلىق ۋە ئالىجاناپلىق خىسلەتلىرىدۇر. مەدھىيىلەش بولسا كىشىنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرىدۇ (118 — 120):

تىرىكدى ئولەم سوز ئولمەي بولىپ،
ئاجوندا ئات ئادگو كۆتوپ باردى، كور.
بەخىل يىغدى زەر-سىم ھارامدىن ئوكوش.
ۋابال كوترو، باردى، ئۇزالا سوكوش.
ئولۇش بولدى مالى كىشلەر ئارا،
بەخىل ئالدى ئانىن سوكونچتىن ئولۇش.

※

ئىلىكلەردە قۇتلۇغ بىرىكلى ئىدىك،
ئىلىپ بەرمىگەن ئەل ئىلىك قۇتسىزى.

باشقىلارغا سوۋغا قىلالايدىغان كىشىلا ھەقىقى خوشاللىق ھىسسىگە مالىكتۇر. بىخىل (خەسىس) بولسا، پەقەت مال-مۈلۈكنىڭ قورۇقچىسى بولۇپ، بۇ مال-مۈلۈك بەرىبىر ئوزگە كىشىلەرگە قېلىپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەھمەد


AltunOq

تەكەببۇر بولماسلىق ھەققىدىمۇ نەسىھەت قىلىدۇ. چۈنكى تەكەببۇرلۇق، ئادەملەرنى باشقىلاردىن چەتلىتىدىغان يامان خۇسۇسىيەتتۇر. ئۇزىنى تىنچ تۇتۇش (مومىنلىك) كىشىنى يۈكسەلدۈرىدۇ، ماختانچاقلىق بولسا پەسەيتۈرىدۇ. ھەممە كىشىلەر بارائۇەردۇر (143).

## ئاتا بىر، ئانا بىر — بۇخەلق

ئەدىب ئەھمەدنىڭ يەنە بىر نەسىھىتى: دۇنيادا ئۇزاق ئۆمۈر سۈرۈشكە — دۇنيا لەززەتلىرىدىن ئۇزاق ۋاقىت پايدىلىنىشقا ئۈمىت باغلىماسلىق توغرىسىدادۇر. ئېھتىمالكى، ئۆلۈم دەرۋازا ئالدىدا ماراپ تۇرىدىغاندۇر. بۇ دائىم ئەستە تۇتۇلسا، ئەڭ يامان سۈپەت بولغان تاماگەرلىك، ئاچكۆزلۈك ئۆزئۆزىدىن چۈشۈپ قالىدۇ (150 — 151):

خەسىس تويماس ئاچون نىڭنى تىرىپ،
خەسىسلىك قىرىماس، ئىدىسى قىرىپ.
خەسىسلىكنى قويۇر خەسىس ھەر قاچان:
ئۆلۈپ ياتسا تۈپراق ئىچرە كىرىپ.

بېخىل ئادەمگە بىر دىنار ھىساۋىغا ئىككى قۇلنى ساتقاندىمۇ، ئۇ خۇددى ئەنە شۇ دىنارغا ئۇن قۇل سېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەن ھىكمەتلىك سوزمۇ كەلتۈرۈلۈپ ئوتۇلىدۇ.

توققۇزىنچى بولۇم (158 — 174) ئاخىرقى نەۋ دەپ ئاتالغان ۋە (ئېھتىمال خەتتاتنىڭ ئېتىبارسىزلىغى سەۋەپلىك) بۇنەۋھىنىڭ تەرتىپ رەقىمى كورسىتىلمىگەن. بۇ بولۇم «ياخشى ئەخلاق ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ئىنتىلىش زورۇرلۇگى ھەققىدە»

دەپ ئاتالغان. بۇ باپمۇ سىخى ۋە ئالىجاناپ بولۇشقا چاقىرىق بىلەن باشلىنىدۇ (159):

يىمىشسىز ياغاچ تىك كەرەمسىز كىشى،
يىمىشسىز ياغاچنى كېسىپ ئورتەگىل.

قۇرئاندىكى "قان ئۇچۇن قان" ئاساسىغا تامامەن قارىمۇ-قارشى ۋە ئىنجىل ئۇچۇن خاراكتېرلىق بولغان ئاساسنىڭ 161-بېيىتتا تەلقىن قىلىنىشى دىققەتنى تارتىپ تۇرىدۇ:

جاپا قىلدا جىڭغا يەنۇت قىل ۋاپا،
ئارىماس نەچچە يۇۋسا قان بىرلە قان.

يېقىن قېرىنداشلىرىڭغا نىسبەتەن قاتتىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئەمەس، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مۇمكىنقەدەر كېچىرىش زورۇر. غەزەپ ئوتى كۆچىيىپ كەتكەندە، ئۇنى سەۋىر-سۈكۈت سۈيى بىلەن ئۇچۇرۇش كېرەك.

"ئۇلۇغلار"غا نىسبەتەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە (169-170) تۇۋەندىكى مەسلىھەت بېرىلىدۇ:

ئاسىقسىز جىدەل ھەم مىزاقتىن ساقىن،
ئۇلۇغلارنى بۇشرۇپ ساڭا بۇ مىزاغ،
كىچىكلەرنى گۇستاخ قىلۇر بىل يېقىن.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەر ئىگىسى، مەنسەپدارلاردىن ياخشىلىق ۋە سىلىق مۇئامىلە كۈتۈش مۇمكىن ئەمەسلىگى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، چوڭ مەنسەپدارلارنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈشتىن ئېھتىيات بولۇش كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەت چەكسىز چوڭ بولۇپ، چاخچاقچى سەللا چاخچىقى ئۈچۈن ئۆز بېشىدىن ئاير-رىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

سەۋىر قىلىش خىسلىتىمۇ ماختىلىدۇ: ھېچقاچان ئۈمىتسىز-لىككە بېرىلمەسلىك كېرەك، چۈنكى ھەممە نەرسە — ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. شائىر يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىش-كەندىن كېيىن، ماختانچاقلىقتا بېرىلمەسلىك ۋە دائىم زېرەك بولۇش توغرىسىدا چىرايلىق نەسىھەت قىلىدۇ (178):

ئۇلۇغلۇقتا تەگسەڭ يېڭىلما ئۆزۈڭ،
قەلى قىيساڭ ئەتلەس، ئۇنۇتما بوزۇڭ.

ئونىنچى بولۇم (175 — 226)، يەنە تەرتىپ رەقەمى كورسىتىلمىگەن نەۋھە — ھەر خىل ماۋزۇلارغا بېغىشلانغان باپ دەپ ئاتالغان. بۇ باپ ھوۋلۇقماستىن ئويلاپ سوزلەش زورۇرلۇگى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىش بىلەن باشلىنىدۇ. شائىر-نىڭ پىكرىچە، ئۆزەڭگە باشقىلارنى دۈشمەن قىلماسلىق ئۈچۈن ئىنتىلىش كېرەك، چۈنكى مىڭ دوستتىن كورە بىر دۈشمەن ئارتۇغراقتۇر. ھەرقانداق خاتانى قاتتىق قارىلىماسلىق كېرەك، چۈنكى دانا ئادەممۇ خاتا قىلىپ قويىمىغى مۇمكىندۇر ۋە (177):

بۇ بىر ئەيىپتىن ئوترۇ باشىن كەسكۈچى،
ئاجوندا تىرىلگۇ كىشىسىز قالۇر.

ياخشى ئىش قىلغاندىلا ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشنى

ئۇمىست قىلسا بولىدۇ، چۈنكى تىكەنلىك ئوسۇملۈك تېرىپ، ئۈزۈم ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، شائىر دۇنيادا ھازىر بۇنداق ياخشى ئىشلارنى تېپىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردا ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ:

مەجاز بولدى دوستلۇق، ھەقىقەت قېنى؟
مىڭ ئەردوستتا بىرى بولۇنماس كۆنى!
ئوكوشراق كىشىنىڭ ئىچى غودۇر ئىرۇر،
كۆنى دوستۇڭ ئىرسە تاشى بىل مۇنى.
بۇ كۆن بۇ ئاجۇندا كىشىلىك ئەزىز!
قېنى، قانچە باردى كىشىلىك ئىسىز!

شائىرنىڭ پىكرىچە، ياخشىلىق ۋە ساداقەت ئورنىغا ئالەمدە ماختانچاقلىق، جەۋر-زۇلۇم، رەھىمسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ئېشىپ-تېشىۋاتىدۇ. ھەتتا دىيانەت ئىگىلىرى ئوتتۇردىن يۇمۇ ئەمدى سەممىلىك قالمىغان (194-195):

غەرىپ ئىردى ئىسلام، غەرىپ بولدى باز،
ئىبادەت رىيا بولدى، ئابىد ماجاز.
ھەرەبات ئورامى بولۇپ ئابادان،
خەراپ بولدى مەسجىد، پۈتۈن بىناماز.

ئەسەر ئىگىسى ھەقىقەتتىن دىيانەتلىك بولۇش يولىدا تۇرغانلىقى 10-، 11-ئەسىرلەردە ياشىغان دىن ئالىملىرى ئويلىغاندەك، ئىسلام دىنىنىڭ يەنە تىكلىنىشى ھەققىدە ئويلىغانلىقى كورۇنۇپ تۇرىدۇ. كوپ ئادەملەر زاماننى ئەيىپلەۋاتىدۇ، بىراق زامان ئەيىپلىك ئەمەس، بەلكى زامانىمىزنىڭ ئادەملىرى ئەيىپلىكتۇر. شۇڭا ئۇچۇن ئەنە شۇ ئەيىپدارلارنى قارىلىماق

كېرەك، دېدى ئۇ. ھازىرقى زامان كىشىلىرى، — دېدى شائىر، — ھالالنى ھارامدىنمۇ ئاجرىتالمايدۇ. ھالال مېھنەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر زادىلا قالمىدى. كىشىلەر پەقەت بايلىق ئالدىدىلا باش ئېگىدۇ (206-207):

بۇ دۇن ماللىق ئەلگە ئۇرۇپ يۈزلىرىن،
تۈزۈ قۇل قىلورلار ئازاد ئۇزلەرىن.
كىم ئۇل مالسىز ئىرسە، ئۇل ئىرنى كورۇپ،
يۈز ئورۇپ قاچارلار يۇمۇپ كوزلىرىن.

بىراق، بۇ بايلىقلار بۇگۈن غەنىمەت بولسا، قىيامەتتە ئېغىر يۈكتۇر. بەربىر، دېدى شائىر، بىر كۈن كېلىپ سەن ئۆلۈپ كېتىسەن، بايلىقىڭ دۈشمەنلىرىڭگە قالىدۇ. ئۆزۈڭنىڭ نەسىۋەڭ بولسا — چىرىپ كېتىدىغان سېرىق بوزدۇر. بۇ دۇنيادا خوشال - خورام ھايات كەمدۇر. ھەسەل بولغان جايدا ھەسەل ھەرىسىمۇ بولىدۇ، ھەسەل ئالدىكەنسەن، ھەسەل ھەرىسىنىڭ زەھەرىنىمۇ تېتىپ كورۇشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ دۇنيادا ماھارىتىڭ، بىلىمىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — ناھايىتى كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان نەرسىدۇر. بىراق، ئەسەر ئېگىسى بىردىنلا، دۇنيانى شۇنچىلىك قارىلاش ئەرزىمدۇ؟ چۈنكى ھەممە نەرسە ئادەمزاتنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن ۋە ھەممە نەرسە خۇدانىڭ ئىختىيارىدادۇر، دىگەن نەتىجىگە كېلىپ قالىدۇ ۋە ھەر ھالدا زارلىنىش - رەنجىش كېرەك ئەمەسلىگىنى توۋەندىكى قۇرلاردا چۈشەندۈرۈپ ئوتىدۇ (226):

ساڭا رەنج، ئاڭا گەنج بىرىكلى ئۇغان،
جازاھ قىلما، يارەنج ئىدىسى تۇرۇپ.



www.uyghurkitap.com
Altun Oq

ئەڭ ئاخىرقى ئون بىرىنچى بولۇم (227 — 235) "كىتاپىنىڭ تامام بولۇشى بىلەن ئەپۇ سوراش" دەپ ئىپىتىلىدۇ. بۇ باپتا، بولۇپمۇ تۆۋەندىكى قۇرلار دىققەتنى جەلپ ئېتىدۇ:

ئەدىپ ئەھمەد ئەيتتىم ئەدىپ پەند سوزۇم،
سوزۇم مۇندا قالۇر، بارور بۇ ئۆزۇم.
كىلور كۆچ، كېچەر ياز، بارور بۇ ئۆمۆر،
تۆكەتتى ئۆمۆرنى بۇ يازىم، كوزۇم.
ئانىن ئۆش چىقاردىم بۇ تۆركچە كىتاب،
كېرەك قىلتىپ ئەي دوست، كېرەك قىل ئىتاب.
بىيىتتىم بۇ تاڭسوق تۆراف سوزلەرىن،
قەلى بارسا ئۆزوم، ئاتىم قالسا تىپ.

× ×

## ۋەزىن ۋە قاپىيە

ئەدىپ ئەھمەد ۋەزىن مەسىلىسىدە، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۈسۈپ خاس هاجىپ تەرىپىدىن قوللىنىلغان ئۇسۇلنى داۋام ئەتتۈردۇ. «ھىبەتۇلھەقايىق»مۇ مۇتەقارىپ ۋەزنىدىكى ئارۇز ئۇسۇلىدا يېزىلغان. شائىر ئۇزۇن ۋە كالتە ئۈنلۈك ھەرپلەرگە ئىگە بولغان سوزلەرنى كۈۋانتاتۇ ۋەزنى ئەتراپىدا قوللىنىش ۋەزىپىسىنى ئومۇمەن تۈزۈك ھوددىلىگەن. ئۇنىڭ تەرىپىدىن قوللىنىلغان ئاساسى ئۇسۇل — ئۇزۇن بوغۇملاردىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. ئەرەپ، پارسي سوزلەرنى تولا ئىشلىتىش يولى بىلەن، بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىش مۇمكىنلىگىنى تىمورىلەر دەۋرىدە ياشىغان سوز سەنئەتكارلىرى ماھارەت

بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىشتى. بىراق، ئەدىپ ئەھمەد «قوتادغۇ-بىلىك» ئەسەرىگە نىسبەتەن ئەرەپ، پارسىي سۆزلىرىنى خېلى كۆپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بۇ سۆزلەر 15-ئەسىردە يارىتىلغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا ناھايىتى كەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسىدە ناھايىتى چوڭ قىيىن-چىلىقلار ۋۇجۇتقا كېلىپ، ئىمالا دەپ ئاتالغان ئۇسۇلدىن، يەنى تۈرك تىلىدىكى بەزى ئۈنلۈك ھەرپلەرنى ئۈچۈق بوغۇم-لاردا ئۇزۇن ئۈنلۈك ھەرپلەر ئورنىدا پايدىلىنىش يولى بىلەنلا بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ چىقىش مۇمكىن بولغان. بۇ شەرتلىك يول شۇنىڭغا ئاساسلانغانكى، خەتتىكى ئۈنلۈك ھەرپ، ئەرەپ ۋەزنىنى ئېتىۋارغا ئالغاندا، ئۇزۇن ئۈنلۈك ھەرپ دەپ ھىساپلىنىشى مۇمكىن. داستاندا ئىمالا ئۇسۇلىدىن پايدى-لىنىش مىساللىرىنى ناھايىتى تولا ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇنداق مىساللار ھەر بىر قۇردا ئۇچرايدۇ، مەسىلەن:

— تە، — نى: ئۇزۇن ئۈنلۈكلەر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، مۇ بولۇر: V —— شەكلىدە ئوقۇلىدۇ، نى يىدى: V —— شەك-لىنى بېرىدۇ (ئىككى قېتىم ئىمالا) تىلى ئۆز V —— شەكلىدە ئوقۇلىدۇ.

تىلى سۆزىدىكى لى بوغۇمى ئۇزۇن بوغۇم سۈپىتىدە ئوقۇلغان دەپ ئويلاش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ يەردە مەلۇم بىر ئىزچىللىق كۆرۈنمەيدۇ. يەنى بىر بوغۇم، ۋەزىن تەلەپ قىلغىنىغا قاراپ، سىمەسۇن سۆزى V — V — شەكلىدە ۋە ئەينى زاماندا سىيور سۆزى V — شەكلىدە گاھ ئۇزۇن، گاھ كالتە بوغۇم سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئەرەپ-پارس سۆزلىرىدىكى بىر، يېرىم بوغۇملار ھىچقە-يەردە نەزەرگە ئېلىنمايدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن قەسىر قائىدىسىنى قوللىنىشتا خاتالارغا يول قويۇلىدۇ.

مەسىلەن بىز:
نىلوغ مالگە مۇنچە سوزلىرىنى V —— V —— شەكلىدە ئوقۇيمىز. هالبۇكى، ئىران ئارۇزىنىڭ قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق، بۇ سوزلەر: V —— V V ، V — V شەكلىنى بىرىشى كېرەك ئىدى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە (مۇنچە ——) ئەينى زاماندا هەم قەسىر، هەم ئىمالا بارلىغىنى كورىمىز.
بىراق، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكىنىمىزدەك، شائىر بۇ ئېغىر ۋە مۇشكۇل ۋەزىپىنى خېلى تۇزۇك هوددىلىگەن. داستانىنىڭ ۋەزنى «قوتادغۇبىلىك» ۋەزنىگە نىسبەتەن خېلى تىكىز ۋە راۋان چىققان.
ئەدىب ئەهمەد قاپىيە مەسىلىسىدە «قوتادغۇبىلىك» ئىجاتچىسى — يۇسۇپ خاس هاجىپتىن ئۇلگە ئېلىشنى زورۇر دەپ هىساپلىمىغان. داستانىنىڭ دەسلەپكى توت بولۇمى خۇددى «قۇتادغۇبىلىك» تەك غەزەل ئۇسۇلىدا قاپىيىلەشتۇرۇلگەن. مەسىلەن: 1 - ۋە 2 - بولۇملەر بىر خىل قاپىيە، 3 - ۋە 4 - بولۇملەر بولسا باشقا خىل قاپىيىگە بويسۇندۇرۇلغان. بىراق، 5- بولۇمدىن باشلاپ، يەنى داستانىنىڭ ئاساسىي قىسمى،يۇسۇپ خاس هاجىپ داستانىدەك مەسنەۋى ئۇسۇلىدىكى قاپىيە بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇرك خەلق پوئىزىيىسىگە خاس بولغان توتلىك، يەنى ئە ئە ب ئە قاپىيىسى بىلەن تۇزۇلگەن. پەقەت بەزى يەرلەردىلا بۇ ئاساس قولللىنىلمىغان. بۇنىڭغا نىمە سەۋەپ بولغىنىنى ئېيتىش بىرىش خېلىلا قىيىن. مەسىلەن: بىرىنچى نەۋئىنىڭ ئاخىرىدىكى كېيىنكى توت يوللۇق شېئىر ئالدىدىن مەسنەۋى (ئە ئە) ئۇسۇلىدا تۇزۇلگەن بىر بېيىت ۋە توققۇزىنچى بولۇمدە يەنە خۇددى شۇنداق ئىككى بېيىت بارلىغىنى كورىمىز. پىكرىمىزچە، قولىيازما كوچۇرۇلگەن ۋاقىتتا، خەتتات تەرىپىدىن بەزى

www.uyghurkitap.com

قۇرلار چۈشۈرۈلۈپ قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى بېيىت چۈشۈپ قېلىپ، (ئە ئە ب ئە) ئورنىغا پەقەت (ئە ئە) نىڭ ئۆزى قالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئىككى يەردە (9 - ۋە 11 - بولۇملەردە) بۇنىڭ ئەكسىنى، يەنى تۆت يوللۇق شېئىر ئارىسىغا (ب ئە) قاپىيىسىگە بويسۇندۇرۇلمىغان بىر بېيىت كىرىپ قالغىنىنى كورىمىز. بۇ يەردە ئالدىنقى بېيىت چۈشۈرۈلۈپ، (ئە ئە ب ئە) دىن پەقەت (ب ئە) لا قالغان بولسا كېرەك. پەقەت بىر يەردە تۆت يوللۇق شېئىردىكى ئىككى بېيىتنىڭ قالغان ئىككىنچى يېرىمىلا قاپىيىلەشتۈرۈلگەن (97 - 98). بۇ يەردىمۇ، قوللىنىلغان ئۇمۇمى ئاساس بۇزۇلغان، يا بولمىسا بۇ بېيىتلار ئالدىدىن كەلگەن ئىككى بېيىت چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان دېگەن نەتىجىگە كېلىشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىستىسنالار ياكى ئىستىسناغا ئوخشاپ كورۇنگەن مىساللار داستاندا قوللىنىلغان ئاساسنى مۇستەھكەم-لەيدۇ ۋە ئاساسي مەنا پۈتۈنلەي ئېنىق مەلۇم بولۇپ قالىدۇ.

شائىر قاپىيەنىڭ سۈپىتىگە ئۇنچىمۇ ئېتىۋار بەرمەيدۇ. مەسىلەن، بەزى جايلاردا بىز ئەرەپ-پارس شېئىرىيىتىدە (پوئېزىيىسىدە) قوللىنىلىدىغان قاپىيىچىلىك قانۇنلىرىغا پۈتۈنلەي رىئايە قىلىنمىغانلىقىنى، بەزى جايدا بولسا، مەسىلەن، 103 - بېيىتتىكى ئۇچۇن، ئورۇن غا ئوخشاش قاپىيەنىڭ ناھايىتى سۇست تۈزۈلگەنلىگىنى كورىمىز. كوپ جايدا قوشۇمچىلار (سوففىكسلار) قاپىيىلەشتۈرۈلگەن. ئەرەپ-پارسي قاپىيەچىلىك قانۇنى بۇنىڭغا ئەسلا يول قويمايدۇ. مەسىلەن، 2 — 101 - بېيىتتىكى: بىرى زەھر قاتار سونوب؛ زەھر قاتار كەبى زادى يول قويۇ-لۇشى مۇمكىن بولمىغان بىر سوزنى قاپىيە ئورنىدا تەكرارلاۋې-رىشلەرمۇ بار. كېيىنكى ئىككى سوزنى رادىف ئورنىدا ئىشلىتىل-گەن دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ۋاقىتتا "بىرى" ۋە "سونوب" سوزلىرى

قاپـىيە بولۇپ قالدۇ. بۇ بولسا قاپىيەگە زادى رىئايە قىلماسـ-لىقتۇر.

ئومۇمى نـەتـىجە: ئەسەر ئىگىسى شېئىر يېزىشتا ئاجىز ئەمەس، ئۇ، شېئىر تېخنىكىسىنى ئىگەللىگەن. پەقەت بۇ تېخنىكىـ-نى ئۇنچىلىك مۇرەككەپـلەشتۈرۈشنى خـالىمىغان بولسا كېرەك. ئېھتىمال، گۈزەل قـاپىيەلەر تـۈزۈش ئـۈچـۈن زورۇر بـولۇپ قالغىنىدا كەمدىن ـ كەم ئىشلىتىلىدىغان ۋە چۈشىنىش قىيىن بولغان بەزى سوزلەرنى قوللىنىش شائىرنىڭ نىيىتىدە بولمىغان، چۈنكى ئۇ بىرىنچى نوۋەتتە كوپچىلىككە لايىق ئەسەر يارىتىشقا ئىنتىلگەن.

## داستاننىڭ ئۇسلۇبى

«ھىبىبـەتۇلـھەقـايـىق» ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىزگە بۇ داستاننىڭ ئەخلاق يولىدا تەرغىبات قىلغۇچى ئۇقۇل دىداكتىكـ-كىدىن (ئۇسۇل ـ تەلىم) ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ بېرىدۇ. ئەسەردە بىر ۋەقە باشتىن ـ ئاخىرغىچە ھىكايە قىلىپ بېرىلمەيـ-دۇ. شونىڭ ئۈچۈن، بۇ خىلدىكى ئەسەرنى بەدىئى شـەكىلـگە كىرگۈزۈشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىغى ۋە ئىجاتچىدىن بۇنداق ماۋزۇلارنىمۇ شـېئىر شەكلىدە بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ماھارەت تەلەپ قىلغانلىغى تەبىئىدۇر. ئەدىپ ئەھمەد ھەر ھالدا قۇرۇق تەرغىباتچىلىق يولىغا كىرمەي، بەلكى ئۆز كۈچى ۋە ئىمكانىيەـ-تى ئەتراپىدا داستانىنى بـەدىئى قىلىپ يېزىشقا ئۇرۇنغان.

داستاندا خىللا ئوخشىتىشلار بارلىغىنى كورىمىز. بۇ ئوخـ-شىتىشلارنىڭ بەزىلىرى ئەدىپ ئەھمەتكىچە ياشاپ ئوتكەن شاـ-ئىرلار تەرىپىدىن، ئەخلاق توغرىسىدا يېزىلغان ئەدىبىياتتا كوپ ئىشلىتىلگەن ۋە ھەممىگە مەلۇم بولۇپ قالغان ئوخـشىتىشـ-



AltunOq

لاردىن ئىبارەت بولۇشى بىلەن بىللە، كىتاپخانىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان بىرقانچە يېڭى ئوخشىتىشلارمۇ بار. مەسىلەن، بىز 32 - بېيىتتا ئەنە شۇنداق، ئانچە يېڭى بولمىسىمۇ گۈزەل بىر ئوخشىتىشنى كورىمىز. بۇ بېيىتتا شائىر ئۆزىنى دېڭىزغا (يەنى دادىسپەھسەلەربىككە) پەقەت بىر تامچە سوۋغا قىلغان بولۇتقا ئوخشاتتى. بۇ ئوخشىتىشنىڭ گۈزەللىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، داستاننى ئوقۇپ چىققان ھەركىمگە مەرۋايىت ئارىسىغا كىرىپ قالغان باھار يامغۇرىنىڭ تامچىسى قىممەت باھا مەرۋايىتقا ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانە مەلۇم بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شائىرنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەسلىھەتلەر ئەمىرنىڭ سېخىلىق دېڭىزىغا چۈشۈپ، ئۇ يەردە ياخشىلىق مەرۋايىتىغا ۋە ئېھتىمال (يەنە ئاددىراق قىلىپ ئېيتقاندا) قارغۇ شائىرغا سوۋغا قىلىپ بېرىدىلىشى كۈتۈلگەن چىن مەرۋايىتقا ئايلىنىشى توغرىسىدا كىنايە قىلىپ ئوتولىدۇ.

يەنە شۇنداق ئوخشىتىشلارمۇ بار: ئالىم—ھەقىقىي ئالتۇن دىنار، جاھىل بولسا—ساختا پۇلدۇر (42 - بېيىت). ئالىم ئايال—ئەركەك، نادان ئەركەك—خوتۇندۇر (43 - بېيىت). بىلىم—ئىلىك ۋە سۆيەكدۇركى، ئىلىكسىز سۆيەكنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقدۇر (44 - بېيىت). جاھالەت — يۇيۇپ تاشلاش قىيىن بولغان ئىپلاسلىقتۇر (55 - بېيىت). بىلىم—پۇتمەس - تۈگىمەس مالدۇر (62 - بېيىت). تەھقىر قىلىش—تىل بىلەن قىلىنغان ۋە تۈزەلمەيدىغان يارىدۇر (67 - بېيىت). ھەق سوز — ھەسەل، دورا - دەرماندۇر (79 - بېيىت). يالغان سوز—كېسەللىكتۇر (79 - بېيىت). دۇنيا—كارۋان سارايدۇر (87 - بېيىت). بۇ ئوخشىتىش ئەخلاق تەرغىپ قىلىدىغان ئەدىبىياتتا ناھايىتى كوپ ئۇچرايدۇ. دۇنيا—ئېكىنزاردۇر، ئۇ يەردە ياخشىلىق ياكى

يامانلىق ئۇرۇقلىرى ئېكىلىدۇ (94 - بېيىت). دۇنيا—ئوق يىلاندۇر (105 - بېيىت). بېخىللىق—دەردى بىداۋادۇر (125 - بېيىت). بېخىل—مال ئامبىرىنىڭ كۆزەتچىسىدۇر (129 - بېيىت). سېخى بولمىغان كىشى—پەقەت ئوتۇن بولىدىغان مېۋىسىز دەرەختۇر (159 - بېيىت). سېخىلىق—سارايدۇر (167 - بېيىت).

داستاندا ئىسىم ۋە پېئىلگە ئائىت مەجاز (مېتافورا) لارمۇ خېلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كىشى شەك - شۈبھىلەر يولىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ (6 - بېيىت). بولۇت ئولتۇرماقتا (28 - بېيىت). بىلىمنىڭ شىرىن لەززىتى (52 - بېيىت)، ئالەم، خۇددى گۈزەل قىزدەك يۈزىدىن چۈمبىلىنى كوتەرمەكتە (109 - بېيىت). سېخى ئادەم ئۆزىگە ماختاشنى سېتىپ ئالىدۇ (117 - بېيىت). بۇ مىسال ئەدىپ ئەھمەد تەرىپىدىن مەجاز سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئەلۋەتتە بۇ جۈملىنى خۇددى يېزىلغىنىدەك توغرا مەنىسىدە چۈشىنىش ئەدىپ ئەھمەد ئۈچۈن قوپال ماددىيەتچىلىك بولۇپ چىقار ئىدى. ماختانچاقلىق لىباسى (137 - بېيىت). ئاچكۆزلۈك قېرىمايدۇ (150 - بېيىت). ئاچكوزلۇك دەردىنى داۋالايدىغان دورا (152 - بېيىت). ساداقەت كولى (189 - بېيىت).

ئەرەپ - پارس شېئرىيەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان شەكىللەر داستاندا ناھايىتى كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. بۇ شەكىللەرمۇ ئىسخولاستىكادىن ئەمەس، بەلكى فولكلور (خەلق ئەدەبىياتى) دىن ئېلىنغان بولسا كېرەك. مەسىلەن، 40 - بېيىتتا ئۇلا دىگەن تولا تەجنىس ئىشلىتىلگەن. ئۇلار—بىر جايدا "تىڭلا، ئاڭلا" مەنىسىدە، ئىككىنچى جايدا "باغلانغىن" مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر جايلاردا شائىر، ماھىر سوز سەنئەتكارلىرىغىلا خاس بولغان ناھايىتى تەسىرلىك ۋە مۇرەككەپ "ئىرتەگىل" تەجنىسنى ئىشلەتكەن.

www.uyghurkitap.com

يەنى: ئىرتەگىل — سىلجىت، ئىرتەگىل—ئىز دەپ ئاتاغىن.
دىمەكتور. سىندۇغۇن — سۇندۇغۇن، ساندۇغۇنغا ئوخشاش
تولۇق بولمىغان تەجنىس ئىشلىتىلگەن مىساللارمۇ يوق ئەمەس.
تۇيۇق سەنئىتىنىڭ ئاساسي مېغىزىمۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتلىكى-
نى ئېسىمىزگە ئېلىپ ئۆتسەك، ئەدىپ ئەھمەدنىڭ بۇ يولدىمۇ خەلق
ئەدەبىياتىدىن پايدىلانغانلىقى ھەققىدە مەلۇم نەتىجىگە كېلىمىز.
خەيرى - سەرر (182)، مىلك - بىر (175)، ئەتلەس - بوز
(173)، خەرەبات - ئاباداد (175)، ئەسەل - ئەرى (214)
كەبى تەرزدە ئىشلىتىلگەن مىساللارمۇ بىر تالاي جايدا ئۇچ-
رايدۇ.

بەزى جايلاردا، ”ئەر سوزى— سوز ساغى“ كەبى خېلى
تەسىرلىك قايتىرىقلارمۇ كوزگە تاشلىنىدۇ. دىمەك، بۇ داستان،
ساددا شەكىلدە يېزىلىشىغا قارىماي، ئەخلاق ھەققىدىكى مەسىلى-
لەرنى يورۇتقۇچى ئەسەر ئەمەس، بەلكى بەدىئى ئەسەر دىگەن
نەتىجىگە كېلىش مۇمكىن. بۇ ئەسەر شۇ دەۋردىكى مەلۇم
دائىرىلەر ئۈچۈن يېزىلغان بولۇپ، ئەنە شۇ دائىرىلەردە بىر-
مۇنچە تەسىرات قالدۇرغان بولۇشى شۈبھىسىزدۇر.

## داستانىنىڭ تىلى

داستانىنىڭ تىلىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ چىقىشقا كى-
رىشمەي (چۈنكى بۇ مەسىلە ئەدەبىياتشۇناسنىڭ ۋەزىپىسى
ئەمەس)، بەلكى داستان تىلىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىگىلا قىس-
مەن توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. ھەممىدىن ئاۋال شۇ نەرسىنى
كورسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، داستاندا «قۇتادغۇبىلىك»كە قارى-
غاندا ئەرەپ - پارس تىللىرىدىن ئېلىنغان سوزلەر خېلى نۇر-
غۇن. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەسەر ئىگىسىنىڭ ئوز ئانا تىلىدا
بولمىغان سوزلەرلا ئەرەپچە ياكى پارسچىدىن ئېلىنغان ۋاقىتتا،

بۇ داستاندا، ئانا تىلدا بولغان سوزلەر ئورنىغمۇ ئەرەپ ـ پارس سوزلىرى ئىشلىتىلگەن مىساللارنى كورىمىز.

سەلابەت، سەھاۋەت، كەرەم، قىياسەت، ئەزىز، ئەسەل كەبى سوزلەر ئورنىغا ئانا تىلدىكى خۇددى شۇ مەنىنى بىلدۈردىغان سوزلەردىن پايدىلىنىش مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭغا سەۋەپ، ئەدىپ ئەھمەد ياشىغان مۇھىتتا پارس شېرىي ئەدىبىياتىدىن پايدىلىنىش بىرمۇنچە ئەۋج ئالغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدىپ ئەھمەد تۇركچە پېئىللارنىڭ باي شەكىللىرىدىن ناھايىتى كەڭ پايدىلىنىدۇ. كېيىنرەك دەۋر ئەدىبىياتىدا ئەرەپ-پارس ئىسىملىرىغا تۇركچە پېئىل شەكلىنى قوشۇش (مەسىلەن: مەدەد قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار) ئۇسۇلى زادىلا قوللىنىلمايدۇ دېسە بولىدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ ئۇ دەۋردىكى خەلق ئەدىبىياتى بىلەن باغلىنىشى خېلى كۈچلۈك بولغان، دېيىش مۇمكىن.

داستانىنىڭ تىلى— خېلىلا ئارخايىك تىل (يەنى ھازىرقى دەۋردە ئىستىمالدىن چىقىپ قالغان كوپ سوزلەر ئىشلىتىلگەن تىل) ئىكەنلىگىنى كورسىتىپ ئوتۇش كېرەك. «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان تىل ئۇچۇن خاس بولغان—"د" نى ساقلاپ قېلىش شەكلى "ھىبەتولھەقايىق" تىمۇ كوپ جايدا قوللىنىلغان. مەسىلەن: كەدىم (كىيىم)، كىدىنكى (كېيىنكى)، ئاداق (ئاياق)، قودا (قويماق) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى جايدا "د" — "دى"غا ئايلانغان مىساللارمۇ كوزگە تاشلىنىدۇ. ئەدىز (بەلەند)، ئاجون (دۇنيا)، ئەقشى (كارۋان)، چىغاي (گەداي) كەبى ئىستىمالدىن چىقىپ قالغان سوزلەرمۇ ئاز ئەمەس. قوشۇمچە پېئىل ئوزىنىڭ كونىچە شەكلىنى، يەنى ئول (دىر) شەكلىنى ساقلاپ قالغان ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسىم تۇرلىنىشى كونا ئۇيغۇر ئۇسۇلىدىكى ئىسىم تۇرلىنىشىگە پۇ-

تۇنلەي دىگۇدەك ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: چۇشۇم كېلىشتىكى ئىخ ـ ئىگ ئورنىغا ـ ئىن، ئۇنۇن، يازىن كەبى كېلىشلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. داستاننىڭ تىلى "ئۇيغۇر" چىدىن "چىغاتاي" تىلىغا كۆچۈش مايىلى بارلىغى تەسىرىنى قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدا توۋەندىكى ئىككى سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن: ئا) يا ئەسەر ئىگىسى تىلىنىڭ يېڭىراق شەكىلدە سۆزلىگىنىدە، ئىستىمالدىن چىقىپ قالغان بەزى سۆزلەرنىمۇ قوللىنىشقا ئۇرۇنغان؛ ب) يا بولمىسا، يېڭىلىققا ئىنتىلىۋاتقىنىدا، ئۆزىگە تەسىر قىلىۋاتقان ئەنئەنىلەرنى پۈتۈنلەي يېڭىپ چىقالمىغان. بىراق مېنىڭچە، داستاننىڭ ئومۇمى خاراكتېرىنى نەزەرگە ئالغاندا شائىرغا كونا ئەنئەنىلەر تەسىر قىلىش داۋام ئەتكەندۇر، دىگەن نەتىجىنى چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## نەتىجە

«ھىبەتۇلھەقايىق» نى كۆزدىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ داستاننىڭ بەدىئى قىممىتى ئانچە يۇقۇرى ئەمەسلىگى مەلۇم بولدى. بىراق بۇ ئەسەر بەدىئى جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى باشقا بەزى سەۋەپلەرگە بىنائەن بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكتۇر.

ئەڭ ئاۋال، بۇ ئەسەر 13 ـ ئەسىردە پەرغانىدا ئەدەبى تىل قانداق خاراكتېردا بولغىنىنى كۆرسىتىدىغان ناھايىتى مۇھىم ھۆججەتتۇر. بۇ داستاننىڭ "قۇتادغۇبىلىك" تىلى بىلەن 14 ـ ئەسىردە ۋە 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چىغاتاي تىلى ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنى باغلايدىغان خۇددى بىر كۆۋرۈكتەك خىزمەت قىلغىنىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتۈش ناھايىتى مۇھىمدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، داستاندا بايان قىلىنغان پىكىرلەرمۇ ناھايىتى مۇھىمدۇر. بۇ داستاننى پۈتۈنلەي دىنىي ئەسەر دەپ تەرىپلەش ناتوغرا بولسا كېرەك. ئەسەردە شەرىئەت بىلەن قاتتىق باغلىنىش بول-

سمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا بىردەك دىنىي ئەمىر ۋە قائىدىلەر توغرىـ
لىق زادىلا سۆزلەنمەيدۇ.

ئەسەر ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي مۇراسىملىرىنى ئىجرا
قىلماي كېلىشىنى بىر تەرتىپكە سېلىشقا ئۇرۇنۇپ كورىدۇ، ئىسـ
لامنىڭ ئاساسى سانالغان بەش پەرىز ھەققىدە زادىلا سوزلـ
مەيدۇ ۋە ئەڭ مۇھىمى بولسا، بۇ ئەسەر دۇنياۋى ھاياتىنى
بىر تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا پىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ. شۇـ
نىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئابستراكت خاراكتىرى،
يەنى پىكىرلەرنى ئېنىق، راۋان قىلىپ بەرمەي، بەلكى تۇتۇق،
تۇمانلىق تۈزۈلۈشى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىن كەسكىن
يوسۇندا ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە گەپ كوپىنچە
ئەملى تۇرمۇش، مەئىشەت مەسىلىلىرى ھەققىدە بارسا، "ھىبەـ
تولھەقايىق" تا تۇرمۇشنىڭ كوپىنچە مەنىۋى، ئەخلاقىي ياقـ
لىرى يورۇتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەخلاق مەسىلىسى ناـ
ھايىتى يۇكسەك بالداقتا كوتىرىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەپ: يۇسۇپ
بىلەن ئەدىپ ئەھمەدنىڭ ئىككىسى ئىككى مۇھىتتا ياشىغانلىقى
بولسا كېرەك. ئەدىپ ئەھمەد سوفىزىم ھەققىدە ھېچنەرسە دىـ
مىسمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ھالدا بۇ دائىرىلەر بىلەن باغلانغان
بولسا كېرەك. ئۇ دۇنياۋى ھاكىمغا ھەر خىل نەسىھەتلەر بەرـ
سىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تەرىقەت يولىغا ئوتۇپ ئېلىشنى تەكلىپ
قىلالمايدۇ. بىراق، ئەدىپ ئەھمەد سوفىزىم تەلىمىدىن يۇقۇرى
دائىرىلەردە قوللىنىش مۇمكىن بولغان قىسىملارنىلا تاللاپ ئالىدۇ.
داستان «قۇتادغۇ بىلىك» كە قارىغاندا خېلى دىموكراتىك پىـ
كىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەتتا شائىر، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ
چىقىش يېقىدىن بىر-بىرىگە تەڭدۇر، دىگەن پىكىرنى بايان
قىلىشقىچە بارىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ياراتقانىدا، 9-
ئەسىردە ياشىغان زاھىدلارنىڭ ئاتىباسى سولالىسىگە مەنسۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلپىلەرگە ئۆز تۈرمۇشلىرىنى ئىسلام ۋۇجۇتقا كەلگەن بىرىنچى ئەسىرلەردىكى يوللار ئاساسىدا قۇرۇش توغرىسىدا ۋەز-نەسىھەتلەر بەرگىنىنى يادىغا چۈشۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاش مۇمكىن. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ داستان خېلى راۋان نۇرغۇنلىغان ۋەز-نەسىھەتلەردىن ئىبارەتتۇر. ئەمما بۇ ۋەز-نەسىھەتلەر كىملەرگە قارىتىلغان بولسا، شۇلار بۇ ۋەزلەردىن تېگىشلىك تەسىر ئالدىمىكىن؟

ئەمىر ئارسلان خوجا تەرىپىدىن قىلىنغان بىر ئەسلەتمە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ ئەسلەتمىدە شائىر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش بىلەن بىللە، ئەسلەتمىنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرى ئەنە شۇ دەۋر ئۇچۇن ناھايىتى خاراكتېرلىقتۇر (7):

كوپ ئەلنى كورگەنمەن ئەدىپ سوزىنى،
بىلە-بىلمەسدىن ئۇلاۋور ئوزىنى.

دېمەك، داستانىنىڭ تىلىنى بىلمەسلىك بىلەن ماختانغان كىشىلەرمۇ بولغان ئىكەن. بۇ جايدا گەپ ئىرانلىقلار ھەققىدە بولمىسا كېرەك. پىكرىمىچە، ئەمىر بۇ يەردە ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەر توغرىسىدا سوزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلى بىلەن قىزىقمىغانلىغى، يەنى شۇ دەۋردە ھوكۇم سۈرگەن پارس ئەدەبىياتىنى ئەۋزەل كورگەنلىكلىرى ھەققىدە نالىپ ئوتىدۇ. بۇ ئەجەپلىنىدىغان ھال ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەرەپلەر ئىستىلا قىلغان بىرىنچى دەۋرلەردە، ئىران كىبارلىرىمۇ ئۆز ئانا تىللىرىغا خۇددى شۇنداق قارىغانلىقلىرى تارىختىن مەلۇمدۇر. بۇ ئەھۋال، ئەنە شۇ دەۋردە تۈرك تىللىرىدا يېزىلغان دۇنياۋى ماۋزۇدىكى ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرى نىمە

ئۇچۇن شۇنچە كەم ساقلىنىپ قالغىنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مەلۇمكى، دەرۋىشلەر (مەسىلەن، خوجا ئەخمەد) تۈرك تىللىرىدا يازغان ۋە ئىجات ئەتكەن، چۈنكى ئۇلار بۇ ئەسەرلىرى بىلەن ساراي دائىرىلىرىگە ئەمەس، بەلكى خەلققە مۇراجەت قىلغان. ساراي دائىرىلىرىدە بولسا، رەسمىيەت پارس تىلىدا سۆزلەش ۋە يېزىشنى تەلەپ قىلغان؛ پەقەت ئايرىم ھۆكۈمەت ئەربابلىرىلا بۇ يولدا ئۆزلىرىنىڭ رەنجىگەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشنى مۇمكىن تاپقان بولسا كېرەك. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ كەم ساقلىنىپ قېلىشىغا ئەجەپلىنىشكە توغرا كەلمەيدۇ. ئەدەبىي ھايات ئۆزى ئۇ دەۋردە ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە يول قويمايدىغان قىلىپ تۈزۈلگەن ئىدى.

«ھىبەتۇلھەقايىق» نىڭ تۈركى خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيىتى يەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلۇغ ئەلشىر ناۋائىي بۇ ئەسەر بىلەن تونۇش ئىدى. ناۋائىينىڭ بۇ ئەسەر بىلەن تونۇش بولغانلىقى شۇ نەرسىدىن ئېنىق مەلۇم بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ "نەسايىم ئەلمۇھەببە" (مۇھەببەت شاماللىرى) دىگەن ئەسەرىدە ئەدىپ ئەھمەدنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەيخلىرى قاتارىدا ساناپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭ كورلۇغى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. بۇ نەرسە بولسا بىزدە تېپىلغان قوليازمىدىكى ئەسلەتمىدىنلا ئېنىق مەلۇم بولۇپ قالدى. ناۋائىي "نەسايىم ئەلمۇھەببە" دىن تاشقىرى سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئوغلى بەدىئۇززامانغا يازغان ئۆز خەتلىرىدىمۇ بۇ داستاندىن پارچىلارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ. «ھىبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئەرەپ ھەرپىدە يېزىلغان قولىيازمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېپىلمىغان. لېكىن بۇ نەرسە، بۇنداق قولىيازمىنىڭ يوقلۇغىنى ئىسپاتلىمايدۇ. بىراق، ناۋايى ئەرەپچىدىن تاشقىرى ئۇيغۇرچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنىمۇ ئوقالىغان، دېگەن نەتىجىنى چىقىرىش مۇمكىن. ھەر ھالدا ئەدىپ ئەھمەد داستانى ناۋايىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلغان ئەسەرلەردىن بىرىدۇر. بۇ بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بۇ ئەسەرگە مەلۇم دەرىجىدە كوزگە كورۇنىدىغان ئورۇن بېرىلىشى ئۇچۇن يېتەرلىك ئاساس بار، دېمەكتۇر.



# قاراغوجا خاندانلىغى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا

## ئابدۇرېيىم سابىت

قەدىمقى ئۇرپانىنىڭ شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇيۇك كارۋان يولى بويىغا جايلاشقانلىغى بۇ رايوندىكى فېئو- داللىق ئىگىلىكنىڭ بۇرۇن شەكىللىنىپ يۇكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە سەۋەپ بولدى. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، مى- لادى 4 - ئەسىردىلا بۇ رايوندىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز يارغول، ئىدىقۇت (گاۋچاڭ) قاتارلىق جايلارغا مەركەزلىك هالدا ئولتۇ- راقلىشىپ، قول هۈنەر سانائىتى، سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەهەر مەدىنى هاياتىنى باشلىغانلىغى مەلۇم. مى- لادى 9 - ئەسىرگە كەلگەندە، قاراغۇجا خاندانلىغىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بۇ جايدىكى سىياسى، ئىقتىسادى، مەدىنى هايات تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. قاراغۇجا خاندانلىغى ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا خانلىقلارنى ئۆز قول ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىچكى قىسمىدا ياخشى تەرتىپ ئورنىتىپ، دولەت مۇداپىئەسىنى مۇستەهكەملى- دى، ئىگىلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى باياشات تۇرمۇش ئوتكۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، مەدىنى هاياتنى جانلاندۇرۇپ، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراغۇجا خاندانلىغى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭلا دىنى ئىشلارمۇ

www.uyghurkitap.com

ئەۋج ئېلىپ، 50 نەچچە ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە ما-
نى دىنى ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلدى. بۇددا ۋە مانى دىنى تە-
لىماتىغا ئاساسەن خەلق "تەڭرى بەخت ئاتا قىلغان كىشىلا
خان بولالايدۇ، خان — تەڭرىنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ھامىي خۇدا-
سى" دەپ تونۇيتتى. قاراغۇجا خاندانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى
پانتۇرەخان خەلق ئاممىسىنىڭ مۇشۇ دىنى ئەقىدىسىدىن پايد-
دىلىنىپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ناھايىتى تېزلا ئۆز قولىغا مەر-
كەزلەشتۈرۈۋالدى ھەمدە خەلقنىڭ دىنى ئېتىقادىنى كۈچەيتىش
ئارقىلىق ئاممىنى ئۆز ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ھاكىمىيەت-
نى مۇستەھكەملىدى، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش
ئۈچۈن ھەربى ئىشلارنى كۈچەيتتى؛ 3000 كىشىلىك ئاتلىق
قوشۇن تەربىيىلىگەندىن باشقا، پىيادە ئەسكەرلىرىنى شۇ زاماد-
نىڭ ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى بولغان ساۋۇت، دۇبۇلغا، قىلىچ،
نەيزىلەر بىلەن قوراللاندۇردى. مۇنداق قۇدرەتلىك ھەربى
كۈچ ئاستىدا[1] قاراغۇجا خاندانلىقى 900 - يىللارنىڭ ئالدى-
كەينىدە ئۆز تېرىتورىيىسىنى قارا شەھەر-كۇچارغىچە كېڭەيتىپ،
بۇ جايلارنى ئۆزگە قاراتتى. خوشنا خانلىقلارغا قارىتا تىنچ
ئۆتۈش، ئىناق بولۇش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشتەك خوشنىدار-
چىلىق پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق،
سودا-سانائەت، ھۈنەر-كەسىپ، بىناكارلىق ئىشلىرى ئالاھىدە
يۈكسەلدۈرۈلدى. تۆمۈر قوراللار بىلەن دېخانچىلىق قىلىش،
يەرنى كاتەكچىلەرگە بولۇپ تېرىش، كارىز قېزىپ سۇ چىقىد-
رىش، توغان، سۇ ئامبارلىرى ياساپ سۇنى تېزگىنلەشتەك بىر-
قاتار ئىلغار دېخانچىلىق تېخنىكىلىرى قوللىنىلغاندىن باشقا،
تەڭرى تاغلىرىدىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۇلىرىدىن ۋە سۇ
ئامبارلىرى سۈيىدىن پايدىلىنىپ زىرائەت تېرىپ ئۇستۇرۇلۇپ
دېخانچىلىق ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئات

بېقىشقا نىسبەتەن تولىمۇ ھېرىسمەنلىكى چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. شەھەردە ياشىغۇچى سودا-سا-نائەتچىلەر، قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يىراقتىكى باشقا مىللەتلەر-نىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە ۋە تووارغا بولغان تەلىپىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكىنىڭ يۇقۇرىلىقى ئارقىسىدا، سودا-سانائەت، ھۈنەر-كەسپ كەڭ تۈردە راۋاجلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا بازارلىرى غەرپتە شەرقى رىم، ئىران، ئەرەپ، ھىندىستانلارغىچە، شەرقتە لياۋ (كىدان) شىمالى سۇڭ، تاڭغۇت (تىبەت) لەرگىچە كېڭەي-دى. ئۇلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، قاش تېشى قاتارلىق-لاردىن ياسىغان ئەسۋاپ، جابدۇق، زىننەت بۇيۇملىرى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق بازارلىرىنىلا ئەمەس، ھەتتا ياۋروپا بازارلى-رىنىمۇ ئىگىلەپ، دۇنيادىكى باشقا كوپلىگەن مىللەتلەرنى ھەي-ران قالدۇرغان ئىدى. سودا-تىجارەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگە-شىپ پۇل-ئاقچا تۈزۈمى مۇكەممەللەشتى. تىللا، تەڭگە، مىس چاقا، ياماقلار، ھەتتا رەختتىن قىلىنغان ۋاستىلەر پۇل ئورنىدا قوللىنىلدى. قاراغۇجا خاندانلىقى ئۆز چېگرىسىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق چەتئەل كارۋانلىرىدىن چېگرا بېجى ئېلىش سىيا-ستىنى يولغا قويدى. مانا بۇ خىل تەدبىر، سىياسەتلەر، يول قويۇشلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىكنى راۋاجلان-دۇرۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دىخانلارنىڭ خوشال-خورام، باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىگە نىسبەتەن كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپلا قالماستىن، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ياراتتى. قاراغۇجا ئۇي-غۇر خانلىقى خۇراپاتلىقنى، مۇتەئەسسىپلىكنى ياخشى كۆرمىدى، ھەر تەرەپلەردىن كەلگەن دىن ۋە پىكىر ئېقىملىرىغا قارىتا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش سىياستىنى قوللاندى، باشقا جايلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ئالىم ـ ئۆلىمالارغا باش پانا بولدى. بۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەت 9 ـ ئەسىردىكى قاراغوجا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان ئىدىقۇتنى جۇڭگو، رىم، ئىران، ھىندىستان قاتارلىق قەدىمقى ئەللەرنىڭ مەدىنىيىتى ئۇز ئارا تەسىر كورسەتكەن، ھەر خىل دىنى ئېقىملارغا ئائىت بولغان مەدىنىيەتلەرمۇ راسا تەرەققى قىلغان مەدىنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى.

قاراغوجا خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدىنىيىتى ۋە ئەدىبىياتى ئەنە شۇ خىل مەدىنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللىنىپ، يۇكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئۇندىن باشقا يەنە، قاراغوجا خاندانلىقى تەۋەسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارالغان دىنى ئەقىدىچىلىك بۇ دەۋىردىكى مەدىنىيەت ۋە ئەدىبىيات تەرەققىياتىنى يېڭى باسقۇچقا كوتەردى. ئۇلار بۇددا ۋە مانى دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە كىتاپ كوچۇرۇشنى ئىنتايىن ساۋاپلىق ئىش دەپ قارايتتى، كوچۇرۇلگەن كىتاپنىڭ ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىيىغا، ئاندىن كېيىن مەرھۇم ئاتا ـ ئانىلارغا، ئاندىن قالسا ئۇرۇق ـ تۇققان، يارۇ ـ دوستلارغا بولىدۇ، دەپ تونۇيتتى. بۇ خىل ئەقىدە ۋە چۇشەنچە بۇددا، مانى دىنىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇ، ھىندى (سانسكرىت)، توخار تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر رەسسامچىلىقى، ھەيكەلتاراشلىقى، مۇزىكا سەنئىتى، سىرىكچىلىك قاتارلىق مەدىنىيەت تۇرلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۇردى. شۇنداقلا ئۇ شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەچىلىك ساھەسىدە يېڭى ئىزلىنىشكە سەۋەپ بولدى. ئۇلار بۇرۇن كىتاپلارنى موبى قەلەم، ياكى قومۇش قەلەم بىلەن قولدا كوچۇرگەن بولسا، كېيىنرەك ياغاچ مەتبە تېخنىكىسىنى قوللۇنۇپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىپبەلىك يېزىقتا مۇۋاپىقلاشقان مىخ مەتبەنى ئى-

جات قىلىپ، ھەر خىل كىتاپلارنى نەشر ئەتتى، ھەممە ئۇنى ياۋروپاغا تاراتتى. مەخسۇس قەغەز زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، ئىنتايىن سىلىق، نەپىس قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆز ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن تاشقىرى، باشقا ئەللەرگە ئېكسپورت قىلدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېلوگىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق تۇرپان، كۇچار، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىپ مەملىكىتىمىز ۋە چەتئەللەرنىڭ مۇزېيخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مانى، بۇددا ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن تارىخى يادىكارلىق بۇيۇملىرى، نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرى، تام سۈرەتلىرى، ھەيكەلتاراشلىق، مىمۇئارلىققا ئائىت ماتېرىياللار ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرى، شېئىر، قوشاقلار، داستانلار، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، تېببىي ئىلمىگە ئائىت ئەسەرلەر ۋە كۆپلىگەن قانۇن ۋەسىقىلىرى يالغۇز دىنى ئەقىدىلەرنىڭ شاھىدى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى، تۇرمۇش ئەھۋالى، ئۆرپ-ئادىتى، جەمىيەت تۈزۈمىنى ھەم گۈزەل سەنئەت، بەدىئى تەپەككۇر سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى قىممەتلىك مەدەنى يادىكارلىقلارنىڭ گۇۋاچىسى، شۇنداقلا قاراغوجا خاندانلىغىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىن بىرقەدەر تولۇق مەلۇمات بەرگۈچى پاكىتلىق ھۆججەتلەردۇر. يانا كېلىپ بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگىدەك شۇ دەۋردىكى بىردىن-بىر قېلىپلاشقان ئەدەبى تىل-يېزىق — ئۇيغۇر تىلى ھەم يېزىغى بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكى، خىلمۇ-خىل مەدەنىيەت، ئوخشىمىغان يېزىق شەكىللىرى مەۋجۇت بولغان قاراغوجا خاندانلىغىنىڭ مەدەنى ھاياتىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىغىنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭلىغىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قاراغۇجا خاندانلىغى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە

تۇرپان رايونىدا سوغدى تىل - يېزىغى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - يېزىغى، ئىستىرانگىل تىل - يېزىغى، مانى تىل - يېزىغى، براخما تىل - يېزىغى، تىبەت تىل - يېزىغى قاتارلىق بىرقانچە خىل تىل - يېزىق شەكىللىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى مەز - گىللەردىكى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، دولەت ئاپاراتلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ تىل - يېزىقلار ئىچىدە قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - يېزىغى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بىرقەدەر كەڭ قوللىنىش ئار - قىلىق تەرەققى قىلىپ، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، شۇ دەۋر ئەدەبىي تىلىنى خاتىرىلىگۈچى بىردىن - بىر مەدەنى تىل - يېزىق بولۇپ قالدى. خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «سەلتەنەتكە ياردەم بېرىدىغان ئۈرنەك تەدبىرلەر» (سىياسى، ھەربى، ئىقتىـ - سادى، مەدەنىيەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەزمۇن قىلغان)، «ساددارما - پونداربكا» (ئامىتا بۇددانىڭ سول قول ھىمايىچىسى ئاۋالوكىتېشۋارا ھەققىدە رىۋايەت)، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەزكىرىسى»، «سوۋارنا پراباسا»، «ئالتۇن يارۇق»؛ تۇخار (كۇچار)، سانىس - كرىت (ھىندى) تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مايتىرى سىمىت» (رىۋايەت)، «ئىككى تېكىن (شاھزادە) توغرىسىدا قىسسە»، («قالىيامقارا بىلەن پاپامقارا»)، «ئاراخاۋاركا» (دېداكتىك شېرىي ئەسەرلەر توپلىمى)، «چوڭ مايمۇن پاتمارال» (نەسرى، نەزمە بىلەن يېزىلغان داستان)، «خۇئاستۇئانىفت» (قەسىـ - دە)، «بەختىيار شاھزادە»، «رەسسام بىلەن ياغاچچى» (ھىكا - يىلەر) قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغاندىن باشقا، «ئىرق پۈتۈك» (پال كىتاۋى)، «سەككىز يۈكمەك»، «توشقان» قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى ھىكايە - لەر ۋە دۇنيا تۇركلۇگلىرى تەرىپىدىن "تۇرپان تېكىستلىرى" دىگەن ئومۇمى نام بىلەن ئاتىلىپ، غەربى گېرمانىيىدە نەشر

قىلىنغان 10 تومluq يەرلىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىمۇ ئەنە شۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-يېزىغى بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. «ئالتۇن يارۇق» (تولۇق ئىسمى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپتا كوترۇلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ»، يەنى «ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاسى ئاتلىق نوم پۈتۈك») ئەسىرى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارلىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىدە تولۇق ئىپادە قىلغان، ئۇيغۇر تەرجىمە سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر 10-ئەسىردە ياشىغان بەشبالىقلىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدە) مەشھۇر ئەدىپ ۋە تىلچى سىڭقۇ سەلى توتۇڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ئالتۇن يارۇق» 730 بەت، ھەر بېتى 22 قۇردىن جەمئىي 16060 قۇرغا يېقىن ھەجىمگە ئىگە چوڭ تىپتىكى پىروزا خاراكتېرلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنىغا ئائىت ھېكايىلەر، رىۋايەتلەر، ئەقىدىلەر سوزلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى روس ئالىمى توركشۇناس س. ئى. مالوۋ تەرىپىدىن 1909—1911-يىللىرى گەنسۇنىڭ جۇچۈەن ۋىلايىتىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ۋاڭ فىگو (ۋاڭ شىگو) يېزىسى يېنىدىكى بۇتخانىدىن تېپىلغان ھەمدە 1915—1917-يىللىرى رادلوف ۋە مالوۋ تەرىپىدىن نەشىر قىلدۇرۇلۇپ، خەلقاراغا تونۇشتۇرۇلغان. ئۇندىن باشقا، فون لىكوك تەرىپىدىن تۇرپان ۋە دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان، ئانچە تولۇق بولمىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى 2-3-نۇسخىلىرى بىلەن سانسكرىتچە (ھىندىچە)، تىبەتچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە نۇسخىلىرى بولۇپ، بۇ نۇسخىلار ھازىر بېرلىن ۋە سوۋېت ئىت-

تىپاقىدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تىللاردىكى نۇسخىلىرى ئۈستىدە گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ف.ۋ.ك مولېر، ئا.ۋون. گاباين ۋە گېرمانىيىلىك نوبېل، تۈركىيىلىك تۈركولوگ سائادەت چاغاتايى، روسىيىلىك تۈركولوگ س. ئې. مالوۋ، ياپونىيىلىك خوياۋفۇ قاتارلىقلار 1918-يىلدىن 1960-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا بىرىنچى قېتىملىق تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخى تولۇق بىر باشقا چىققىنى يوق. خەلقارا تۈركشۇناسلار بۇ ئەسەر ئۈستىدە هازىرمۇ جىددىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا.

«ئالتۇن يارۇق» ئەسىرىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان يۇقارقىدەك بىرقانچە خىل نۇسخىلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شەرق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا خېلى كەڭ تۈردە تارقىلىپ چوڭ تەسىر قوزغىغانلىقىنى، شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ (تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ) ئۇنى "مۇقەددەس كىتاب" هېساپلاپ، نەقەدەر ئەتىۋارلىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق»نى تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈش، تارقىتىش ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق ئىككى رىۋايەت خېلى كەڭ تارقالغان:

رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە، چوڭ خان ئۆز ئېلىگە كەلگەن بىرچوڭ بالا-قازانى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شۈكرىسى بەدىلىگە «ئالتۇن يارۇق»نى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، كۆچۈرۈپ تارقىتىپ چوڭ ساۋاپقا ئىگە بولغان دېيىلسە، يانا بىرىدە، ئۇيغۇر خاقانلىرىدىن يانا بىرىنىڭ سويۇملۇك مەھبۇبى ئېغىر ئاغرىقتىن خالاس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ تەڭرىگە ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرۈپ تارقاتقان، دېيىلگەن. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ، ئەينى زاماندىكى قاراغوجا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مەۋجۇت

بولغان كىتاپ كوچۇرۇش ساۋاپلىق ئىش دەيدىغان دىنى ئە-قىدىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ رىۋايەتلەر بىزگە «ئالتۇن ياروۇق»نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قانداق بىرشارائىت ھەم زورۇرىيەت ئاستىدا كوچۇرۇلۇپ تارقىتىلغانلىقىنى چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

بارلىق جاندارلارغا قىلچە ئازار بەرمەسلىك — بۇددا تە-لىماتىنىڭ مۇھىم پىرىنسىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ، «ئالتۇن ياروۇق» نىڭ بىر پارچىسىدا مۇنداق بەدىئى يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ:

ئىنجوۋ دىگەن يۇرتنىڭ كېتاۋ دىگەن بىر بىگى بولۇپ، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزىنىڭ تويىنى قىلماقچى بولىدۇ. تويغا نۇرغۇن كالا، قوي، قۇشلارنى سويىدۇ. توي تۇگەپ ئون كۈن ئوتمەي، كېتاۋ بەگ ئاغرىپ پالەچ بولۇپ قالىدۇ، كېيىن تۇيۇق-سىزلا ئولۇپ قالىدۇ. كېتاۋ بەگ گەرچە ئولگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەممە يېرى مۇزلاپ، پەقەت يۇرىگىلا ئىسسىق تۇرىدۇ. بەگنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭ ئولىگىنى تورت كۈن ساقلاپ، ئەمدى ئېلىپ چىقىپ كومۇشكە تۇتۇش قىلغاندا، بەگ تۇيۇق-سىزلا تىرىلىپ قالىدۇ. بۇنى كورگەن خىزمەتچىلەر دەرھال قاچىدۇ. بەگ ئۇلارنى زورغا توختىتىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەي-دۇ: "مەن تويدا سويغان جانۋارلار ئۇ دۇنياغا بېرىپ، تەڭرىگە ئەرز قىلدى. تەڭرىنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق تورت دىۋە كېلىپ، مېنى تۇتۇپ، تەڭرىنىڭ ئالدىغا ئاپاردى. تەڭرى مېنى سوراق قىلدى......سوراقنىڭ ئاخىرىدا پەقەت «ئالتۇن ياروۇق»نى كوچۇ-رۇپ تارقاتسام‌لا گۇناھىمنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى".

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خىزمەتچىلەر بەگنى ئويگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بەگ شۇندىن كېيىن ئوز بەگلىگىدىن ۋە مال-مولكىدىن كېچىپ، «ئالتۇن ياروۇق»نى كوچۇرۇشكە تۇتۇش قىلىدۇ. كوپ ئىز-لىنىشلەر ئارقىلىق ئاخىرى كىتاپنى بىر بۇتخانىدىن تېپىپ كې-لىپ، كىچە-كۈندۇز ئولتۇرۇپ كوچۇرۇپ، ھەم گوناھىنى ساقىت

قىلىدۇ، ھەم مۇقەددەس ساۋاپقا ئىگە بولىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق»تا يەنە قىينىچىلىقتا قالغانلارنى قىينىچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش، ئازاپ-ئوقۇبەت، قىينىچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش، بۇ يولدا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىش ئىنتايىن ئۇلۇغ، ساۋاپلىق ئىش دەيدىغان بۇددا ئەقىدىلىرىمۇ ئىنتايىن تەسىرلىك، ئوبرازلىق ھالدا بايان قىلىنغان.

مەسىلەن: چامبۇدىۋىپ يۇرتىنىڭ خاقانى ماخارادىنىڭ كەنجى ئوغلى ماخاستىۋنىڭ، يەتتە كۈچۈكى بىلەن جاڭگالدا يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغان چىشى يولۋاسنى ئۆزىنىقۇربان قىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىق ۋاقەسى "باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىش ساۋاپلىق ئىش"، دەيدىغان بۇددا ئەقىدىسىنىڭ «ئالتۇن يارۇق» دىكى بەدىئى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ گەرچە ئەسەردە دىنى چۈشەنچە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ ئىنسانلاردا شەخسىيەتچىلىكتىن خالى بولۇپ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆز لەشكە ئۈندەيدىغان ئومۇملۇق روھنى، باشقىلار ئۈچۈن ئۆزجېنىنى قوربان قىلىشتىن يانمايدىغان قەھرىمانلىق ئىرادىنى تۇرغۇزۇشتا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئەڭ موھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدىكى دىنى ئەقىدە ۋە چۈشەنچىلەر ھەرگىز ئابستىراكتنى سۆز، ئۇقۇملار بىلەن ئەمەس، بەلكى كونكرېتنى خاراكتېرغا ئىگە بولغان بەدىئى ئوبرازلار ۋە بەدىئى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى ئاچىدىغان ئوتكۈر قارىمۇ-قارشىلىققا ئىگە سيۇژەت ئارقىلىق بېرىلگەن. بايان قىلىنىۋاتقان ۋاقەلىكمۇ كۆپ خىل، رەڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئەسەردە

ئىمونىتسىيىلىك كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلىمۇ خىلمۇخىل بەدىئىي ۋاستىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇلغان، ئەدىبىي تەسۋىرلىرى جانلىق ھەم كوركەم، تەسىرى كۈچى ئۈستۈن بولغان خېلىلا پىشىپ يېتىشكەن بەدىئىي تىل بولۇپ، ئۇ ئەسەردىكى ھەرخىل خاراكتېرلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز لايىغىدا ئېچىپ بەرگەن. بۇنداق خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىك «ئالتۇن يارۇق» نى ھازىرقى زامان ھېكايىچىلىقىغا بەكمۇ يېقىنلاشتۇرغان. شۇڭا بۇ ئەسەر سيۇژىتىنىڭ مۇكەممەللىكى، كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختىلىقى، يارىتىلغان ئوبرازلىرىنىڭ جانلىق، خىلمۇخىللىقى، خاراكتېرلارنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى ۋە تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، دېتاللىرىنىڭ مۇستەھكەم ۋە پىششىقلىقى، تىلىنىڭ تولۇق بەدىئىي تىل ئىكەنلىكى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. «ئالتۇن يارۇق» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى، دىنى چۈشەنچىسىنى، تىل-يېزىق ۋە ئۆرپ-ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ۋە مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

لېكىن «ئالتۇن يارۇق» دا تۆۋەندىكىدەك سەلبىي تەرەپلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

بۇددا دىنى كىشىلەر چېكىۋاتقان ئازاپ-ئوقۇبەتنىڭ جاۋاپكارلىقىنى شۇ ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆز زىممىسىگە يۈكلەيدۇ. بۇ تەلىمات بويىچە ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالغان چوڭ ياشتىكىلەر ئازاپ-ئوقۇبەت چەكمەسلىك ئۈچۈن قايتىدىن تۇغۇلۇپ، يېڭىۋاشتىن ھايات باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. يېڭىدىن تۇغۇلغانلارنىڭ تەقدىرگە ئىتائەتچانلىق بىلەن بويسۇنۇشى، مەيلى ياخشىلىق بولسۇن، مەيلى يامانلىق بولسۇن، ھەممىگە سەۋر-تاقەت قىلىشى، چىدامىلىق كۆرسىتىشى لازىم بولىدۇ. مانا بۇلار ماھىيەتتە ئەمەلگە ئاشمايدىغان، كىشىلەرگە


Altunoq

قۇلچىلىق ئىدىيىسىنى سىڭدۇرۇپ قويىدىغان ساغلام بولمىغان ئىدىيىدۇر.

ئەسەردە بەدئىي يوسۇندا ئەكس ئەتكەن "رىيازەت چە-كىش زورۇر ۋە پايدىلىق"، "سەۋر - تاقەت، ئىتائەتچانلىق — مېھرى - شەپقەتنىڭ ئانىسى، ئۇزىنى بۇ يولدا قۇربان قىلىش چەكسىز ئالى بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ بىردىن - بىر ئالە-جاناپ يولى" دېگەن كوزقاراشلار ماركسىزمغا تۇپتىن زىت بولغان، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، كىشلەرنىڭ ئەركىنلىگى ۋە ئىجاتچانلىقىنى بوغىدىغان پاسسىپ، سەلبى ئامىللاردىن ئىبارەت. بىز بۈگۈنكى مەدەنىيىتى بولغان «ئالتۇن يارۇق» قا باھا بەرگەندە يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئۇتكەن بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئورنەك قىلە-لىشىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئەسەردە ئەكس ئەتكەن قۇلچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان، تەقدىرگە بويسۇنۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پاسسىپ نوقتىئى نەزەرلەرگە قارىتا تەنقىدىي مۇئا-مىلە قىلىشىمىز لازىم.

9 — ئەسىر قاراغوجا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر قەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان چوڭ ھەجىمدىكى نەسرى ئەسەر-لەرنىڭ بىرى «ئىرق پۈتۈك» («پال كىتاۋى» ياكى «تەبىر-نامە») بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

«ئىرق پۈتۈك» نىڭ بىزگە مەلۇم بولغان نۇسخىلىرىدىن بىرى ئا. ستەيىن تەرىپىدىن دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيىدىن (بىزەكلىكتىن) تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر رۇنىك يېزىقىدا يې-زىلغان نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخا جەمئىي 104 بەتلىك ھەجىم-گە ئىگە. ھەر بىتىدە 40 دىن 70 گىچە رونا (ھەرپ) بار. بۇ قولىيازما يۈزدىن ئارتۇق پال ۋە ئۇنىڭ تەبىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇندىن باشقا ئا.لىكۇك تەرىپىدىن تۇرپاندىكى تۇيۇق-تىن تېپىلغان ئۇرخۇن يېزىغىدا يېزىلغان نۇسخا بىلەن قەدىمـ-قى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يانا بىر قانچە نۇسخىلارمۇ بار بولۇپ، بۇلاردا ئىشلىتىلگەن تىل-يېزىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس بولغان بىرمۇنچە ئالاھىدىلىككىلەرگە ئىگە.

«ئىرق پۈتۈك» ئىنسانلارنىڭ پىسخىك پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولغان چۈشكە قارىتا تەبىر بېرىشنى مەزمۇن قىلغان پال كىتاۋى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ياكى ئوي-خىيالىرنىڭ ئىنسان مېڭىسىدە پىسخىك ھالەتتە ئەكس ئەتكەن خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىشلىرىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق نۇقتىـ-سىدىن تۇرۇپ باھا بېرىدۇ، ئۇلارنى ياخشىلىق ياكى يامانلىققا تەدبىق قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ.

«ئىرق پۈتۈك»تە مۇنداق چۈش ھادىسىلىرى ياخشىلىقنىڭ بەلگۈسى دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ:

چۈشىدە تەڭرى ياكى پادىشا بولۇش، پادىشا ئوردىسىدا سەيلە-تاماشە قىلىش، تەڭرى ياكى خىزىرغا يولۇقۇش، قۇش بولۇپ ئۇچۇش ياكى قۇشقا مىنىش، ئوقيا ئېتىش، جەڭگە چىقىش، ئوڭۇشلۇق سەپەر قىلىش، نەرسە ئۇتۇۋېلىش، يىرتقۇچ ھايۋانـ-لار بىلەن جەڭ قىلىش، پادىشا ياكى باھادىرلارنىڭ غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ دۈشمەننى يەڭگەنلىكىنى، تاڭ ئېتىپ، كۈن چىقـ-قانلىقىنى، يامغۇر ياققانلىقىنى كورۇش قاتارلىقلار.

مۇنداق چۈش ھادىسىلىرى يامانلىقنىڭ بەلگۈسى دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ:

چۈشىدە ئوت كېتىش ھادىسىسىنى، يېغىر ئاتنى، بىرەر ئەزاسى كەمتۈك ھايۋاننى، ھايۋاناتلارنىڭ ئوت-چۆپسىز، سۇسىز قېلىشىنى، ھايۋانلارنىڭ ئۆز گوشىنى ئۆزى يېيىشىنى، قۇشلارنىڭ تۇزاققا ئېلىنىپ قالغانلىقىنى كورۇش، چۈشىدە

خۇشاللانماسلىق ياكى دەھشەتلىك نەرسىنى كورسىمۇ قورقـ ماسلىق، جاراھەت باسقان ھايۋانلارغا مىنىش قاتارلىقلار.
«ئىرق پۈتۈك»تە بايان قىلىنغان ياخشىلىق (ئەزگـۈلۈك) بىلەن يامانلىق ئالامەتلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى تا بۈگۈنكى كۈنـ گىچە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا شۇ پېتىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.
مەسىلەن: چۈشىدە پادىشانى كورسە بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولىدۇ، چۈشىدە قارا قۇش كورسە ئامەتى كېلىدۇ، چۈشىدە ئورۇق ياكى ئاغرىق ئات مىنسە، كوڭۇلسىزلىك يۈز بېرىدۇ، چۈشىدە سېمىز ئات مىنسە، ئىشى ئوڭدىن كېلىدۇ، سېمىز توگە مىنسە مۇرادىغا يېتىدۇ، چۈشىدە قوي پادىسى كورسە، باي بولىدۇ، ئاسماندا ئۇچۇپ چۈش كورسە، پايدا ئالىدۇ، چۈشىدە يامغۇر كورسە، تۇرمۇشى باياشات بولىدۇ، چۈشىدە بۆغا كورسە، بالا ـ قازادىن قۇتۇلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاشلار.
«ئىرق پۈتۈك» قەدىمقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى، دۇنياقارىشىنى، دىنى ئېتىقادى، ئورپ ـ ئادىتىنى، پسىخىك ھادىسىلەرگە بولغان چۈشەنچە ۋە كوزقاراشلىرىنى تەتـ قىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئوز مەزمۇنىنىڭ بايلىغى، ۋاقەلىگىنىڭ قىزىقارلىغى، بەدىئى تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى بىلەن خەلقارا تۈركشۇناسلارنىڭ دىقـ قەت ئېتىۋارىنى قوزغىغان بۇددا دىنىغا ئائىت مەشھۇر ھىكايىلەرـ نىڭ بىرى «ئىككى تېكىن (شاھزادە) رىۋايىتى» بولۇپ ھىساپـ لىنىدۇ. ئىككى تېكىن رىۋايىتىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان نۇسخىسى 1907 — 1908 ـ يىللىرى فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پ. پىللوت تەرىپىدىن دۇڭخۇاڭدىكى مىڭ ئويدىن تېپىلغان. كىتاپنىڭ باشـ ئاخىرى تولۇق بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىغىنى ئېنىقلاش مۇمكىن

بولمىدى، شۇنداق بولسىمۇ قاراغوجا ئۇيغۇر خاندانلىغى دەۋرىدە، بەشبالىق، تۇرپان، كۇچار، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ راسا گۈللەنگەنلىگىگە قاراپ، بۇ ئەسەرنى قاراغوجا ئۇيغۇرخانلىغى دەۋرىدە ياشىغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر تەرىپىدىن سانسكرىت تىلىدىن ياكى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇكىتاپ 80 بەت، ھەر بىتىدە 7 - 8 قۇردىن خەت يېزىلغان، 640 قۇرغا يېقىن ھەجىمگە ئىگە چوڭ ئەسەر بولۇپ، ئۇ ھازىر پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر تېپىلىپ، ئارىدىن 6 - 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1914 - يىللىرى)․ف. فىللوت بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ تۇنجى تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. شۇندىن كېيىن بۇ ئەسەر ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى تۈركشۇناسلارنىڭ جىددى دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىدى. ئۇلار بۇ ئەسەرنى دۇنيادىكى خىلمۇ-خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، خەلقارالىقا تونۇشتۇرغاندىن باشقا، كوپلىگەن ئىلمي ماقالىلارنى يېزىپ بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«ئىككى تېكىن (شاھزادە) رىۋايىتى»دە مۇنداق ۋاقەلىك ھىكايە قىلىنىدۇ:

باراباس دولىتىنىڭ خاقانى ماخارىستىنىڭ تېكىن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭى كىچىگىدىن باشلاپ ناھايىتى زىرەك، ئېقىللىق، تىرىشچان بولغانلىغى ئۈچۈن، بىلىملىك ئالىم بولۇپ يېتىشىدۇ. كىچىگى بولسا ھورۇن، دوت بولغاچقا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، بوشاڭ، بىلىمسىز، نادان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ تېكىن شەھەر سىرتىغا سەيلىگە چىقىدۇ، دىخانلارنىڭ جاپا چېكىپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانلىغىنى، قېرى ئاياللارنىڭ چاق ئىگىرىپ رەخت توقۇۋاتقانلىغىنى، بېلىق-

چىلارنىڭ، ئۇۋچىلارنىڭ، قاسساپلارنىڭ، ھەتتا قاغا ـ قۇزغۇنلار ـ نىڭ تىرىكچىلىكنى دەپ نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ تەلى ـ ماتى بويىچە، جان ـ جانىۋار، ھايۋانلارغا ئازار بېرىش، ئۆل ـ تۈرۈش ئەڭ قاتتىق گۇناھ ھېساپلىناتتى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ تىرىك ـ چىلىكنى دەپ يۇقۇرقىدەك يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇددىستىۋا (بۇددا دىنىنىڭ موللىسى) تېكىن ئىنتايىن ئازاپلىنىپ يىغلىغان ھالدا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. ئاتىسى ماخارىست ئوغلىدىن نېمە ئۈچۈن غەم ـ قايغۇغا گىرىپتار بولغانلىقىنى سورايدۇ. ئاق كۆڭۈل تېكىن كۆرگەنلىرىنىڭ ھەم ـ مىسىنى بايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەت، نامراتچىلىقتا قالغانلىقىنى، تىرىكچىلىكنى دەپ گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. دادىسى مۇنداق دەي ـ دۇ: "ئامراق قوزام! يەر ـ جاھان پەيدا بولغاندىن بېرى بايمۇ بار، گادايمۇ بار. سەن قانداق قىلىپ ئۇلارنى ئازاپتىن قۇ ـ تۇلدۇرالايسەن؟"

تېكىن ئاتىسىدىن مۇنداق دەپ سورايدۇ:

— ئاتا! مېنى سۆيەمسىز؟

— ئامراق قوزام، سېنى شۇنداق سۆيىمەنكى، سېنى خۇددى ئالقىنىمدىكى ئۈنچە ـ مەرۋايىتتەك، كۆزۈمنىڭ نۇرىدەك كۆرى ـ مەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاتىسى.

بۇ چاغدا تېكىن ئاتىسىدىن مال ـ دۇنيا سورايدۇ. دادىسى خالىغىنىچە ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاق نىيەت تېكىن ئاتىسىنىڭ ئىل ـ تىپاتىغا ئاساسەن مال ـ دۇنيانى تىلەمچىلەرگە، ئاجىز، بىچارى ـ لەرغا سەدىقە قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سېخىلىقتىكى نام ـ شۆھرىتى تېز ئارىدا يىراق ـ يېقىننىڭ ھەم ـ مىسىگە تارقىلىدۇ. يىراق ـ يېقىندىكى تىلەمچى، ئاجىز، بىچارىلەر

ئاق نىيەت تىكىندىن سەدىقە تىلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلايدۇ. غەزىنىدىكى مال ـ دۇنيا تۈگەشكە ئاز قالغاندا، غەزىنىچىلەر باشلىغى، خانىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى خانغا دولەتنى، قانۇننى مال ـ دۇنيانىڭ تۇتۇپ تۇرىدىغانلىغىنى، مال ـ دۇنيا تۈگەپ كەتسە دولەتنى، قانۇننى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مال ـ دۇنيانى سەدىقە قىلىشنى توختىتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇ ئىلتىماسقا خان: "ئاتا مال ـ دۇنيا يىغسا ئوغلى ئۇچۇن ئەمەسمۇ؟ ئامراق قوزامـ نىڭ كوڭلىنى نىمىشقا ئاغرىتىمەن؟ غەزىنىچىلەر بىر مەزگىل باشقا ياققا كېتىپ تۇرسۇن، تېكىن ئەھۋالنى ئۆزى چۈشۈنۈۋېلىشى مۇمكىن"، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. غەزىنىچىلەر كېتىپ قالىدۇ. تىلەمچىلەر، كەمبەغەل ـ ئاجىزلار غەزىنىچىنى تاپالماي، كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنى كورگەن تېكىن، ئاتام خان خەلقىنىڭ تىلىدىن قورقۇپ شۇنداق يارلىق (بۇيرۇق) قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتا ـ ئانا كورۇنەر تەنلىك بورخان (يېرىم خۇدا) دېيىلىدۇ. قايسى كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كوڭلىنى ئاغرىتسا، دوزاقـ قا چۈشىدۇ، (ئاتا ـ ئانىسىنىڭ) پەرزەنتى ھىساپلانمايدۇ. مەن ئەندى ئاتا ـ ئانامنىڭ كوڭلىنى ئاغرىتماي؛ ئاتام ئىلىگمۇ (خانـ مۇ) خەلقىنىڭ تىلىغا قالمىسۇن، ئوز تىرىشچانلىغىم بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلاي، دەپ ئويلايدۇ. شۇندىن كېيىن يۈزلۈك ـ ئابرويـ لۇق كىشىلەردىن: "قانداق قىلغاندا كوپ مال ـ دۇنيا يىغقىلى بولىدۇ؟" دەپ سورايدۇ. بەزىلەر مال ـ دۇنيا يىغىشنىڭ بىردىنـ بىر ياخشى يولى تېرىقچىلىق دىسە، بەزىلەر چارۋىچىلىق، دەيدۇ، يانا بەزىلەر، سودىگەرچىلىك، دىسە، بەزىلەر "دېڭىزغا كىرىش" دەيدۇ. ئاخىرى تېكىن دانىشمەن، نوم بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىگە مۇۋاپىق دېڭىزغا كىرىپ، چىنتەمەنى ئەنگۈشتىرىنى تېپىپ، يەر ـ يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلارنى جاپادىن قۇتۇلدۇ ـ

www.uyghurkitap.com

روْش قارارىغا كېلىدۇ. ئىلىگ خان بۇنى ئاڭلاپ، تېكىنگە غەزى-
نىدىكى مال - دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئېلىشنى، دېڭىزغا بارماسلىقنى؛
چۈنكى دېڭىزغا بارغاندا، ۋەھشى بېلىقلار، كىتلارنىڭ يەپ كې-
تىش، كېمىنىڭ سۇ ئاستى تاغلىرىغا سوقۇلۇپ كېتىپ غەرق بو-
لۇش، سۇدىن جىنلار چىقىپ كېمىنى ئۆكتۈرۈۋېتىش، سۇ دولقۇن-
لىرى كېمىنى پاچاقلىۋېتىش، بۇ يىل باشقا يىللارغا ئوخشىمايدىغان
بوران - چاپقۇنى كوپ، قورقۇنۇشلۇق يىل بولغاچقا كېمە ئاغ-
دۇرۇلۇپ كېتىشتەك بەش تۇرلۇك خەۋپىنىڭ مەۋجۇتلىغىنى
ئېيتىپ يولدىن توسىدۇ. تېكىن بۇنىڭغا كونمەيدۇ. ئەگەر رۇخ-
سەت قىلمىسا ئولۇۋالىدىغانلىغىنى ئېيتىپ تەھدىت سېلىش ئارقى-
لىق ئاخىرى ئاتىسىنى ماقۇلغا كەلتۈرىدۇ. ئاتىسى بىرنەچچە
قېتىم دېڭىزغا بېرىپ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەن 80 ياشلىق
تەجرىبىلىك بىر پېشقەدەم قارغۇ بوۋاينىڭ يول باشلىشىدا، بىر
نەچچە ئون كېمىچى بىلەن 500 سودىگەرنى تېكىنگە ھەمرا
قىلىپ، ئۇنى دېڭىزغا يولغا سالماقچى بولىدۇ. ئوزۇق - تۈلۈك ئات-
ئۇلاق ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەييار بولىدۇ. ئاق نە-
يەت تېكىن ئەندى سەپەرگە ئاتلىناي دەپ تۇرغاندا، ئىنىسى تې-
كىن ئاكىسى بىلەن بىللە بارىدىغانلىغىنى ئېيتىپ تۇرىۋالىدۇ. چۈنكى
ئىنىسى تېكىن بوشاڭ، ھورۇن بولغاچقا ئاتىسى ئۇنى ئانچە
ياخشى كورمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىسى دېڭىزغا بېرىپ
ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ كەلسە، ئۇ چاغدا ئاكىسىنىڭ ئاتا - ئانا، ئەل-
جامائەت ئارىسىدا ئىناۋىتى تېخىمۇ ئوسۇپ، تېخىمۇ قەدىرلىنىپ
ئىنىسى تېكىنىنىڭ تېخىمۇ قەدىرسىزلىنىشى تۇرغان گەپ ئىدى.
بۇنى ئويلىغان تېكىن ئىلاجى بار ئاكىسى بىلەن بىللە بېرىپ، ئاكى-
سى تاپقان ئەنگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاتا - ئانا، مەھەللە،
ئەل - جامائەت ئارىسىدا ئىناۋىتىنى ئۈستۈرۈشتىن ئىبارەت مۇ-
شۇنداق قارا نىيەتنى كوڭلىگە پۈككەن ھالدا دېڭىز سەپىرىگە بار-

ماقچى بولدۇ. ئاتىسى سەپەر كورۇپ ئادەم بوئسۇن دېگەن
مەقسەتتە بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاكا ـ ئۇكا
تېكىن بەشيۈز كىشىنىڭ ھەمرالىقىدا سەپەرگە چىقىپ، دېڭىز
بويىغا بارغاندىن كېيىن، يەتتە كۈن تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ. يەتتىنچى كۈنى ئەتىگەندە، سەپەرگە چىققانلار تې-
كىنگە سادىق بولۇش، قوشۇندىن ئايرىلىپ قالماسلىق، چېكىنمەس-
لىك، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇش ھەققىدە قەسەميات قىلىشىپ
يولغا چىقىدۇ. بىرنەچچە كۈندىلا خېيىم ـ خەتەرسىز ئەنگۈشتەر-
لىك ئارالغا يېتىپ بېرىپ، يەتتە كۈن دەم ئالىدۇ. يەتتىنچى
كۈنى چوڭ تېكىن كېمىلەرنى ئارالدىكى ئەنگۈشتەر، ئۈنچە-
مارجان، مەرۋايىتلار بىلەن توشقۇزۇپ، ھەمرالىرىنىڭ ھەممىسىنى
ئىنىسى تېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئۆز يۇرتىغا يولغا سالىدۇ. ئۆزى ۋە
يول باشلىغۇچى بوۋاي يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلارغا، ئاجىز-
بىچارىلەرگە تېخىمۇ كوپ پايدا يەتكۈزۈپ ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇش
ئويىدا، خېيىم ـ خەتەرگە قارىماستىن چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرىنى
ئېلىش ئۈچۈن كۈمۈشلۈك ئارالغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يەتتە
كېچە ـ كۈندۈز سۇ ئۈزۈپ، ئاخىرى كۈمۈشلۈك ئارالغا يېتىپ
بارىدۇ. يول باشلىغۇچى بوۋايغا ھاردۇق يېتىپ قىمىرلاشقا
ھالى قالمىغانلىقتىن تېكىنگە مۇنداق دەيدۇ: "ئوغلۇم شەرق تە-
رەپتە ئالتۇن تاغ بار، تاغدىكى ھەر بىر نىلۇپەر گۈللىرىدا بىر-
دىن زەھەرلىك يىلان بار. ئۇلار بىر نەرسىنى سەزگەن ھامان
تۇتۇن چىقىرىدۇ. تۇتۇن چىققىنى يامانلىقنىڭ بەلگۈسى، ئەگەر
تۇتۇن چىقمىسا ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغىنى. سەن ئەگەر مۇشۇ
بىرىنچى خەتەرنى بوسۇپ ئوتەلىسەڭ ئەژدىھارخان شەھرىگە
يېتىپ بارالايسەن. شەھەر يەتتە قات خەندەك بىلەن قورشال-
غان. خەندەكتىكى سۇدا سانسىزلىغان زەھەرلىك ئەژدىھارلار
بىلەن يىلانلار بولۇپ، ئۇلار ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. مانا بۇ

ئىككىنچى خەتەرنى بوسۇپ ئۆتەلىسەڭ ئەژدىھارخان بىلەن كۆ-رۈشۈپ، مۇرات ـ مەقسىدىڭگە يېتەلەيسەن. قورقما، غەم قىلما، خۇدا ساڭا يار بولغاي. مەن ھازىر ئۆلىمەن. ئەگەر سەن بور-خان بەختىنى (خۇدالىقنى) تاپساڭ، مىنى ئۇنتۇپ قالما.“

بوۋاي بۇ ۋەسىيەتنى قىسىپ بولۇپ، شۇ ھامان ئۆلىدۇ. تېكىن بىر قانچە خىل خەتەرلىكنى يېڭىپ، ئامان ـ ئىسەن ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ بارىدۇ. ئوردىغا ئۈچ دەرۋازىدىن ئۆت-كەندىن كېيىن ئاندىن كىرگىلى بولاتتى. تېكىن ئەنگۈشتەر-لىك يىپ ئىگىرىۋاتقان چىرايلىق ئىككى قىز كۈزەتچىلىك قىلىۋاتقان بىرىنچى دەرۋازىدىن، ئاق كۈمۈش يىپ ئىگىرىۋاتقان چىرايلىق توت قىز كۈزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىككىنچى دەرۋازىدىن، ئالتۇن يىپ ئىگىرىۋاتقان، ساھىپ جامالىلىقتا تەڭدىشى بولمىغان سەككىز قىز كۈزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئۈچىنچى دەرۋازىدىن تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ، ئوردىغا ئۆزىنىڭ ئەژدىھارخان بىلەن كۆرۈشۈش ھەققى-دىكى ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ. تېكىننىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان ئەژدى-ھارخان: ”ئۇ ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ۋە بەختلىك بۇددىنىسۋالاردىن بولۇ-شى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇ يەرگە ھەرگىز كىلەلمەيتتى“، دەپ ئويلاپ، كىرىشكە ئىجازەت بېرىدۇ ھەمدە ئۆزى ئالدىغا چىقى-دۇ. تېكىن ئەژدىھارخان بىلەن كورۇشكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ، شا-دىمان كۆڭۈل بىلەن سەدىقە بەرمەكلىكنىڭ نەقەدەر ساۋاپلىق ئىش ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئەژدىھارخانغا ئىبىل نوم سوزلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىنتايىن سويۇنۈپ، كوڭلى ئېچىلغان ئەژدىھارخان تېكىن-دىن نىمە تىلىگىنىنىڭ بارلىغىنى سورايدۇ. تېكىن جاھاندىكى بارلىق جانلىقلار ئۈچۈن بورخان بەختىنى تىلەپ، نامرات، ئا-جىز، بىچارىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرنى تىلەپ، سەدىقە ئىلىشقا كەلگەنلىگىنى ئېيتىدۇ. ئەژدىھارخان ئەنگۈشتەرنى تېكىنگە يەتتە كۈن تۇرۇش، جىق-

راق نوم سوزلەپ، بۇ يەردىكىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش شەرتى بىلەن بېرىشكە رازى بولدۇ. يەتتە كۈنگىچە تېكىن ئىنتايىن قەدىرلىنىپ، هورمەت بىلەن كۈتۈشكە مۇيەسسەر بول ـ دۇ. يەتتىنچى كۈنى ئەژدىهارخان "ناراتا" نامىلىق ئەژدىهارلار سەركەردىسىنىڭ قۇلىغىدىكى چىنتەمەنى ئەنگۈشتىرىنى ئېلىپ تې ـ كىنگە بېرىدۇ ۋە بورخان بەختىنى تاپقاندا ئۇزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىغىنى سوراپ، بۇ گۇنالىق جېنىدىن بىر يولى قۇتۇلۇش ئۇمىدىنىڭ بارلىغىنى ئېيتىپ، تېكىننى يولغا سالىدۇ. تېكىن ئەژ ـ دىهارخانىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كوزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە قىرغاق ـ قا چىقىپ، ئىنىسى تېكىن بىلەن ئامان ـ ئىسەن كورۇشىدۇ. ئىنى ـ سى تېكىن ئۇز هەمراللىرىنىڭ دېڭىزدا هالاك بولغانلىغىنى، ئو ـ زىنىڭ پەقەت كېمە ياغىچىغا ئېسىلىۋېلىپ قۇتۇلۇپ قالغانلىغىنى سوزلەپ بېرىدۇ هەمدە ئاكىسى تېكىندىن ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىگىنى سورايدۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ چىنتەمەنى ئەنگۈشتىرنى ئېلىپ كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ، نىيىتى بۇزۇلىدۇ. ئە ـ گەر ئاكام چىنتەمەنى ئەنگۈشتىرنى ئېلىپ بارسا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانام، ۋە ئەل ئالدىدىكى ئىناۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئوسۇپ، مەن قەدىرسىزلىنىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كورە ئاكامنى ئولتۇرۇۋېتىپ ئەنگۈشتەرنى ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا مەن ئېلىپ باراي" دەپ ئويلايدۇ ـ دە، ئاكىسىغا: "بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، ئەنگۈشتەرنى مەن ساقلاپ تۇراي" ـــ دەيدۇ. كوپ يول يۇرۇپ هارغىنلىق يەتكەن ئاق نىيەت تېكىن ئىنىسىنىڭ تەكلىۋىگە مۇۋاپىق ئەن ـ گۈشتەرنى ئىنىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئوزى ئۇخلاشقا ماڭىدۇ. قارانىيەت تېكىن ئاكىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدى ـ لىنىپ، ئىككى تال قومۇش تىكەنىنى كوزىگە سانجىۋېتىپ، ئوزى قېچىپ كېتىدۇ. تېكىن نالە ـ پەرياد قىلىپ، ئىنىسىنى چاقىرىدۇ. بۇنى كورۇپ تۇرغان بىر پەرىشتە تېكىننىڭ نالە ـ پەريادىغا



AltunOq

چىدىماي، بولغان ئەھۋالنى سوزلەپ بېرىدۇ-دە، تېكىننى قولىدىن يېتىلەپ ئادەملەر ئارىسىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

قارانىيەت تېكىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاكىسىنىڭ ۋە سەپەرداشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى، پەقەت ئۆزىنىڭ تىرىك قالغانلىقىنى سوزلەپ بېرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتىسى يىغلاپ، دەسلەپ ئىگىز راۋاقتىن ئۆزىنى تاشلىۋالىدۇ، ئۆلمىگەندىن كېيىن، ھوشىغا كېلىپ، بۇنىڭدا بىر سۈيىقەستنىڭ بارلىقىنى پەملەپ، قارا نىيەت تېكىننى زىندانغا سالىدۇ.

ئاق نىيەت تېكىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، بولىغۇسى قەيىنى ئاتىسىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ كالا پادىسىغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. تېكىننىڭ كوزىنى كورگەن كالىلارنىڭ بۇقىسى ئالدىغا ئوتۇپ، تېكىننى ئۈگدىسىغا ياتقۇزۇپ، تورت ئايىغى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ، قالغان كالىلار تېكىننىڭ كوزىنى بىردىن يالاپ ئۇنىڭ كوزىدىن تىكەننى چىقىرىۋېتىدۇ. پادىچى تېكىننىڭ كىملىگىنى سورايدۇ. ئۇز ئىسمى ۋە قەبىلىسىنى ئېيتىپ بەرسە ئىنىسىنىڭ ساق قالمايدىغانلىقىنى بىلگەن تېكىن "ھېچكىمىم يوق بىر تىلەمچىمەن"، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىچى تېكىننى ئويىگە ئاپىرىپ، بىر ئاي مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن پادىچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تېكىنگە بولغان مۇئامىلىسى ئوزگۈرۈشكە باشلايدۇ، تاماقنى دوق قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن تېكىن پادىچىنىڭ يالۋۇرۇشىغا قارىماستىن پادىچى تېپىپ بەرگەن قومۇزنى چېلىپ، كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ، تىلەمچىلىك قىلىدۇ. تېكىن قومۇز ۋە ناخشىغا ئىنتايىن ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان كىشىلەر تېكىنگە كوپلەپ سەدىقە بېرىدۇ. تېكىن خەلق ئىنھام قىلغان سەدىقە بىلەن ئۆزىدىن باشقا 500 تىلەمچىنى قامدايدۇ.

باغۋەن مىۋىلەرنى قۇشلار چوقۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دايىم جازاغا ئۇچرايتتى. ئۇ شەھەردىكى دانىشمەنلەردىن مەسلىھەت سوراپ، مۇۋاپىق بىر ئامال تاپالمىغان ئىدى. تېكىننىڭ ماھارىتىنى كۆرگەن باغۋەن ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدۇ. تېكىن باققا باشلاپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. ئۇ باققا بارغاندىن كېيىن ھەر بىر مىۋە دەرىخى ئۈچۈن بىردىن قوڭغۇراق ئېسىشنى، ئۇنىڭغا يىپ باغلاپ ئۇز قولىغا تۇتقۇزۇشنى بۇيرۇيدۇ. باغۋەن ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسىنى بېجىرىدۇ. تېكىن قولىدىكى يىپنى تارتىش ئارقىلىق قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ، مىۋىلەرگە قونغان قۇشلارنى ئۈچۈرۈۋېتىپ، مىۋىلەرنى قۇشلارنىڭ چوقۇۋېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. تېكىننىڭ پەم-پاراستىگە قايىل بولغان باغۋەن ئۇنى ئۇز يېنىدا ئېلىپ قالىدۇ. تېكىننىڭ سايىسىدا كۈن كۆچۈرۈۋاتقان تىلەمچىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي يىغلىشىدۇ. بۇ چاغدا تېكىن ئايرىلىشنىڭ داۋاملىق مەۋجۇتلىقىنى، ئۇنىڭدىن خالى بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تىلەمچىلەرگە تەسەللى بېرىدۇ ھەمدە قاچان بورخان بەختىنى تاپسا، شۇ چاغدا ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ.

مانا بۇلار ئىككى تېكىن رىۋايىتىنىڭ ئاساسى سيۇژىتى.

رىۋايەتتە تەسۋىرلەنگەن چوڭ تېكىن بۇددا دىنىغا قاتتىق ئېتىقات قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۇزىنىڭ بىردىن-بىر مۇقەددەس بۇرچى ھىساپلايدىغان ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل، سەممى بىر ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كەمبەغەل، ئاجىز، بىچارىلەرنىڭ جاپادا قالغانلىقىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. تىرىكچىلىكنى دەپ گۇنا ھىساپلانغان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئازاپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاجىز-بىچارىلەرنى گۇنادىن خالى قىلىش، جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن باش قاتۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى

چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرنى ئەكىلىشتىن ئىبارەت خەتەرلىك ئىشقا بەل باغلايدۇ، ئۆلۈمدىن، خىيىم-خەتەردىن، جاپا-مۇشەققەتتىن، ھېرىش-چارچاشتىن قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى، بىلىملىكلىكى، دانىشمەنلىكى بىلەن بارلىق توسقۇنلۇقلارنى، خىيىم-خەتەرنى يېڭىپ چىقىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا ھەقىقەتەن ئۆز مۇددىئاسىغا مۇۋاپىق نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، كەمبەغەل، ئاجىز-بىچارىلەرنى، تىلەمچىلەرنى ئاچارچىلىق، يالاڭغاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. چوڭ تىپكىس يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان پارلاق، غايىۋى ئوبراز بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رىۋايەتتە ئۇندىن باشقا تىپكىننىڭ ئىنىسىنىڭ ئوبرازى ھەم تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، باشقىلارنى كورەلمەيدىغان، ئىچى تار، ھەسەتخور، ئۆز شەخسىيىتى، نام-شوھرىتى ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىك، يامانلىقنى قىلىشتىن يانمايدىغان ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچى، قارا نىيەت، سۇيىقەستچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رىۋايەت تىل جەھەتتىن خېلىلا پىشقان ئەدەبى تىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھازىرقى زامان پىروزا ژانىرىنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. يارىتىلغان ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىغى، خاراكتىرلارنىڭ ئېنىقلىغى، تەسۋىرگە باي بولۇشى، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، ئىستارا (مىتانومىيە) غا ئوخشاش بەدىئى ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل بولۇشى، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىگى، رومانتىزىملىق روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشى قاتارلىقلار بۇ رىۋايەتنىڭ بەدىئى جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رىۋايەت دىنى مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭدا

ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىنىڭ پارلاق ۋە يارقىنلىغى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن تەربىيىلەشتە، ئاق كۆڭۈل، سەممىي بولۇشقا، ئادىللىق، ھالاللىق بىلەن ئىشلەشكە ئۈندەپ، يامان ئەخلاقى پەزىلەتلەردىن يىراق بولۇشقا چاقىرىشتا، ئۇنىڭدىن يىركەندۈرۈشتە مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى باتۇرلوق قىسسىلىرىدىن بىرى بولغان «چاشتانى ئىلىك بىك» داستانى قاراغوجا خاندانلىغى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر قەدەر مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدىغان پارلاق نامايەندە. بۇ داستان قاراغوجا ئۇيغۇر خاندانلىغى دەۋرىدە تۈنجى قېتىم خاتىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ نۇسخىنى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن گىرمانىيە ئارخىلوگىيە تەكشۈرۈش ئومەكلىرى 1913 — 1914 - يىللىرى تۇرپان رايونىدىن تاپقان. بۇ يازما نۇسخا ھازىر غەربى بېرلىن مۇزېيخانىسىدا ساقلانماقتا.

بەزى تارىخى مەنبەلەردىن ۋە داستاننىڭ ئۆزىدىن قارىغاندا چاشتانى ئىلىك بىك توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئەسلىدە بۇددا ۋە نىستورى (خرىستىيان) دىنلىرى پەيدا بولۇشتىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى، يەنى ئۇيغۇرلار باشلانغۇچ ئىپتىدائى جامائە تۈزۈمىنىڭ ئانىمىزىم دەۋرىنى (ئايرىم قەبىلىلەردىن بىرلىشىشكە، ئۇيۇشۇشقا قاراپ ماڭغان دەۋرىنى) باشتىن كەچۈرۈۋاتقان چاغلاردا بارلىققا كەلگەن. رىۋايەت V — VI ئەسىردىلا يازما شەكىلگە كىرگەن. داستاندا ھىكايەت قىلىنغان ۋابا كېسەللىگى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى ئېتىقاتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ زامانلاردا كىشىلەر بەخت ۋە پالاكەت، سالامەتلىك، كېسەللىك، ھايات بىلەن ئۆلۈم ئادەتتىن تاشقىرى ئايرىم

ھادىسىلەرنىڭ ياكى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدە بولىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. مانا بۇ «چاشتانى ئىلىك بەك» داستانىنىڭ ناھايىتى قەدىمقى زامانلاردا، يەنى ئادەملەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش دەۋرىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ پىكرنى روسسىيەلىك گ.پىلخانوۋ ئۆزىنىڭ «تارىخقا مونىستىك قاراشنىڭ راۋاجلىنىشىغا دائىر مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق قەيت قىلىدۇ: بۇ داستان: "ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئايرىم قەبىلىلەردىن تەشكىل تېپىلگەن دەسلەپكى تۈزۈلۈش دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن"، ئۇنىڭدا "ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى (ئانىمىستىك) دەۋرىدىكى ھەر خىل قاراشلىرى ئۆزلىرىنىڭ شېرى ئىپادىسىنى تاپقان..."

داستانىنىڭ سيۇژىتى گەرچە ئەپسانە ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى، پۈتمەس — تۈگىمەس كۈچ - قۇدرىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھەم قىزغىن مەدھىيىلەنگەن.

چاشتانى ئىلىك بەك خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، قەھرىمانلىق جاسارىتى، ئىقبال - پاراستى ۋە باتۇرلىقىنى ئۆزىدە ھەركەزلەشتۈرگەن غايىۋى ئوبراز بولۇپ، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ بالايى - ئاپەتتىن قۇتۇلۇش، كېسەللىك ۋە ئۆلۈمنى يېڭىش، ۋەھشى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىغا بولغان ئىنتىلىشىگە، بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇشقا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنىشىگە ۋە ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

چاشتانى ئىلىك بەك داستانى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق جىن -

ئالۋاستىلارنىڭ قورقۇنۇچلۇق ۋەھشى قىياپىتى، ئىلىك بىسكىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى ئىنتايىن جانلىق سۈرەتلەنگەن.

× ×

يۇقۇرقىلار قاراغوجا خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن قاراغوجا خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بۇددىزىم خاراكتېرىنى ئالغان، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان، تىل ئۇسلۇبى جەھەتتىن پۈتۈنلەي قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى چاقناپ تۇرىدىغان گۈللەنگەن بىر ئەدەبىيات بولغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز. قاراغوجا خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بۇ خىل خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكى قەدىمقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدارلىقىنى ھاسىل قىلغۇچى، ئۇنى جۇلالاتقۇچى ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشۇلغان غايەت زور ئۇلۇغ تۆھپە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسى ئادرېسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى

هاجى ئەخمەت

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق باشلىنىش نۇقتىسى ئۇزاق داۋام قىلغان ئىپتىدائى جامائە تۈزۈمىدە ئاساس تاپ-قان. ئىجاتكار ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەنە شۇ قەدىمقى دەۋرلەردە ياراتقان قوشاق، چۆچەك، رىۋايەت ۋە قەھرىمانلىق داستانلى-رىدا ئاجايىپ گۈزەل خىيال - تەسەۋۋۇرلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق دۇنيانى ياراتقان ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرىتى، تەبىئەت بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلىش روھى ۋە تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى بىلەن ئىشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ جەۋھەر-لىرى يېزىق ئىجات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە يازما ئەدەبى-ياتقا سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا پىروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا ۋە ئىسىل ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇنىڭ بىزگە قەدەر يېتىپ

كەلگەن يازما يادىكارلىقلىرىدىن ئەڭ خاراكتېرلىك بولغىنى «ئوغۇزنامە» داستانىدۇر. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپىك داستان بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كوچۇپ، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ يېتىپ كەلگەن. شۇنداقلا ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ دەۋردە قوللانغان يېزىقلىرى بىلەن خاتىرىلىنىپ كىتاپ قىلىنغان. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ بۇرۇنقى يازما نۇسخىسى 13 - ئەسىردە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۇرپاندا كوچۈرۈلگىنى بولۇپ، بۇ ئەسلى نۇسخا پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

«ئوغۇزنامە» يىراق بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىرى تارىختىكى چوڭ - چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئى ئۇسۇل بىلەن ئۇزلەشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرگەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقادى، ئورپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىگىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ئېتنوگراپىيىسىنى تەكشۇرۇش، ئەدەبىيات تارىخى ۋە مىللى ئەنئەنىسىنى تەكشۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا، شۇ دەۋرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەسەر تەبىئى ھالدا ئىككى قىسىمغا بولۇنگەن بولۇپ، خەلق رىۋايەتلىرىگە بېغىشلانغان بىرىنچى قىسمىدا، ئوغۇزنىڭ تۇغۇلىشىدىن تا ئۇيغۇر خاقانى بولغىچە جەريانىدىكى ئەھۋاللار،

ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار تەسۋىرلىنىدۇ. تارىخىي پاكىتلارنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى 2 ـ قىسىمدا، ئوغۇزنىڭ يۈرۈش قىلىشى، ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ھەم شۇ جەريانىدىكى ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ.

«ئوغۇزنامە» قىسسى جەلپ قىلارلىق گۈزەل بەدىئىي تۈزۈلۈشكە ئىگە، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ۋاستىلارمۇ خىلمۇ ـ خىلدۇر. ئەسەردە ئوغۇزنى ئۇزىگە شەيدا قىلغان قىزنىڭ گۈزەللىكى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: "ئوغۇز قاغان بىر يېردە تەڭرىگە جالبارـ غۇردا ئېردى. قاراڭغۇلۇق كېلدى. كوكتۈن بىر كوك يارۇق تۈشتى. كۈندىن ئايان، ئايدىن قۇغۇلغۇلۇغراق ئېردى. ئوغۇز قاغان كوردى كىم ئۇشبۇ يارۇقنىڭ ئاراسىندا بىر قىز بار ئېردى. يالغۇز ئۇلتۇرۇر ئېردى. ياخشى كورۇكلۇگ بىر قىز ئېردى. ئانۇڭ باشىندا ئاتاشلۇغ ياراقلۇغ بىر مېڭى بار ئېردى. ئالتۇن قازۇق دەگ ئېردى. ئۇشۇل قىز ئانداغ كورۇكلۇگ ئېردىكىم كۇلسە، كوك تەڭرى كۈلە تۇرۇر، يىغلىسا، كوك تەڭرى يىلايا تۇرۇر، ئوغۇز قاغان ئانى كوردوكتە ئوزى قالمادى، كېتتى، سۆدى".

("ئوغۇزخان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى. (ئەتراپ) قاراڭغۇلۇشۇپ، ئاسماندىن بىر كوك نۇر چۈشتى. (ئۇ) كۈندىنمۇ يورۇق، ئايدىن نۇرلۇق ئىدى، ئوغۇز خان (ئۇنىڭ قېشىغا) بېرىپ كوردىكى، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بار ئىدى، ئۇ يالغۇز ئولتۇراتتى، ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا چوغدەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، ئۇ خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. بۇ قىز شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى، (ئۇ) كۈلسە، كوك تەڭرىسى (بىللە) كۈلەتتى. (ئۇ) يىغلىسا، كوك تەڭرىسى (قوشۇلۇپ) يىغلايتتى. ئوغۇز خان ئۇنى كورۇپ، ئەسـ ھوشىنى يوقاتتى (ۋە) ئۇنىڭغا شەيدا بولدى").

باشقا يەنە بىر قىزنىڭ تەسۋىرىدە، ئۇنىڭ كوزلىرىنى كوك

ئاسمانغا، چىچىنى دەريانىڭ سۈيىگە، چىشلىرىنى ئۈنچىگە ئوخشىتىدۇ. جەڭ مەيدانىنىڭ تەسۋىرىمۇ ئىنتايىن ئىخچام ۋە جانلىق بولۇپ، بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئارقىلىقلا، دەھشەتلىك جەڭ مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

بۇ ئەسەر شۇنداقلا يەنە مەزمۇنىنىڭ بايلىقى، تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە رەڭمۇ-رەڭلىكى ۋە باشقا بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى تۈركشۇناسلارنىڭ ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. بىرىنچى قېتىم 1815-يىلى نېمىس ئالىمى دېتس بۇ ئەسەردىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئېلان قىلدى. 1891-يىلى رۇس ئالىمى رادلوف بۇ ئەسەرنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسىنى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنىڭ ئونلاپ ھەر خىل تەرجىملىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە نەشر قىلىندى ھەم قىسسە ۋە ئۇنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. «ئوغۇزنامە» — ئۇيغۇر مىفولوگىيىسىنى يازما ھالدا ئىپادىلىگەن، ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىغا دەسلەپ ئاساس قۇرغان گۈزەل بەدىئىي ئەسەر بولۇشى بىلەن ھىلىمۇ ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

بۇندىن باشقا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم يادىكارلىقلىرىدىن بىرى «چاشتانى ئىلىك بىك» قىسسىدۇر. ئەسەرنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ پارچىلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق ئارىسىغا تارقالغان ۋابا كېسىلى توغرىسىدا ھىكايەت قىلىنىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى ئېتىقاتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ زامانلاردا بەخت ۋە پالاكەت، سالامەتلىك ۋە كېسەل، ھايات بىلەن ئۆلۈم ئادەتتىن تاشقىرى ئايرىم ھادىسلارنىڭ ياكى



Altunoq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدە بولىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ئەسەرنىڭ مەلۇم پارچىلىرىدا ئىز قالدۇرغان مانا بۇ دىنىي ئېتىقاتلار ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى «چاشتانى ئىلىك بېك» ئەسىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمقى زاماندا، ئادەملەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش دەۋرىدە يارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەسەرنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى قەھرىمانلىقنى ۋە قەھرىمان خەلقنىڭ پىداكارلىقىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. ئەسەر قەھرىمانى ئىلىك بېك ئۆز خەلقىنى بالايى - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، دەھشەتلىك ۋابا كېسەللىكىنى تارقىتىۋاتقان قورقۇنۇچلۇق "يەك" لەرگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ ۋە ياۋۇز كۈچلەرنى يېڭىپ ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. چۈنكى، خەلق ئاممىسى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - غەيرىتىنى بەخش ئەتكەندۇر. «چاشتانى ئىلىك بېك» داستانى يۇقىرى بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەسەردە ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى كوپ ئۇچرايدۇ:

"... ئىلىك بېك توت بەلتىر يولتا يورىيۇ ئانىڭ ئاراسىنتا سانسىز ئوكۈش يەكلەرىگ كوردى. ئول يىمە يەكلەر يالڭۇقلارنىڭ ئەتىن يىيۇ قانىن ئىچىپ، باغارسۇقلارىن ئەت ئۆزلىرىنگە يۇرگەيۇرلەر ئەردى. قورقىغۇ تەگ كورك مەڭىز تۇتۇپ ياۋلاق قاتىغ ئۈنىن قىقىرۇشۇ دىرزۇل بادرۇق ئىلىگلەرىنتە تۇتۇپ قاپىق(ا)را ئۇلۇغ بەدۇك تاغ تەگ ئەت ئۆزىن ئەنەيۇ ئوت ئوڭلۇگ ئىشىن ساچلارىن ئەڭىن لەرىنتە تۈشۈرۈپ، ئاغۇلۇغ يىلانىن ئەت ئۆزلەرىن ئىتىنىپ ياراتىنىپ قاي بەلتىرسا يۇ - يۇرىيۇرلەر ئەردى"

("ئىلىك بېك توت يولنىڭ دوقمۇشىغا يېتىپ كەلگەندە، سانسىز كوپ جىنلارنى كوردى. بۇ جىنلار ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۈچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يوگىۋالغان ئىدى.

ئۇلار چىرايلىرىنى ئادەم قورققۇدەك كوپ-كوك قىلىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن چىقىرىشاتتى. قوللىرىدا ئۇچ ئاچىلىق نەيزىلىرىنى، بايراقلىرىنى كوتۇرۇشۇپ، ئىنتايىن زور تاغدەك ئىگىز گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ، ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى مۇرىلىرىگە چۇشۇرۇپ، زەھەرلىك ئىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بېزەپ، كوچىلاردا يۇرۇشەتتى").

سوز ئىبارىلىرىنىڭ ئاجايىپ گوزەل تۇزۇلۇشى، تەسۋىرلەرنىڭ قىسقا ۋە ساددىلىغى، باي خىيال-تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئوبرازلىقلىغى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن، بەدىئى پىكىرنىڭ بۇ ئۇلۇغ يادىكارلىغى جاھان ئىپوس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇ.

جەمىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا ئوز دەۋرىنىڭ تارىخىي رىياللىغىنى ئەكىس ئەتتۇرگۇچى رىيالىستىك نەسرى ئەسەرلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ رىيالىستىك ئەسەرلىرى مەشھۇر «ئورخۇن يادىكارلىقلىرى»دىن باشلانغان بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلار ئوز دەۋرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە تاش مۇنارىلارغا ۋە تاش تاملارغا ئويۇپ قالدۇرۇلغان ئابىدىلەرنى ئوز ئىچىگە ئالدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمقى يازما يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا ئوزىگە خاس ئورۇن تۇتىدىغان تاش ئابىدىلەر يالغۇز سانى-جەھەتتىن كوپ بولۇپلا قالماستىن، مەزمۇن ئېتىۋارىدىن قارىغاندىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن، ئوز دەۋرىنىڭ تارىخىي رىياللىغىدىن گۇۋالىق بەرگۇچى مۇھىم ھوججەت سۇپىتىدە ھىلىمۇ ئوز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شۇ دەۋرنىڭ مۇكەممەل ئەدەبىي ئەسەرلىرى دەرىجىسىگە كوتىرىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بايلىغىنى تەش-

كىل قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىرى: ئۇيغۇر تارىخىدىكى كوك تۈرك خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان تارىخىي تەزكىرە خاراكتېرىدىكى كۆلتېكىن ئابىدىسى، بىلگە قاغان ئابىدىسى، تونيۇقۇق ئابىدىسى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قۇتلۇغ بىلگە كول قاغان ئابىدىسى (مويۇنچۇر ئابىدىسى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كولتېكىن ئابىدىسى بىلەن بىلگە قاغان ئابىدىسى 1889 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى خوخوت سايرام دىگەن يەردىن تېپىلغان. شۇڭا «خوخوت سايرام ئابىدىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېكىستلىرى كولتېكىن ھەم بىلگە قاغان-نىڭ جىيەن ئوغلى يوللىغ تېكىن تەرىپىدىن يېزىلىپ خاتىرە تاشقا ئورخۇن يېزىغى بىلەن ئويۇپ قالدۇرۇلغان. كوك مەرمەر-دىن ئىشلەنگەن بۇ ئىككى ئابىدە باش قەھرىمانلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن (مىلادىنىڭ 732 - ۋە 735 - يىللىرى) ئورنىتىلغان بولۇپ، بىر مىڭ 200 يىلدىن ئۇزۇنراق تارىخقا ئىگە.

تونيۇقۇق ئابىدىسى (باين چوكتۇ ئابىدىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ تېكىستى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا مىلادىنىڭ 716 - يىللىرى) ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن تاشقا ئويۇلۇپ، ۋاپاتىدىن كېيىن قەۋرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان.

قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ئابىدىسى 1909 - يىلى موڭغۇلىيىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدىن تېپىلغان. ئۇ مىلادىنىڭ 759 - يىلىدا ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ تېكىستى جەمئى 49 قۇر خەتتىن ئىبارەت بولۇپ، نۇرغۇن خەتلىرى ئۇپراپ كەتكەن.

بۇ ئابىدە تېكىستلىرى خەت سانى كوپ، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ۋەقەلەرنى بايان قىلىشى بىر قەدەر سىستېمىلىق بولغان تەرجىمھال ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدۇر. ئۇلاردا

كۆلتېكىن، بىلگە قاغان، تونيۇقۇق ۋە قۇتلۇغ كۆل بىلگە قاغاند-لارنىڭ جەڭگىۋار ھەربى يۈرۈشلىرى، ئۆز مەملىكەتلىرىنى بىرلىك-كە كەلتۈرۈش، تېچلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش يولىدا كورسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن توھپىلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. مەزمۇن ئېتىۋا-رى بىلەن بۇ مەڭگۇ تاش تېكىستلىرى قەھرىمانلار ھەققىدىكى يىرىك ئېپوسلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلاردا ئالغا سۇرۇلگەن ئىدىيە پارچىلىنىپ كەتكەن ئۇششاق قەبىلىلەرنى قۇدرەتلىك ھەربى كۈچ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك فېودالىلىق دولەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۆز دەۋرىنىڭ تا-رىخى تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۇرگۈچى بۇ خىل ئىنتىلىش ئاساسىدا، كوك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىق چوڭ دولەت-لەرنىڭ بارلىققا كېلىشى يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان فېودالىلىق مۇ-ناسىۋەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تە-رەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۇرۇش بىلەن، جەمىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلغارلىق رولىنى ئوينىدى.

"مەن قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىمدا جايلارغا تارىلىپ كەتكەن خەلق ھارغىن، پىيادە، يالىڭاچ ھالەتتە، يېتىپ كېلىشتى. خەلقنى تەمىنلەش ئۈچۈن چوڭ قوشۇن باشلاپ، ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم. شىمالدا ئوغۇزلارغا، شەرقتە قىتان، تاتا-بىلارغا، جەنۇپتا ... لارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارغا قاتناشتىم. كېيىن تەڭرى قوللىدى! بەختىم بولغىنى، تەلىيىم بولغىنى ئۈچۈن، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن خەلقنى قۇتقۇلدۇرۇپ، يالىڭاچ خەلق-نى كىيىندۈردۈم، نامرات خەلقنى باياشات قىلدىم، ئاز خەلقنى كوپەيتتىم. ئۇلارنى چوڭ ۋە كۈچلۈك خانلىقى بار خەلقلەردىنمۇ ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدىم..."

كولتېكىن ئابىدىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ پارچە بىز-نىڭ يۇقارقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

بۇ ئابىدىلەر بىزنى كوك تۈرك خانلىغى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىغى تەختىدە ئولتارغان قاغانلارنىڭ نەسەبنامىسى، ئۇلارنىڭ خوشنا دولەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى، قەبىلىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى، دىنىي ئېتىقاتلىرى، ئەخلاق ۋە خۇلقى ـ ئادەتلىرىگە دائىر تارىخىي پاكىتلار بىلەن تونۇشتۇرغاندىن باشقا، شۇ دەۋردە ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى، جايلاشقان ئورۇنلىرى ۋە تەبىئىي شارائىتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، جاي ئىسىملىرى ۋە باشقا مۇھىم جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ.

ئابىدىلەر يەنە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۇرگۈچى مۇھىم ھوججەت سۈپىتىدە، تىلىنىڭ ساپلىغى ۋە گۈزەللىگى بىلەنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئابىدە تېكىستلىرىدە نۇرغۇن گۈزەل ئوخشىتىشلار ۋە ماقال ـ تەمسىللەر قوللىنىلغان. بولۇپمۇ تونيۇقۇق ئابىدىسى تېكىستىدە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى مۇنداق جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ:

"يۇپقا ئەرىلگىك توپلاغىلى ئۇچۇز ئەرمىس، يىنچىگە ئەرىلگىك ئۇزگەلى ئۇچۇز يۇپقا قالىن بولسار، توپلاغۇلۇق ئالىپ ئەرمىس يىنچىگە يوغان بولسار، ئۇزگۈلۈك ئالىپ ئەرمىس".

"(ئادەتتە) يۇپقا نەرسىلەرنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىلەرنى سۇندۇرۇش ئاسان، دېيىلىدۇ. ئەگەر يۇپقا نەرسە قېلىنغا ئايلانسا، ئېگىش قىيىن بولىدۇ. ئەگەر ئىنچىكە نەرسە توملا ئايلانسا، سۇندۇرۇش قىيىن بولىدۇ.)"

بەدىئىي تەسۋىرنىڭ ئېنىق ۋە ئوبرازلىق بولۇشى نەرسە ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا چۈشەنچىمىزنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. «كۆلتېگىن ئابىدىسى» تېكىستىدىكى بىلگە قاغان ۋە كۆلتېگىننىڭ ھەربىي

يۇرۇشلىرى بايانىدا مۇنداق تەسۋىر بېرىلگەن: "جەمى يىگىرمە بەش قېتىم يۇرۇش قىلىپ، ئون ئۈچ قېتىم جەڭ قىلدۇق. قاغانلىقى بارلارنى قاغانلىقتىن، قاغانى بارلارنى قاغانىدىن مەھرۇم قىلىپ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپ، بېشى بارلارنى باش ئەگدۇرۇپ، تەسلىم قىلدۇق".

كۈلتېكىن ئابىدىسى بىلەن بىلگە قاغان ئابىدىسى تېكىستلىرى ھەيۋەتلىكلىكى ۋە يۇقۇرى دەرىجىدە تەسىرچانلىق كۈچكە ئىگە بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بولۇپمۇ كولتېكىن ۋاپات بولغاندا، بىلگە قاغاننىڭ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ ئېيتقان سوزلىرى بەكمۇ تەسىرلىك:

"ئىنىم كۈلتېكىن ئولدى. مەن ئىنتايىن قايغۇرماقتىمەن. كوزلىرىم گويا كورمەس بولۇپ قالدى، ئەقىل - پاراستىم قاشاڭلاشتى، بەكمۇ خورلۇق ھىس قىلدىم. ئومۇر تەڭرىدىگە باغلىق. ئادىمزاتنىڭ ھەممىسى ئولۇش ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ.... مەن كوزۇمدىن ئاققان يېشىمنى سەۋر قىلىپ توختىتىۋالدىم. قايغۇ - ھەسرەتلىك كەيپىياتىمنى بېسىۋالدىم. تۈگىمەس قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئىككى شاد ھەم ئىنىلىرىم، ئوغلانلىرىم، بەگلىرىم، خەلقىم تولا يىغلاپ، كوزلىرىدىن ئايرىلىپ قالار، دەپ ئويلايمەن...".

يۇقارقى ئالاھىدىلىك قۇتلۇغ كۈل بىلگە قاغان ئابىدىسى تېكىستىدىمۇ كورۇلىدۇ: "... تاي بىلگە تۇتۇق يابلاقىن ئۈچۈن، بىر ئەكى ئاتلىغ يابلاقىن ئۈچۈن، قارا بودۇنۇم ئولتىڭ يەتدىڭ، يانا ئىچىك، ئولمەچى سەن تىدىم. يىچە ئىسىڭ كۈچىگ بىرگىل، تىدىم". "(... تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، بىر - ئىككى باشلىقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن مېنىڭ ئاددى خەلقىم، سىلەر ھالاك بولدۇڭلار. ماڭا قايتىدىن بېقىنساڭلار ھالاك بولمايسىلەر، دىدىم)".

بۇنىڭ ئەكسىچە، تۇنيۇقۇق ئابىدىسى تېكىستى ئۇنچىۋالا ھەيۋەتلىك ئەمەس، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا جانلىق دىئالوگ ۋاستە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغان.

يۇقارقى ئابدىلەرنىڭ تېكىستلىرىدە خەلق ماقال - تەمسىلىرى ۋە باشقا مېتافورا، مېتانومىيە، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەر قوللۇنۇلغان. كولتېكىن ئابىدىسىدە چېچىلىپ ۋەيران بولغان تۈرك قەبىلىلىرىگە ئېچىنىپ: "قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سوڭگەكلىرىڭلار تاغدەك دوگىلەندى. ئالىجاناپ ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى، پاك قىزلىرىڭلار دىدەكلەرگە ئايلاندى!" دېيىلگەن.

قىسقىسى تاش ئابىدىلەرنىڭ تېكىستلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل رېيالىستىك بەدىئىي ئەسەرلىرىدۇر.

ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى دەۋرلەردە «بەختىيارنامە»، «مىراجنامە»، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» قاتارلىق بىر قىسىم يىرىك نەسرى ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى.

13-، 14- ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاغلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى نەسىردىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى» («قەسەسۇل ئەنبىيا») ئەسىرى ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر. ئاپتور مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتى بىلەن ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىنى يېتەرلىك ھالدا پۇختا ئۆگەنگەن، تارىخ، پەلسەپە ۋە دىنىي ئىلىمنى ياخشى بىلگۈچى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى بولۇش سۈپىتىدە پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى دىنىي قىسسەلەردىن پايدىلىنىپ، 1310 — 1309 - يىللىرى «قىسسەئى رابغوزى» ناملىق 72 ماۋزۇدىن ئىبارەت چوڭ ھەجىمدىكى رومانىنى مەيدانغا چىقىردى. ئەسەر ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ تۈزۈلىشىگە خاس بولغان قىسسە ۋە رىۋايەتتىن ئىبارەت ھەر ئىككى شەكىلنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قىسسەلەر تامامەن نەسر بىلەن يېزىلغاندىن باشقا، مەدھىيىلەر، بەزى قىسسەلەرنىڭ خۇلاسىلىرى، قىسمەن لىرىك كەچۈرمىلەر ۋە كىتاپنىڭ خاتىمىسى شېئىر

بىلەن يېزىلغان. تىلىنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى، ۋەقە - ھادىسىلەر-نىڭ جانلىق ۋە قىزىقارلىق تەسۋىرلىنىشى، موھىت ۋە تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ يارقىن سۈرەتلىنىشى ۋە باشقا بەدىئىي خۇسۇسىيەت-لىرى بىلەن بۇ رومان كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ:

"ياز كۈنى بولدى، بۇ كۈن ئاتلىغ سۇلتان ھوت ئاتلىغ قىشلاقىنى قويۇپ ھەمەل ئاتلىغ يايلاققا ئوغرىدى. ئېدىر، كوك يىغلار، ياغىز يەر كۆلەر. بۇلۇت كوزلىرىدىن ياش ئاقسا، يەر يۈزىدە كوك چىمگانلار كۆلەر. ئۇسرۇك سابا ئىسسىنەت تويار. بوستان تابە يولىدىن سابا كىرىپ كورۇشتۇرۇپ، يىغاچلەر باشىدە تۈگمە تۈگەر. چېچەكلەر تۈگمەسىن يىرتىپ بۇزار. لالە كويلەكى ياقىسىن تارتىپ ئۈزەر. يەريۈزىگە نەقشىن بېزەر. بارچە گۈللەر تۈن قارىسىدىن قوش كوزىگە سۈرمە تارتار. كۈندۈز نۇرىندىن كىرشان سۈرتەر. بۇ تاقلار سەلىنىپ ئويىنار. سەندۇۋۇچ قۇش سۇۋىنىپ سايلار. قۇمرىلار لىس تۇتار. ئەندى قىش كوچتى. ياز قازى قوندى. تارىلمىش قۇشلار يىغلدى. ئۆلۈك يەرلەر تىرىلدى..."

ياز ئايلىرىنىڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بۇ پارچە تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، بەدىئىي ئېنىقلىغى بىلەن خۇددى مۇزىكىلىق شېئىر-دەك كىتابخاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايدۇ.

«يۈسۈپ - زىلەيخا» قىسسىسى ئەسەردە سالماقلىق ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. جاھان ئەدەبىياتىدا مەشھۇر بولغان يۈسۈپ - زىلەيخا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە كويلىگەن شائىر - يازغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. بۇ ماۋزۇنى 1- قېتىم ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (934 — 1020) بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىپ، «يۈسۈپ -زىلەيخا» داستانىنى يېزىش بىلەن شوھرەت قازانغان ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبى-ياتىدا بۇ ماۋزۇ رابغۇزى تەرىپىدىن قايتا ئىجادىي ئىشلىنىش

بىلەن زور ھەجىملىك نەسرى ئەسەر تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.
ئەسەردىكى ۋەقە ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بىر-بىرىنى كورەلمەسلىك، دۈشمەنلىك كەيپىياتلىرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلاردىن باشلىنىپ، كېيىنكى باپلاردا يۈسۈپنىڭ تەقدىرى ۋە كەچمىش-كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئاپتور يۈسۈپنى ئىنسانىي ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە چىن مۇھەببەت ئىگىسى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زلەيخا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، بارلىقىنى مۇھەببەت يولىدا قۇربان قىلىدۇ.
"زلەيخانىڭ كۈندىن-كۈن ئىشقى غالىپ بولدى. بىر كۈن يۈسۈپنى بوستانغا كىگۈردى، ئەيدى:
— ئەي يۈسۈپ! مېنىڭ كوڭلۈمدە بىر نەرسە بار، ھېچ ئۆزۈمگە سىگرە ئالمايمەن.
يۈسۈپ ئەيدى:
— مەن نى بىلەيىن، كوڭلۈڭدە نى بار؟
زلەيخا ئەيدى:
— مېنىڭ كوڭلۈمدە سېنىڭ ئىشقىڭ بار. ئەي يۈسۈپ، سېنى بىسيار سۆۋەرمەن.
يۈسۈپ ئەيدى:
— مېنى سۆگىنچە ئۆز ئەردىڭنى سۆۋگىل!
زلەيخا ئەيدى:
— ھېچ سەبرىم، تاقىتىم يوق. نېچۈك قىلايىن؟ ماڭا بىر نەسىھەت بىرلە پەند ئۆگرەتكىل.
يۈسۈپ ئەيدى:
— ئانىڭ ئىلاجى سەبىر تۇرۇر. سەبرە قىلغىل، مېنىڭ يۈزۈمگە باقماغىل!
زلەيخا ئەيدى:
— مېنىڭ كوزۇم يارۇغى سېنىڭ دىدارىڭ تۇرۇر. تىرىكلىگىم مەززەسى ساڭا خىزمەت قىلماق تۇرۇر.

يۈسۈپ بۇ سوزلەرنى ئىشتتى، ئەرسە زىلەيخادىن قاچتى. ئۇل كۈن قىشغا كەلمدى. ساباھى زىلەيخا يۈسۈپنى چارلاتتى. ئەرسە زىلەيخا ئەيدى:

—ئەي يۈسۈپ! بوستان بسياركوكەرمش، قوپغىل، بوستانگە بارالى...

يۈسۈپ ئەيدى:

— ئەي زىلەيخا! مېنىڭ بوستانىم كەنئاندا قالدى. ماڭا بوستان كېرەكمەس!“

«يۈسۈپ ـ زىلەيخا» قىسسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ پارچىدا يۈسۈپنىڭ مۇھەببەتكە قارىتا ساداقەتلىكى ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى ئۇز ئىپادىسىنى تاپقان.

بۇنىڭ ئەكسىچە يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئوبرازىدا شەخسى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھېچقانداق ياۋۇزلۇق ۋە پەسكەشلىكتىن قايتمايدىغان سەلبى شەخسلەرنىڭ تىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاخىرى ھەققانىيەت ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ. يازغۇچى بۇ ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە ھەققانىيەتنىڭ مەككارلىق ۋە ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بەلگۈلۈك ھالەتتە ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋرنىڭ رىياللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇرۇنغان.

«قىسسەئى رابغۇزى» ناملىق بۇ ئەسەر 1881 — 1859 - يىللىرى قازاندا جەمئى 5 قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان بولۇش سۈپىتىدە شەرق مەملىكەتلىرىدىكى ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرى تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

فېوداللىق زۇلۇم ۋە ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ئەڭ يۇقۇرى چەككە يېتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي ۋە مىللى زۇلۇمغا قارشى ئازاتلىق كۈرەشلىرى كەڭ تۇردە ئەۋج ئالغان 18-، 20- ئەسىرلەردە دىنىي تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى



AltunOq

ۋە چەكلىمىسىگە قارىماستىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دېمۇكراتىك ئىدىيىلەر بىخ سۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى ۋە موللا سىدىق يەر-كەندى، مۇھەممەت سادىق قەشقىرى، موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ قاتارلىق يازغۇچىلار ئىجادىي ئەمگەكلىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رىياللىغىنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تۈردە ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىسيانكارلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىلغار پىكىر ۋە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پىروزا ژانىرىنى گۈللەپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاتاغلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە يازغۇچىسى موللا سىدىق يەركەندى (19—18 - ئەسىرلەر) ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان بۈيۈك شائىر ناۋايىنىڭ «خەمسە» داستانىنى نەسرىي يول بىلەن رومان قىلىپ تۈزۈپ چىققان ئەمگىكى ئار-قىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ ھەسسە قوشقان يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا شۇ دەۋردىكى يەكەن ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت ھۇسۇيۇنبەگ تەشەب-بۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتور ئۆز ئەسىرىگە «نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھۇسۇيۇنبەگ» دەپ نام بەرگەن. مەزكۇر ئەسەرگە «خەمسە» نىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، «سەبائى سەييار»نىڭ ئورنىغا ناۋايىنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ئەسىرى ھىكايە قىلىنغان.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» — ئىجتىمائى ئەخلاقى پىكىر - مۇلاھىزىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ پىكىر - مۇلاھىزىلەرنىڭ ھەربىرى ھىكايە ۋە تەمسىللەر ئارقىلىق ئىزاھلىنىدۇ. زالىم پادىشالار، رەھىمسىز ئەمەلدارلار، ئالدامچى شەيخلەر قاتتىق تەنقىت ئاستىغا ئېلىنىدۇ. ئەسەردە ئەدەپ - ئەخلاق مەسىلىلىرى نۇقتىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن، شەخسىيەتچىلىك، تاماخورلۇق، ئىس-

راپچىلىق ۋە باشقا يارىماس ئادەتلەر قارىلىنىپ، ئەمگەكنى سۆ-
يۈش، بىلىم ئۆگىنىش، قانائەت، سېخىلىق، رەھىمدىللىك، كەمتەر-
لىككە ئوخشاش ئېسىل ئەخلاقى پەزىلەتلەر تەرغىپ قىلىنىدۇ.

«پەرھات-شىرىن» دا چىن خاقانىنىڭ ئوغلى، ئۆز زاما-
نىسىدىكى ئىلىم-مەرىپەتنى ۋە تۈرلۈك ھۈنەر-كەسپلەرنى تولۇق
ئىگەللىگەن پەرھاتنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى ۋە شىرىن بىلەن
بولغان پاجىئەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ.
پەرھات ئوبرازىدا ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەدھىيىسى
يارىتىلغان. ئەينى شارائىتتىكى ئىلىم-مەرىپەت، ئۇمىتۋار ئىنتىلىش-
لەرنىڭ جاھالەت ۋە زۇلمەت قوينىدا بەربات بولۇپ كېتىشى
يۈكسەك بەدىئى ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«لەيلى-مەجنۇن» دا بىر-بىرىنى ياخشى كورگەن ئىككى
ياشنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاساسىي
قەھرىمانى قەيس (مەجنۇن) نىڭ پاجىئەسى ئەڭ ئاددى ئىنسانىي
ھوقوقىنى ئاياق-ئاستى قىلغان، كوكسىدىكى مۇھەببەت بىلەن
تواغان يالقۇنلۇق يۈرەكنى سۇغۇرۇۋالماقچى بولغان زۇلمەتلىك
جەمىيەتكە ۋە ياۋۇز قارا كۈچلەرغا قارشى ئىسيانكار شەخسنىڭ
تەقدىرىدىن ئىبارەت. پەرھات بىلەن شىرىن ياكى لەيلى بىلەن
مەجنۇن بولمىسۇن، كۈرەشچان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇلار
ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئالىجاناپ خىس-
لەتلەرنى ئۆزىدە ئىپادىلەيدۇ. ئۆز مەقسەتلىرىگە ئېرىشىش يولىدا
تا ئاخىرقى نەپەسكە قەدەر كۈرەش قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار، ياشى-
غان جەمىيەتتە خىسراۋ ۋە ئىبنى سالامغا ئوخشاشلار ھاكىم بول-
غاچقا، ئۇلار داۋاملىق بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ، ئۆزلىرى ياشىغان
مۇھىت ۋە زامانغا، ئۇنىڭ تۈزۈمى ۋە رەسمى-ئادەتلىرىگە قارشى
ئىسيان كوتىرىدۇ، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن غەزەپ
بىلەن شىكايەت قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆز مەقسىدىگە يېتەلمەي

زۇلمەتلىك زامانىنىڭ قۇربانى بولىدۇ.

بەختسىز ئاشىقلار توغرىسىدا بۇ ھېكايىلەر ئوتكەن زامان ئۈچۈن ئەڭ خاراكتېرلىق ۋەقەدۇر. ئاپتور ئۇلارنىڭ پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېودالىلىق خۇراپىي ئادەتلەرگە قارشى مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆز دەۋرى-نىڭ ئاكتۇئال مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن جىنايەتكار ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە فېوداللىق تەرتىپ-قائىدىلەرنى كەسكىن قارىلايدۇ.

«سەددى ئىسكەندەر»دە ئۆز دەۋرىدىكى پادىشالارغا نەمۇنە بولالايدىغان، ئىلىم-مەرىپەتنى قەدىرلىگۈچى، ئادالەتلىك ۋە تەدبىرلىك پادىشانىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.

«مەنتىقۇتتەيىر» بولسا تۇرمۇشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىگۈچى پەلسەپىۋى ئەسەردىن ئىبارەت.

يازغۇچى، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بۇ رىۋايەتلەرنى قايتىدىن ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا، ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ۋە ئەينى شارائىتتىكى ئىجـ-تىمائىي تۈزۈمگە قارىتا چۈشەنچىسى ۋە كوز قاراشلىرىنى ئىپادىلەش بىلەن، ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كورسىتىشكە ئۇرۇنغان.

ئاتاغلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە يازغۇچىسى مۇھەممەت سادىق قەشقىرى «تەزكىرى ئەزىزان»، «زۇبدەتۇل ماسائىل» قاتار-لىق ئىلمىي تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىشتىن باشقا، 1844-يىلى «تەزكىرە ئەسھابىل كەھپ» ناملىق بەدىئىي ئەسەرنى ياراتتى. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى قۇرئاندىكى ئەسھابىل كەھپ سۈرىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تورپاندىكى مەشھۇر ئەسھابىل كەھپ غارى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايە قىلىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىستىبدات ھوكۇمرانلىقىغا قارشى ئازاتلىق كۇرەشلىرى ئەڭ كەسكىن تۇردە ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئەنە شۇ دەۋر رېئاللىقى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇنداق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن بىرى مۇللابىلال بىن موللا يۇسۇپ ئوغلىنىڭ «نوزۇگۇم» قىسسەسىدۇر. ئۇنىڭدا 1826 ـ يىلدىكى قەشقەر خەلقىنىڭ مانجۇلار ھوكۇمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئازاتلىق قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى ۋە سۇيۇملۇك شائىرە قىزى نوزۇگۇم توغرىسىدا ھىكايە قىلىنىدۇ. ئاپتۇر نوزۇگۇم توغرىسىدىكى بۇ ھىكايىنى 1882 ـ يىللىرى مويسىپىت كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن يېزىۋالغان بولۇپ، شۇ خاتىرىلەر ئاساسىدا بۇ ئەسەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەن.

يازغۇچى ئۆز قەھرىمانىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: "نوزۇگۇم ئوزى موللا ئايال ئىدى. ئۇ ئىلباغىدەك، ئوكلۇك، قارا كوز، قارا قاش، نوزۇك بەدەنلىك بولغانلىقى ئۇچۇن قەشقەر خەلقى ئۇنىڭغا 'نوزۇگۇم' دەپ ئات قويغان ئىدى".

خەلق قوزغىلىڭى قانلىق تۇردە بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىدىن ھايات قالغانلىرى مانجۇ ھاكىمدارلىرى تەرىپىدىن ئىلىغا سۇرگۇن قىلىنىپ، خورلۇق ۋە ئازاپ گىرداۋىغا تاشلىنىدۇ. قۇللۇقتا ھايات كوچۇرۇشنى ئۆزىگە راۋا كورمىگەن نوزۇگۇم دۇشمەننىڭ قاتمۇ ـ قات ئىسكەنجىسىنى بوسۇپ چىقىپ، تاغ ئوكۇرلىرىدە ۋە قومۇشلۇقلاردا يوشۇرۇنۇپ ھايات كوچۇرىدۇ، كەمبەغەل پادىچىلار ئارىسىدا ئۆزىگە پانا تاپىدۇ. لېكىن ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ئىز قوغلاپ ئاختۇرۇش ـ تىنتىشلىرى نەتىجىسىدە قولغا ئېلىنىپ، تۇرمىگە تاشلىنىدۇ. بىراق مۇدھىش تۇرمە ھاياتى ۋە ھەرخىل قىيىن ـ قىستاقلارمۇ

بۇ ئۇت يۇرەك جەڭگىۋار قەلب ئىگىسىنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. نوزۇگۇم يالقۇنلۇق قوشاقلىرى بىلەن ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىكـ نىڭ ياۋۇز دۈشمەنلىرىگە لەنەت ئوقۇيدۇ، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئىشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا ئەركىنلىك قايتا نېسىپ بولمىدى. داۋاڭ خاننىڭ بۇيرۇغى بىلەن نوزۇگۇمنى ئۆلتۈرۈش قارار قىلىنغان ئىدى. نوزۇگۇم قەتل قىلىنىش ئالدىدىكى مەنزىرە ئەسەردە مۇنداق تەسۋىرـ لىنىدۇ: "نوزۇگۇمنى يامۇلدىن ئېلىپ چىقىپ، ھارۋۇغا ئولتۇرغۇـ زۇپ، مويتۇڭزىغا ئېلىپ ماڭىدۇ. خەلق مويتۇڭزىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ... بىر جاللات نوزۇگۇمنىڭ ئالدىدا قىلىچىنى بىلىگەن بولۇپ تۇرىدۇ، ئارقىسىدىن بىر جاللات كېلىپ بېشىنى چېپىۋېـ تىدۇ. نوزۇگۇمنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈـ شىدۇ...".

ئاپتور نوزۇگۇم ئوبرازىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي زۇلۇم ۋە ئېزىلىشكە قارشى كۈرەش مەيدانىغا چىقىشتا جۈرئەت قىلىشتەك باتۇرلۇق، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن، خەلق ئاممىسىنى قوزغۇلۇشقا، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازاتلىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

دېمەك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن يۇقارقىدەك ئۆلمەس ئەسەرلەر يالغۇز ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقـ لىرىنىڭ ئەدەبىياتىغىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسىتىش بىلەن، ئەندازىلىق رولىنى ئوينىدى ۋە جاھان ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىـ سىگە پارلاق تۆھپە بولۇپ قوشۇلدى. ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇللىرى: تىلىنىڭ ئاھاڭدارلىغى، تەسۋىرىنىڭ رەڭمۇ - رەڭلىكى ۋە ئېنىقلىغى، ماتېرىياللارنى قېلىپلاشتىكى ئاددىي - ساددىلىقى، ئىزچىللىق ۋە ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەرنى

ئۇرۇنلۇق قوللىنىشتەك ئىسىل ئەنئەنىسىنى ئۇگىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پىروزىسىنى ئۇستۇرۇش ۋە يۇكسەلدۇرۇش — ياز-غۇچى ۋە ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم ۋەزىپىدۇر.

1979 - يىل ئۇرۇمچى - قەشقەر.

## پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار:


1. «تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى». ئالمۇتا. 1948 - يىل نەشرى.
2. تۇرغان ۋەلىدى: «تۈرك - تاتار تارىخى».
3. «قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار».
4. «ئۆزبېك ئەدەبىيانى» 1 - قىسىم. 1959 - يىل، تاشكەنت.
5. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر كىتاپلار كاتۇلوگى».
6. ئا. تۇردى، خاۋگۇەنجۇڭ «ئوغۇزنامە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى». 1979 - يىل 11 - سان
7. رابغوزى «قەسەسۇل ئەنبىيا».
8. موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ «نوزۇگۇم».
9. ن. مالىلايۇپ: «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» تاشكەنت، 1957 - يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئىسلام سادىق**

قەدىمقى رۇم شەھرىدە ئادىل شاھ ئاتلىق بىر پادىشا بار ئىدى. ئۇ پادىشانىڭ نائەجەپ خورشىد رەپتار مەلىكە گۈلروزخان ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى. ئول قىز ئاقىل، دانا، ساھىپ جامال، خۇشخۇي ۋە خۇشرۇي ئىدى. بۇ قىز بالاغەتكە يەتكەندە شەھەر-شەھەرلەرگە داڭقىسى ئاڭلاندى. يەتمىش شەھەردىن يەتمىش ئەلچى بىر-بىرلەپ سوز ئېيتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى پادىشا ئاڭلاپ: "مېنىڭ بىر قىزىمغا يەتمىش شەھەردىن يەتمىش ئەلچى كەلگەن بولسا، مۇنچە كىشىلەرگە بىر قىزىمنى قىيما قىلىپ ئۆلەشتۈرۈپ بېرىشكە مېنىڭ ئىلاجىم يوق"، دەپ غەم دەرياسىغا مۇپتىلا بولدى. مەلىكە دادىسىنىڭ غەمكىن بولغانلىغىنى ئاڭلاپ، بۇ ھەقتە دادامغا بىر مەسلىھەتىم بار. دادام شۇبۇ مەسلىھەتىمگە ئۇنىسا، دادامغا ھېچ بىر تەشۋىش يەتمەيدۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىم: دادام مېنى ئەگەر ياتلىق قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال بۇ شەھەرنىڭ ئالدىغا بىر باغ بىنا قىلدۇرسۇن. باققا دۇنيادىكى بارلىق

مۇڭلەردىن سالدۇرسۇن ۋە يانا دۇنيادىكى بارلىق گۈللەرنى بەرپا قىلدۇرسۇن. ئاندىن كېيىن، بىر كول قازدۇرسۇن. كولنىڭ يېنىغا بىر مۇنار قىلدۇرسۇن. ئۇل مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 486 غۇلاچ بولسۇن. تورت تامغا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن پەركار قىلىنسۇن. ئۇل مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن تەبىل باز، كۈمۈش چۈكا قويدۇرۇلسۇن. ئاندىن كېيىن، مېنى ئالىمەن دىگەن كىشى كېلىپ، ئۇل مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تەبىلنى چالسۇن. مەن ئاڭلىغاندىن كېيىن بەش يۈز كېنىزىگىم بىلەن چىقىپ، 4 مىسرا بېيىت ئوقۇيمەن. ئۇل يىگىتمۇ 4 مىسرا بېيىت ئوقۇسۇن. ئوقۇغان بېيىتى مېنىڭ بېيىتىم بىلەن ھەرىپىـ ھەرىپىگە، لەۋزى ـ لەۋزىگە، قاپىيەسى ـ قاپىيىسىگە بىر ـ بىرلەپ كەلسە، ئۇزۇمنى ئۇنىڭغا قۇبۇل قىلىمەن. كېلىدىغان كىشى خايى شاھ، خايى گادای، خايى قېرى، خايى ياش بولسۇن، مەيلى. 4 مىسرا بېيىتنى قاپىيە ئېيتالىسا بولىدۇ. ماڭا تويلۇق كېرەك ئەمەس. ئەگەر بۇ شەرتلەرنى ئادا قىلالمىسا، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلۇرمەن. مېنىڭ شۇبۇ مەسلىھەتىمنى دادامغا ئېيتقىن دەپ، گۈلئەندام دىگەن دىدەكنى كىرگۈزدى. گۈلئەندام بۇ مەسلىھەتنى پادىشاغا مەلۇم قىلدى. پادىشا بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بولۇپ، شەھەرنىڭ ئالدىدا باغ بىنا قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يۇرت ـ يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرىغا دەستەك چىقاردى. يۇرت ـ يۇرتتىن ھاشارچىلارنى بەلگىلىدى. بۇ ھاشارچىلارنى ئۇزۇق ـ تالقانى، تومۇر داڭقانى، كىگىز قالقانى، ئاقساق ـ چولاقى، توكۇر ـ مايماقى، مەھەللە ـ ئايماقى، كەتمەن، زەمبىلى، ئوتۇك ـ پايپاقى، پالتا ـ كەكسى، ياراغ ـ جابدۇقلىرى بىلەن ئاينىڭ 15 گە ئولگۇرتوپ، ئابلاق ۋەزىرگە تاپشۇردى. بۇ ھاشارچىلەر ئانداغ ئىشلىدىكى، ھەمىن زاماندا تاغ ـ دېڭىز، پەس ـ ئېگىز بارابەر بولدى. ئۇ باغ شۇنداق چىرايلىق ۋە سەلتەنەتلىك ياسالدىكى كورگەن كىشى ھەيران قالۇر. ئاشىقلارنىڭ

كوڭلىدىكىدەك روشەن نامايان بولدى. گۈللەر ئاچىلدى، بۇلبۇللار سايرىدى. ھاشارچىلەر تارقىدى. بۇ نەزمىنى ئوقۇپ قاغىدى:

مەلىكەم ھەققىدە باغ ئەرمىگە ئەيلىدۇق يەكسان،
مەلىكەمنى ئالۇر بىر قىرى پەرتۇك، يىشى سەكسان.
قىلىپ بىزگە زۇلۇم-جەبرى ئۆرۈپ كۆن بەرمىدى ئابلاق،
يامان زالىم ئىكەن خۇنخار، ياتقان يىرى بولغاي دوزاق.

بۇ غەزەلنى ئوقۇپ، ھاشارچىلەر قايتىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇل مۇنارغا تامچى، ياغاچچى ئۇستىلار ئانداق زىبۇ-زىننەتلەر بېرىپ، ئالتۇن-كۈمۈش لەئىللەر بىلەن نەقش پەركار قىلدى. مۇنارنىڭ ئۇستىگە ئالتۇن تەبىل باز، كۈمۈش چوكا قويدى. ئەلقىسسە: ئاندىن كېيىن رۇم پادىشاھى: ئەيھانناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! مەلىكىنى ئالىدىغان كىشى خاھى گاداي، خاھى شاھ بولسۇن، ياش بولسۇن، قىرى بولسۇن، ئۆزىنى ئۇبدان چاغلاپ، بىلىنى مەھكەم باغلاپ، مۇنارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ تەبىلنى چالسۇن. تەبىل ئاۋازىنى ئىشتكەندىن كېيىن، مەلىكەم 500 كېنىزەك بىلەن مۇنار ئۇستىگە چىقىپ ئۇل كەلگەن كىشى بىلەن كورۇشىدۇ. ئۇ كىشى مەلىكىنىڭ سوئاللىغا بېقىپ 4 مىسرا قاپىيە بېيىت ئوقۇسا، ئۇل كىشىنىڭ بېيىتى مەلىكىنىڭ بېيىتى بىلەن ھەرىپى-ھەرىپىگە، لەۋزى-لەۋزىگە، قاپىيەسى قاپىيىسىگە بىر كەلسە، مەلىكەم ئۆزىنى ئۇل كىشىگە قۇبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئوقۇغان بېيىتى مەلىكىنىڭ بېيىتى بىلەن بىر كەلمەيدىكەن، ئۇل كىشىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ، دەپ جاكا قىلدى. بىر نەچچە يىگىتلەر، پادىشازادىلەر كېلىپ زىندانغا گىرىپتار بولدى. كوڭلىنىڭ رايىغا بېرىپ، مەلىكە بىلەن سوز قاپىيەسىدە بىرگە بولالماي، بىر يىل ئىچىدە 486 پادىشازادىلەر تامام بېشىنى

بەردى. مەلىكىنىڭ ئاۋۋالقى ئىسمى مەلىكە گۈلىروزخان ئىدى، ئەدەمنى تولا ئۆلتۈرگەن سەۋەپتىن مەلىكە خۇنروز ئاتالدى. ئەمما بۇ ۋەقەلەر ئۆتكەندىن كېيىن، يەتتە ئىقلىمدىكى ئاقىل-دانا يىگىتلەر بۇ مەلىكە خۇنروزنىڭ بىۋاپالىغىنى ئاڭلاپ، جىنىدىن قورقۇپ رۇمغا كېلەلمىدى. ئەمما رۇم شەھەرلىك 86 ياشقا كىرگەن قەبىس نامىلىق پاپا بار ئىدى. ئۇ پاپىسىنىڭ قوللىرى قارماقنىڭ خادىسىدەك، پۇتلىرى كىپەزنىڭ شادىسىدەك، كوزىنىڭ بىرى ماڭلىيىدىن نېرى پاپا ئىدى. ئول پاپا مەلىكىگە غايىۋانە ئاشىق بولۇپ، ۋاقتىنى تاپالماي يۈرەتتى. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە كوڭلى مەلىكىنى كورمەكنى تەقەززا قىلىپ، بىتاقەت بولۇپ، مەلىكىنىڭ كوچىسىغا كىردى. ئول كۈنى مەلىكە راۋاققا تاماشىشاغا چىقىپ، كۈچىغا قاراپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا قەبىس پاپا مەلىكىنى كورۇپ، شاھانە تازىم بىجا ئەيلەپ، بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى مەلىكە، مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆلسەم كاشكى،
ھىجرى تىغىدا يۈرەكنى ئىككىگە بولسەم كاشكى.
دىلبىرىم سەندەك جاھاندا ھىچكىشى رەنا ئەمەس،
بىر مېنىڭدەك ھيچ كىشى مۇنداغ ساڭا شەيدا ئەمەس.

مەلىكە بۇ قېرى پەرتۇك بۇ بېيىتنى ياخشى ئوقىدى. ئەمما ياشلىقنىڭ مەۋسۇمى كېتىپ، قېرىلىق يېتىپ قالغان پاپا ئىكەن دەپ ئويلاپ، نومۇس قىلىپ، قەبىسكە نەزەر قىلماي ئوتۇپ كەتتى. ئەمما قەبىس نائۈمىت بولۇپ، مەلىكە ئىشقىدا ھەيران-سەرگەردان بولۇپ، ئويىگە بېرىپ، سەرگۈزەشتىنى ئىختىيار ئەيلەپ، مېنىڭ مۇنداق يىغلىغانىم ھيچ كار قىلماس، ئاللاتالادىن بولەك ھىچكىم مېنىڭ دا-



AltunOq

دىمىغا يەتمەس دەپ ئويلاپ مەلىكىنىڭ باغىغا كەلدى. مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەبىل بازنى كۆمۈش چۆكا بىلەن قاقتى. مەلىكە ناز ئويقىدا ياتقان بولۇپ، چۆچۈپ ئويغاندى. مەلىكىنىڭ گۈلئەندام دېگەن كېنىزىكى چىقىپ، پاپىنى كۆرۈپ ياندى. مەلىكىگە: ئى مەلىكەم، ياش نەۋ باھار يىگىتلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۇۋالىغا قاپسىز. ئەمدى ياش جانىڭىزغا بىر قېرى پەرتۇك، دەم كوتە، داق سوڭەك، قوللىرى قاماقىنىڭ خادىسىدەك، پۇتلىرى كىپەزىنىڭ شادىسىدەك، قوسىغى ئامبالنىڭ دۇمبىغىدەك، بۇرنى پادىچىنىڭ چۇمغىسىدەك بىر پاپا كىلىپتۇر، دېدى. مەلىكە: مەن ئۇنداق قېرىلار بىلەن سوزلىششكە ئۆمۈس قىلىمەن، ئۇنى شۇ يەردىن بىر نىمە ئىنئام قىلىپ ياندۇرغىن، — دېدى. شۇ زامان گۈلئەندام چىقىپ: ئى پاپا، بىركۈنمۇ بولسا جان غەنىمەت ئەمەسمۇ؟ ئاڭلىمىدىڭمۇ، مەلىكەم 486 پادىشازادە يىگىتلەرگە رەھىمى قىلمىدى. ساڭا ئەسلا رەھىم قىلماس، دەپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ-بىر بايان قىلدى. ئاندىن كېيىن قەبىس: ئەمسە مىنىڭ كىسلىمگە بىر داۋا تاپقىن، ئاندىن قايتاي، دېدى. يانا: بۇ تەلۋىمنى قوبۇل قىلمىسا، ھىلىغۇ بىر جېنىم بار، ئەگەر مىڭ جېنىم بولسىمۇ مەلىكەنىڭ خۇسۇسىدا پىدا قىلۇرمەن. كۆندە مىڭ ئۆلگەندىن بىر يۇلى ئۆلگىنىم ياخشىراق، دېدى. ۋە بېشىغا ئۆلۈم تىغىنى تەڭلەپ تۇردى. گۈلئەندام بۇ پاپىنىڭ ئەرزى ھالىنى چاغلاپ، ئۇنىڭغا بىر ھىلە قىلاي دەپ ئويلاندى. ئاندىن: ئى پاپا، سىنىڭ بۇ كىسلىڭگە داۋا شۇدۇركىم، مەلىكىنىڭ سۈرەتىنى قەغەزگە سىزدۇرۇپ ئەچىقىپ بىرەي. ئول سۈرەتنى كورسەڭمۇ مەلىكنى كورگەندەك بولۇرسەن، دېدى. بۇ قېرى پەرتۇك پاپا بۇ سوزگە ماقۇل بولدى. ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىغا خوشال بولۇپ ناھايىتى ئوبدان، دېدى. شۇ زامان گۈلئەندام كىرىپ مەلىكىنىڭ سۈرەتچىلىرىگە مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ ئەچىقىپ بەردى. قەبىس بۇ سۈرەتنى كورۇپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، مۇساپىر چە-

لىقنى ئىختىيار قىلىپ، خانىماندىن كېچىپ، رۇم شەھىرىدىن چىقىپ، باياۋانغا قەدەم قويدى. نەچچە مەنزىلنى كېزىپ، خاقان چىن ۋىلايىتىگە يەتتى. ئەلقىسسە: خاقان چىن پادىشاھىنىڭ بەھرام شاھ ناملىق بىر ئوغلى بار ئىدى، ئەقىللىق، دانىشمەن، پەم-پاراسەتتە بىنەزەر ئىدى. بەھرام شاھ ئوۋ ئوۋلاپ سەيرى قىلماقنى تەقەززا قىلىپ، ئانىسىدىن ئىجازەت سوراپ، ئوغا چىققان ئىدى. ئول كۈنى ھىچنىمە ئۇچراتمىدى. بەھرام خاپا بولۇپ، بىر تاغ يېنىغا بېرىپ كوردىكىم، بىر پاپا ئولتۇرۇپتۇ، ھىچ نەرسىسى يوق، قولىدا ساتار، ئاشىقلىق غەزىلى ئوقۇيدىكەن:

رەھمە قىلغىن مەن غېرىپقا ئى ئالەم،
مۇھەببەت ئوتىدا كويدى بۇ جانىم.
ھىمايە ئەيلەدىم بىر پارچە سۇرەت،
مەلىكەم قاشىدا تاپسام مۇرادىم.
قېرىنى ياش قىلۇر قودرەت كامالىڭ،
مەگەر يەتسە مېنىڭ نەۋبىرگە ھالىم.
مەلىكەمنى كورۇپ ئولسەم نە بولغاي،
كويۇپ ئولسەم مېنىڭ كىمگە ۋابالىم؟

ئەمما بەھرام شاھ بۇ پاپىنىڭ ئۇزايىنى كورۇپ، تەھسىن، ئاپىرىنلەر ئوقىدى. ئاندىن كېيىن بۇ پاپىدىن ھال-ئەھۋال سورىدى:

— ئى پاپا، سىز قايسى ئېقلىمدىن بولىسىز؟ نىمە ئۈچۈن مۇنداق چول-جەزىرىلەردە ساتار چېلىپ، ناخۇن چېكىپ، غەزەل ئوقۇپ يۈرىسىز؟ دىدى. قەبىس:— مەن رۇم شەھەردىن. قېرىلىقتا ئومرۇم بۇ يەرگە يەتتى. ئەمما رۇم پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ناھايىتى ساھىپ جامال، ئاقىل، دانا شائىر. ئۇنىڭ ئىشقىدا 486 شاھزادە سىز

قاپيەسىدە بىرلىك قىلالماي، باشنى بەردى. بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇرۇغلۇق ئۇنىڭ ئوتىغا چىدىيالماي، مەلىكەنىڭ چارى باغىغا باردىم. ئەمما ماڭا ئۇنىڭ جامالى مۇيەسسەر بولمىدى. كېنىزەكلەرگە دەردى - پىراقلىرىمنى بىر - بىر بايان قىلدىم. كېنىزەكلەر مەلىكەنىڭ سۈرىتىنى بىر قەغەزگە سىزدۇرۇپ بەردى. بۇ سۈرەتنى ئۆززۈمگە ھەمرا قىلىپ، خانى - مانىمدىن كېچىپ مۇھەببەت ئوتىدىن مەي ئىچىپ، بېلىمنى باغلاپ، مۇھەببەت ئوتىدا يۈرەك باغرىمنى داغلاپ، بىر قولۇمغا ساتارنى، بىر قولۇمغا ھاسانى، بېلىمگە كاسانى ئېلىپ، غەزەل ئوقۇپ مەس بولۇپ، بۇ تاغ يېنىغا يەتتىم، دېدى. بەھرام شاھ بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كوڭلى ئۆزگىچە بولۇپ، قېنى سۈرەت؟— دېدي. پاپا سۈرەتنى قوينىدىن ئېلىپ، بەھرام شاھقا كورسەتتى. بەھرام شاھ بۇ سۈرەتنى كورۇپ، مەلىكىگە غايىۋانە ئاشىق بىقارار بولدى، ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئاتاسىغا تازىم بىجا كەلتۈرۈپ تۇردى. ئاتىسى كوردىكىم: ئوغلىنىڭ چىرايى سارغىيىپ، ئۆزگىچە بولۇپتۇ. خاقان چىن بەھرام شاھدىن سورىدى: ئى ئوغلۇم، نىمە بولدۇڭ، كىمدىن ئىززا - ئاھانەت ئىشىتتىڭ؟ بۇ كۈن قازىنىڭ ئويىدە قەسەم ئىچكەن كىشىدەك بولۇپ كېتىپسەن. ئەھۋالىڭنى ماڭا بايان قىلغىن! دېدى. بەھرام شاھ:

— ئى ئاتا، مەن ھېچكىمدىن ئىززا - ئاھانەت تارتمىدىم. ئامما ماڭا بىر كىسەل ئەرزى بولدى، — دېدى. پادىشا: تىۋىپلارنى ئەكىلىپ دارى قىلاي، دېدى. بەھرام شاھ:

— مېنىڭ كىسىلىمگە رۇمدا بىر ھوكىما بار ئىمىش، شۇ كىشى دارى قىلۇر. باشقا كىشى دارى قىلالماس، — دېدى. پادىشا ئوغلىنىڭ رۇم پادىشاسىنىڭ قىزى مەلىكە گولرۇزغا ئاشىق بولغانلىغىنى بىلدى:

— ئى ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى ئازدۇرما. سەۋرى قىل، پالتا بول-

سا ئۇتۇن تېپىلۇر، ئوغۇل بولسا خۇتۇن تېپىلۇر، ھەممە ئىشقا سەۋ-
رى كېرەك،— دەپ بەھرام شاھقا پەندى نەسھەت قىلدى.
بەھرام شاھنىڭ ئىشقى زىيادە بولدى. خاقان چىن ئوغلىغا رۇخ-
سەت بېرىپ، ئىككى كىشى قوشۇپ، خۇداغا ئامانەت قىلدى:

— قاچان رۇم شەھرىگە يەتسەڭلار، بەھرام شاھقا قاندداق ھادىسە بولسا، بىرىڭلا ئۇندا قېلىپ، بىرىڭلا، ماڭا خەۋەر بىرىڭلار. ئارقاڭلاردىن سوزچى، قۇلاقچى ئەۋەتىمەن.

ئەمدى گەپنى بەھرام شاھتىن ئاڭلاڭلار: بەھرام شاھ ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، تاشقىرىغا چىقىپ پادىشا لى-باسىنى تاشلاپ، ئۇچىسىغا جەندە، بېشىغا كۇلا كىيىپ، بىر قولىغا كۇمۇش كاسىنى، بىر قولىغا ھاسىنى ئېلىپ، پۇخراچە ياسىنىپ، ئىككى ۋەزىرنى ھەمرا قىلىپ، 7 ئايلىق يولغا راۋان بولدى. نەچ-چە مەنزىللەرنى بېسىپ، 7 ئايدا رۇم شەھرىگە يېتىپ باردى. ئاخشىمى بىر جايغا چۈشۈپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

شاھزادە ئىدىم، دىۋانە بولدۇم،
جامالىڭ شەھلىدىن پەرۋانە بولدۇم.
قەددىڭ رەنالىغى جانىمنى ئالدى،
ۋىسالىڭ ئۈچۈن قۇربانە بولدۇم.

ئەتىسى رۇم شەھرىگە كىرىپ، مەلىكىنىڭ باغ ئارامىلىرىنى كۇرۇپ، مۇنارىسىنى كۇرۇپ، 486 نەپەر يىگىتنىڭ بېشىنى كۇرۇپ، بۇ ئالەمنىڭ بىۋاپالىغىدىن ئولگەن كىشىلەرگە ئەپسۇس يەپ، مەلى-كىنىڭ نامەرتلىگىنى بىلدى. ۋادەرىخا! مەن 7 ئايلىق يولدىن ئەجىلىم تۇگەپ، ئۆزەمنى چاغلىماي كېلىپتىمەن، خەير، خەلقى-ئالەم ئاڭلىسىمۇ 7 ئايلىق يولدىن ئاشىقلىق داۋاسى ئۈچۈن كې-لىپ يەنە ئولۇمدىن قورقۇپ يانىپتۇر دىسە، ئەرلەرگە ياخشى

ئەمەس، دەپ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ئۇل مۇنار ئۈستىگە چە-قىپ، ئالتۇن تەبىل بازنى كۈمۈش چۇكا بىلەن قاققىلى تۇردى. دۇمباقنى ئۇرۇپ چاققىلى تۇردى، يەر-جاھان زىل-زىلىگە كەل-دى. مەلىكە ناز ئۇيقىسىدا ياتاتتى، چوچۇپ ئويغاندى. ئى گۈل-ئەندام، چىقىپ باققىن، — دىدى. گۈلئەندام چىقىپ، بەھرام شاھنى كورۇپ، مەلىكىگە خەۋەر قىلدى:

— ئى مەلىكەم، بىر يىگىت كەپتۇ، خوپ ئوبدان. قوشۇما قاش، ئىشقى-مۇھەببەتنى ئۇزىگە يولداش قىلغان، — دىدى. مەل-كە خۇرسەن بولۇپ، دەرھال باشىغا پوسما كىيىپ، قىشىغا ئوس-ما قويۇپ، ئۇپا-ئەڭلىكلەرنى سۇرتۇپ، ئۇزىگە خوپ زىبۇ-زىنە-نەتلەر قىلىپ، تاۋۇستەك ياسىنىپ، بۇلۇتتەك يورغىلاپ، يۈزىگە پەردە تارتىپ، 500 كېنىزەكنى ھەمرا قىلىپ، 100 مىڭ ناز-كەرەشمىلەر بىلەن مۇنار ئۈستىگە يۈزلەندى. ناز بىلەن مىژگان ئوقلارنى رۇسلاپ مەيدانىغا چىقتى. ئەلقىسسە: مەلىكە راۋاق ئۈس-تىگە چىقىپ، ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇردى. بىر كۈمۈش كۇرسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. بەھرام شاھنى كۈمۈش كورسىغا تەكلىپ قىلدى. بەھرام شاھ مەلىكىگە تازىم بىجا ئەيلەپ، ئاندىن كۇر-سىدا ئولتۇردى، مەلىكە تۆتى يەكلىغ سوزگە كىردى:

ئى يىگىت، قايسى باغنىڭ گۈلىسەن؟
ۋە قايسى چىمەنىنىڭ بۇلبۇلىسەن؟
قايسى ئاسماندىن پەرۋاز قىلدىڭ،
قايسى مەرغۇزارغا قۇنارسەن؟

دىدى. يانا: مىنىڭ كار-بارىمنى ئاڭلىماي، ئۇزۈڭنىڭ ھالىنى چاغلىماي كېلىپسەن. نام-نىسبىڭنى بايان قىل. بى نام، بى نشان ئولمىگىن.

مېنىڭ سۇئالىمغا بەرسەڭ جاۋاپ،
يوق ئەرسە قارنىڭ توكۇلۇر ناجاۋاپ.
شەئلى - شەمئى جامالىمنى كورمەي،
جان پىدا قىلدىڭمۇ سوزۇمنى ئاڭلىغاچ؟

هەركىشى ئۇزىنى بىلمىسە، ئۇز قەدرىنى هالاك قىلۇر دى-
گەن سوزنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دىدى ئارقا - ئارقىدىن.
بەهرام ئى مەلىكە خۇبان، سەن بىر چىراق، مەن بىر
پەرۋانە، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئولسەم ئەجەپ ئەمەس، — دەپ سوز-
گە كىردى:

ئاشىقمەن بىچارە، ئىشقى ئۇتىدا پەرۋانە،
مۇهەببەتىنىڭ دىۋانە غېرىپ مۇساپىرىدۇرمەن.
نام - نىسبىم پادىشا زاتىدۇرمەن،
خاقان چىن پادىشاهنىڭ ئوغلىدۇرمەن.

ئىسمىم بەهرام شاهدۇر. سېنىڭ تەرىپ - تۇسىپىڭنى ئاڭ-
لاپ، غايىۋانە ئاشىق - نىگاران بولۇپ كەلدىم. ئەمدى نىمە قىل-
ساڭ ئۇزۇڭ بىلۇرسەن، — دىدى. مەلىكە كوڭلىدە ماڭا ئەر بول-
غۇچى يىگىت بەلكى شۇبۇ بولمىغاي، دەپ ئويلىدى. ئان-
دىن كېيىن: ئى يىگىت، مېنىڭ ئىتىم سەنەم ئاغىچە، سەنەم ئا-
غىچە ئىتىمغا، قەددى كامالىمغا، تىن - جامالىمغا، شانۇ - شەۋكىتىمگە
بېقىپ، 4 مىسرا بېيىت ئوقۇغىن. مەن سېنىڭ ئاشىقلىغىڭنى
بىلەي، دىدى. بەهرام شاھ، مېنىڭ ئىتىم ئۇبۇل، هەر نەرسلەر
قوبول، دەپ مەلىكىگە قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى سەنەم لەئلى لىۋىڭ بىسيار كۇندىن بۇگۇن،
كوزلەرىڭنىڭ خەنجىرى مەهمۇرى مەي خۇندۇر بۇگۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

بۇ مېنىڭ ئاشىقلىقىمدۇر ياكى ئەكسى ئەرزىن
قاشى كىرپىك يالىرىڭ جەننەتتىن ئەپزەندۇر بۇگۈن.

مەلىكە بەھرام شاھقا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

بويۇمنىڭ تۈزلىگى فەرۇخ ئاماندۇر بۇگۈن.
بارچە ئالەم ئىشتىياقىمدا جىگىرى خۇندۇر بۇگۈن.
نەچچە شاھزادە كىلىپ ئىشقىمدا ئولدى خارۇ - زار،
دىلبىرىم كوڭلى رىشتىگە پەر ئەفساندۇر بۇگۈن،

دىگەن ئىدى. بەھرام شاھ مەلىكىگە قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

جان بەختى لىۋىڭ چەشمەئى ھايۋانىغۇ ئەمەس،
ھەر قەترە قان لەئىل بەدەخشانىغۇ ئەمەس.
ھىجرىڭدا ئاھىم كۆيۈپ جىگرىم كۇل بولدى،
ئىككى روخسارىڭ لىۋىڭنىڭ جەۋھىرى جانىغۇ ئەمەس.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

بۇ يىگىتنىڭ چىھرىسىگە تەھپە كەلگۈمدۇر بۇگۈن،
يار خۇمارى، يار شارابى مەس مەجنۇندۇر بۇگۈن.
يا ئولۇمنىڭ ۋەھمىدىن سوزنى بىلمەي ئىتادۇر،
يا مەگەر دىۋانىدۇر، يا زارى مەجنۇندۇر بۇگۈن.
بۇ قىزىل كەيگەن تامامى قىز كېنىزەكىم مېنىڭ،
جىلۋە - جىلۋە ھەر تەرەپ سەججاد كەلگۈندۇر بۇگۈن.

بەھرام شاھ بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئارى، ئارى، ئارزىن تىغىڭ نامايانۇر بۈگۈن،
ۋەسىيىتىڭدىن دەشتى سەھرالار قىزىل قاندۇر بۈگۈن.
كەلدى تورت يۈز بىجالىرىڭ باشىنى كەسكەن كىشى،
بۇ سىنىڭ زۇلمىڭغا جاھان ھەيراندۇر بۈگۈن.

ئۇ مەلىكىگە قارىدى. مەلىكىنىڭ ئادىتى ئول ئىدىكى، ھەركىشى سوز قاپىيەسىدە زىيادىلىق قىلاي دىسە، يۈزىدىن نىقاپىنى كۆتۈرەر ئىدى. ئول قىزنىڭ چىن جامالىنىڭ خوشلىغىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەقلى لال بولۇپ، سوزگە ئەقلى يەتمەس ئىدى. شائىرلار ھوشىغا كىلىپ سوزلىگىچە ئولۇمگە بۇيرۇر ئىدى. ئاما بەھرام شاھ سوز قاپىيەسىدە مەلىكە بىلەن باراۋەر كەلگەندىن كىيىن، مەلىكەنىڭ ئىشقىدا بىر زوق پەيدا بولدى. خۇشاللىغىدىن ئەقلىدىن ئازدى. سوزلىگىلى تاقىتى قالمىدى. ئاشىقلارنىڭ رەسمى شۇكىم، مەھبۇبىنىڭ جامالىنى كورسە، بىھوش بولماغلىق بولدى. مەلىكە جاللات دەپ قىچقاردى. جاللاتلار تىغنى يالىڭاچلاپ: خىنىم، قايسى ئەجىلى تولغاننى چاپىمىز؟ — دىدى. مەلىكە بەھرام شاھنى ئولۇمگە بۇيرۇدى. ئاندىن بەھرام شاھ بۇ ئالەمدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ بۇ بىيىتنى ئوقىدى:

ھوكمىڭ بىرلە غىرىبىڭ كوڭلىنى قىلدىڭ مالال،
جان بەرسەم سەن ئۈچۈن مىڭ مەرتە ھالال.
پانى جاھان باقى ئەمەس، شاھ - گادايغا ئولۇم پەرىز،
ئىچەرسەنغۇ ئاخىر بىر كۈن جان بەرمەككە زەھەر مىسقال.

مەلىكە بۇ بىيىتنى ئوقىدى:

كوپ ئالدىراپ سوز قىلۇرسەن ئى ھامال،
ياقاڭنى تۈتۈپ، توۋە قىلىپ ئەمدى ئۈيال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوكلۇك هوزۇرنى تېخى ئىزۇرسەن،
باشڭغا قلىچ ئۇرارمەن ئوله، قال.

دەپ جاللاتقا بويىردى. بەهرام شاه ئەسلى پەرۋا قىلماي، بۇ بىيىتنى ئوقىدى:

قىلىپ مەن كىچە ـ كۈندۈز يار ئۈچۈن ئاھ ۋە ناله،
بولدۇم كىزىپ دەشتى سەهرا يار ئىشقىدا مەن ئاۋاره.
يۈز تۈمەن نالى پۇغان ئىچره مەندەك نەچچە مىڭ ئەۋۋەل ئولگەن،
بەهرام شاهنى قىلىڭلار يار ئۈچۈن مىڭ پاره ـ پاره.

مەلىكىنىڭ كىچىگىدىن بىقىپ چوڭ قىلغان ئىنىك ئانىسى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى. ئى مەلىكەم، مۇندىن ئىلگىرى كوپ يىگىتلەرنى ئولتۇرۇپ، هىچ ئىش هاسىل بولمىدى. بۇ يىگىتنىڭ ئولۇم گۇناهىنى تىلەيمەن. سىزگە بەرگەن ئاق سۈتۈم هەق بولىغىنى ئۈچۈن بۇ يىگىتنى قويۇپ بىرىڭ! — دىدى. مەلىكىنىڭ بەهرام شاهقا زوقى كىلىپ قىلغان هوكۈمرانلىغىغا پۇشمان قىلىپ تۇرغان ئىدى. ئانىسىدىن بۇ سوزنى ئىشىتىپ بەهرام شاهنىڭ ئولۇم گۇنايىدىن ئوتتى. بەهرام شاه ئولۇمدىن قۇتۇلغانلىغى ئۈچۈن خۇدايىتالاغا يۈز مىڭ شۈكرى كەلتۈرۈپ، شەهەردىن چىقىپ، دەشت ـ باياۋانلارغا يۈز قويدى. ئول جەزىره ئوتتۇرىسىدا ”مەجمەئىل بەهرىن“ دىگەن دەريانىڭ بويىغا بىرىپ، تاهارەت تازا قىلىپ، ئىككى رەكەت نامازى شۈكرانه ئوقۇپ قىرىق كىچە ـ كۈندۈزغىچه ئىبادەت قىلىپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقىدى.

يىلدا كىچىنى شەمئى شەبىستان ئەتكەن،
بىرلەھزىدە ئالەمنى گۈلۈستان ئەتكەن،
بىر مۈشكۈل ئىش چۈشۈپتۇ ئالەمدە ماڭا،
ئى بارچىلار مۈشكۈلىنى ئاسان ئەتكەن

دەپ مۈناجات قىلىپ، دەرگاھى بىنىيازىغا يىغلادى، شۇل زامان بەھرام شاھنىڭ دۇئاسى خۇدايى تالانىڭ دەرگاھىدا ئىجاۋەت بولدى. ئاللاتالادىن ھەزرەت خىزىر ئەلەيسالامغا ۋەھى كەلدى. ئى خىزىر، سەن بېرىپ ئۇل قىز بىلەن بىيىت ئېيتىشىپ سوز بىرلە يىقتىسىپ، بەھرامغا مەھبۇبىنى ۋاسىل قىلغىل. مەنكى 18 مىڭ ئالەمنىڭ خۇدايىدۇرمەن، ئۇ قىزغا ئوز قۇدرىتىم بىرلە ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىلمى - ھېكمەت بەرگەندۇرمەن. ئۇل قىزنى سەندىن بولەك ھېچكىم ماقۇل قىلالمايدۇ، دەپ نىدا قىلدى. ئۇل سائەتتە خىزىر ئەلەيسالام بەھرام شاھنىڭ قاشىغا ھازىر بولدى. بەھرام شاھ كوردىكىم: بىر قەھرىسە كەلدى. ئۇل قەھرىسەنىڭ نۇرىدىن دەريالارنىڭ سۈيى مەۋج ئۇردىلەر. دەريادىكى بىلىقلار، ھاۋادىكى قۇشلار ئىلتىجا قىلدىلەر. ئۇل ھال بىرلە بەھرام شاھدىن ھال سورىدى. بەھرام شاھ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى دوست، سىلەكىم بولىلا؟ نىمە ئۇچۇن بۇ غېرىبلىق دەشتىدە ماڭا ئوخشاش ئاۋارىلەردىن ھال سورايلا؟ دىدى. خىزىر ئەلەيسالام ئېيتتىكى سېنىڭ تەلۋىنى خۇدا ئىجاۋەت قىلدى. ھوكمى بىرلە كەلدىم. سېنى تەلەپ قىلغان مەھبۇبەڭگە يەتكۈزۈپ، مەھبۇبەڭ بىلەن ۋاسىل قىلۇرمەن. ئىن شايى ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى بىرلە يىتىملارنى پەرۋىش، يىتىملارنى ئەمرزىش قىلىپ، مۇڭلۇغلارنى مۇرادىغا يەتكۈزمەك مېنىڭ ئىشىمدۇر. مېنى سورىساڭ خىزىردۇرمەن. كەلدىمكى، سېنى مەقسىدىڭگە يەتكۈزگەيمەن، دىدى.


Altun Oq

بەھرام شاھ بۇ سوزنى ئىشىتىپ، يۈگۈرۈپ قوپۇپ، خىزىر ئەلەيىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاياقلىرىغا يۈز ـ كوزلىرىنى سۈرتۈپ، خۇشاللىقتا، ۋاي خۇدايىم، مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزۈدىغان كۈن بار ئوخشايدۇ. ۋاي چىقمىغان جان، يېرىلمىغان يۈرەك، دەپ ھەيدىسىگە مۇشلاپ، بەھرام شاھ خىزىر ئەلەيىسسالامنىڭ ئالدىدا تاك ـ تاك سەكرەپ تۇردى. خىزىر ئەلەيىسسالامنىڭ بەھرامغا رەھمى كىلىپ، بەھرامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، باغنى ئەرەمگە ئاپىرىپ، بىر تۇپ ئەنجۈرنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى بىر قېرى پاپانىڭ سۈرىتىدە بولدى. ئاڭلىغىنىم خىزىر ئەلەيىسسالام بىر سائەتتە 72 سورەتتە بولۇر ئىدى. ۋەلى ئاللا بەرھەقتۇر. ئىنايىتى ئەلفى بىرلە مەغرىپتىن ـ مەشرىققىچە ھەممە خەلقىنىڭ كوڭلىدىكى سىرىنى كەشىپ قىلۇر ئەردى. ئۇ قىز ياش نۇرانە يىگىتلەرنى تولا ئولتۇرگەنلىگى خىزىر ئەلەيىسسالامغا كەشپى بولۇپ، ئەل ـ ئىسالەم كورمەك ـ ئىشىتمەككە ئانداق قورقۇنۇچلۇق سۈرەتتە بولدىكى، رەڭگى قارا ساقال، ئاق بۇغۇندى، بىلى مۈكچەيگەن، كۆزى چەكچەيگەن، ئاغزى قىيسىق، كۆزى چېقىر، نامراتلىقتا ئوزى پېقىر، پۇتلىرى ئەگرى بىر پاپىنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ، ئول مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئول تەبىل بازنى ئانداق قاقتىكى، زىمىن ـ زامان، مۈلكى ـ ماكان لەرزىگە كەلدى. ھەر كىشى تەبىل قاقىشى شەھەر خەلقى يەتتە ياشاردىن يەتمىش ياشارغىچە ئەر ۋە مەزلۇملار ئول مەيدانغا چىقىپ، كەلگەن يىگىتلەر بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقانلىرىغا تەھسىن ـ ئاپىرىنلەر ئوقۇپ، تاماشا قىلۇر ئىدى ۋە بەزى ۋاختىدا ئادىل شاھ ئوزى چىقار ئىدى. ھېچكىشىنى بۇ يەرگە كەلمەكتىن مەنئى قىلماس ئىدى. ئەل قىسسە: خىزىر ئەلەيىسسالام تەبىلنى قاتتىق قاقتىلەر. شەھەر خەلقى ئاڭلاپ ۋەدەرىغا! يانا قايسى ئەجىلى تولغان، جانىدىن تويۇپ قالغان بىچارە-

كىن؟ يا بۇ زالىم خۇنىخارنىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ ھېچ ئېتىبارى يوق، دەپ تاماشا ئۈچۈن ئول باغ ئەرەمگە كىلىپ، مۇنا- رىگە چىقىپ خىزىر ئەلەيسالامنى ئول سۈرەتتە كورۇپ، ھەممە خەلق: خۇدايا توۋا، بىزلەر ھىلىغىچە مۇنىداق قورقۇنۇچلۇق سۈرەتتىكى ئادەمنى كورگەن ئەمەس ھەم ئاڭلىغان ئەمەس. نە خوپ بولۇپتۇر. ئەمدى شۇ پاپا ئېيىتىپ بىرەلىگەي ئىدى، تېخىمۇ ياش نۇرانە يىگىتلەرنى ئولتۇرەمىسىز؟ دەپ مەلىكنى مەسخىرە قىلىپ كۇلىشەر ئىدى. خىزىر ئىكەنلىگىنى ھېچ كىشى بىلمەس ئىدى. ئەلقىسسە: شۇ سائەتتە گۇلئەندام چىقىپ، خى- زىر ئەلەيسالامنى بۇ سۈرەتتە كورۇپ، مەلىكىگە خەۋەر قىلدى:

— ئى مەلىكەم، ياش يىگىتلەرنى تولا ئولتۇرۇپ، خاتاسىغا ئۈچراپسىز. بۇگۈن ئولۇمنى ئۇنتۇپ قالغان بەشيۈز ياشتا بار بىر پەرتۇك پاپا كېلىپتۇر. ئادەم ئارىسىدىن ئۇنداغ ئادەمنى كورگەن ئەمەس. مەلىكە: ئۇنداغ بولسا ئونىڭغا ئازار بەرمەي ئىئام- ئېھسان قىلىپ، شۇ يەردىن ياندۇرغىن، — دىدى. گۇلئەندام خۇش بولغاي دەپ چىقىپ:

— ئى پاپا، ئۇزجانىڭغا جاپا تىغى بىلەن ئورامسەن؟ مەلى- كەمگە ھەر بىر ياش نەۋقىران يىگىتلەر سوز قاپىيەسىدە بارابەر كىلەلەي، تامامى باشنى بەردى. سەن ئەسلى بارابەر كەل- مەيسەن. ساڭا ئىشنىڭ ئاسانراغى ئاشىقلىقنى تەرك قىلىپ، شۇ يەردىن يانغىن، دىدى. ھەزرەت خىزىر ئەلەيسالام: مەن 8 ئايلىق يەردىن كەلدىم. مەلىكەم ۋەدىسىگە تۇرامدۇ؟ ئەۋۋەلدە ئۇزى ۋەدە قىلغانغۇ! خاھى شاھ، خاھى گاداھ، خاھى ياش، خاھى قېرى بولسۇن، كىمكى تەبىلىنى قاقسا 500 كې- نىزىكىم بىلەن ئالدىغا چىقىمەن. ئۇ كەلگەن كىشى مېنىڭ بىيە- تىمگە 4 مىسرا قاپىيە ئېيتالىسا مەن ئوزۇمنى ئۇنىڭغا قوبۇل

قىلىۋرمەن دەپ ئېيتقان ئىدىغۇ! ھىلى ئۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىـ
غۇدەكىمۇ؟ مەلىكىنى ئالمىغۇنچە قايتىپ كەتمەيمەن، — دېدى.
مەلىكە كىرىپ: ئۇ جىننى ئەزرائىل ئۇنتۇپ قالغان پەرتۇك
پاپا ھەرنىڭكى سوزلەرنى قىلىپ، مەلىكىنى ئەمرىمگە ئالمىغۇنچە
كەتمەسمەن، دەيدۇ، — دېدى. مەلىكە: يانغىلى ئۇنىمىسا، جىننى
ئەزرائىل ئۇنتۇپ قالغان بولسا، بۇ سائەتتە ئەزرائىل ئەلەيـ
سالامنىڭ ئىسىگە كەلتۈرەي، دەپ غەزەپ بىلەن قەددىنى راست
قىلدى. مەلىكىنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ ۋەزىرى: ئى
مەلىكەم، ئۇزلىرى بىلەن ھەر ياش نەۋقىران يىگىتلەر بارا-
ۋەر كىلەلىمىدى. ئۇ ئازغان پاپىنىڭ ئىشى بىر سائەتتە تامام
بولۇر، دېدى. مەلىكە 500 كېنىزەك بىلەن چىقىپ ئولتۇردى.
ئادىل شاھ بىر تەختتە ئولتۇردى. ئولمالار، ئەمىرلەر، بى
ھىساپ كىشىلەر جەم بولدى. مەلىكە: بۇ پاپىغا ئۇلۇغلۇق
تەرىقىدە سالام قىلاي، ئۇزى قېرى كىشى ئىكەن. ئەگەر
لايىغىدا قۇبۇل قىلىپ، ئەدەپ بىرلە جاۋاپ بەرمىسە، مۇنداق
پاپا بىلەن سوزلەشمەك ماڭا ئاردۇر دەپ ئويلاپ، خىزىر
ئەلەيسالامغا تەرتىپ بىرلە سالام قىلدى:

ئى دىلبىرى دىلدار ئەسسالامۇئەلەيكۇم،
ئى مۇنىس غەمگسار ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

دەپ خىزىر ئەلەيسالامغا مالامەت تازىمىنى قىلىپ، غەزەپ
بىرلە ئالتۇن كورسىدا قارار تاپتى. خىزىر ئەلەيسالام دەرھال
جاۋاپ سالام بەردى:

ئى دەپتىرى دۇردانە ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،
ئى مەشۇق پەرۋانە ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

رەھمى قىلماي قانچىلاپ يىگىتلەر ئۆلدى،
ئى زۇلمى بىۋاپا ۋائەلەيكۇم ئەسسالام.

دەپ خىزىر ئەلەيسالام مەلىكىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. مەلىكە:
— ئى پاپا، قايسى قەبىلەدىن بولۇرسىز؟ — دىدى. خىزىر ئەلەيسالام:
— غېرىپ قەبىلەسىدىن بولۇرمەن، — دىدى. مەلىكە:
— بۇ يەرگە نىمە ئۇچۇن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. خىزىر ئەلەيسالام:
— ئۆزۈم 190 ياشقا كىردىم. بۇ ۋاقىتقىچە ئۆيلەنگىنىم يوق. ھېلى ئاڭلىسام، سىز بىر ئەرنى قوبۇل قىلىپ كېيىنى ئاڭلىماي قولىغىڭىز پاك بولۇپتۇر. سىزنىڭ بىۋاپالىغىڭىز ئالەم يۈزىدە داڭ بولۇپتۇر. شۇ سەۋەپتىن تەرىپ-توسپىڭىزنى ئاڭلاپ، غايىۋانە ئاشىق-نىگاران بولۇپ، سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ۋەدىسى بويىچە ئەقدەمگە ئالغىلى كەلدىم، — دىدى. مەلىكە: بۇ پاپا ئەرەپ دىيارىدىن بولسا، كەشمىرچە، ھىندىستانچە تىللارنى بىلمەس. شۇڭا بىقىپ جاۋاپ بەرسە، ئەگەر ئاڭا جاۋاپ ئېيتالمىسا ئانداغ خاراپ قىلايكى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق بى نومۇس پاپالەر مىنىڭ ئالدىمغا كەلمىسۇن دەپ ھىندىستانچە بىيىت ئوقىدى. خىزىر ئەلەيسالام بۇنىڭغا جاۋاپ بەردى. كېيىن مەلىكىنىڭ بېشى قېيىپ ھوش-كاللىسىدىن كەتتى. يانا ئويلىدىكى بۇ بوۋا ئەرەپ دىيارىدىن كەلدىم دەيدۇ. راستمۇ، ئەگەر يالغان بولسا، ئەرەپچە سوزگە ئاجىز كېلۇر دەپ ئەرەپچە بىيىت ئوقۇۋىدى، خىزىر ئەلەيسالام بۇنىڭغا مەنە ئېيتتى:

ئاھ نىتەي ئىشقىڭ ھالالاتىدىن،
كويدى يۈرۈگۈم بۇ ھاراراتىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

باقسا كوزۇم سەندىن ھامان ئۇزگىگە،
ئان ئىچىلگەي، تەڭرى ھاياتىدىن.

مەلىكە زوق قىلدى. ۋادەرىخا، ئىقىل ـ پاراسەتتە بى نەزەر كىشى، ئەمما ياشلىقنىڭ نوۋىتى كىتىپ، قېرىلىقنىڭ نوۋىتى يەتكەن پاپا ئىكەن، دەپ ئەپسۇس يەپ، خىزىر ئەلەيسالامغا زوقى كەلدى. كوڭلىدە بۇ پاپا تۈرك تىلىغا ئاجىز كىلۇر دەپ بۇ بىيىتنى ئوقىدى:

مەندىن تىلىمە شائىر پاپا ئىش تەلەپ،
كەمتەر بول، ئەيلىگىن ھەقنى تىلەپ.
پارس تىلىنى ئىزىپ ئىچىپ ئەردىڭمۇ،
تۈركى تىلىغا تىلىڭ تۇتۇلار ئەي ئەرەپ.

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بىيىتنى ئوقىدى:

ھىچ تىلغا مىنىڭ تىلىم تۇتۇلماس ھەرگىز،
ھىچ ئىش مىنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالماس ھەرگىز.
بىر بوسە سىنىڭ لەئلى لىۋىڭدىن ئالسام،
تا دەۋرى قىيامەتكىچە ئۇنۇتماسمەن ھەرگىز.

مەلىكە بۇ بىيىتنى ئوقىدى:

قېرىلار يارنى تارتار، ئوق ئاتالماس،
ئەگەرچە ئاتسا ئوق، يەرگە قارالماس.
ياندا ياتسىلار بىر نازىنىن گۇل،
تاڭ ئاتقۇنچە ئاڭا بىر سوز قاتالماس.



AltunOq

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ساقال ئاقىمنى كورۇپ قېرى دىدىلەر بىرووۋ،
ئىشقىنىڭ شەبنىمىدىن چۇشتى باشىمغا قىرووۋ.
مەن سېنى ئەمرىمگە ئالماي نە يۇسۇن بىرلا پىيابناي،
قېرىنىڭ جان ـ جىگرى ئىشق ئوتىدا بولدى گورووھ.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى پەر ئەرەپ قىلما گوستاغلىق،
ئەسلى نىسبىمدۇر مېنىڭ پادىشالىق.
قەتىل ئەيلىگۇم ئىدى، ساڭا رەھمى قىلۇرمەن،
تارت تىلىڭنى بولمىسا، ھېلى جاللات قىچقۇرۇرمەن.

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

جەللات ئوغرىلىرىڭنى قىچقىرغىن،
تىغىڭ بىرلە مېنى چېپىپ ئولتۇرگىن.
ئىشقىڭ ئوتىدا مۇنچە جاپا تارتقۇنچە،
يول تاپساڭ گەر دارغا ئاسىپ ئولتۇرگىن.

مەلىكە ھەيران بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

كوپ سوزلىمە ئى پەر ئەرەپ كوڭلۇم غەمدۇر،
ئالەم نەزىرىمگە خان ئى ماتەمدۇر.
سەن تەلۋە كىشىدەك سوزنى بىلمىگەيدۇرسەن،
باشىڭنى كېسىپ تىرەڭنى سويمىسام كىمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

تەن ئىچرە يانا ئاھ دېگەر جانىم يوق،
يەر چىھرەسى رەڭ بولغىچىلىك قانىم يوق.
بوينۇڭغا قولۇم سالىپ قىرىغان چاغدا،
كەل پوپ قىلاي ئۆلسەم ئارمانىم يوق.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

مەن بىر قىزدۇرمەن، دادىكام رۇمغا شاھ،
ھەددىڭمۇ مېنى ئالغىلى ئى قىرى پاپا!
كوپ ياش يىگىتلەر مېنى كورەلمەي ئولدى،
خەلق ئاراسىدا مەن سېنى دەرمەنمۇ ئاتا.

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئاتام دېمەگىن مېنى دېگەيسەن ئېرىم،
ئايرىلدى دېمە، ئوستىڭۋاغدىن بۇ يېرىم.
ھەر كۈندە قىلاي ياخشى يىگىتلەر ئىشىنى،
سەن قىز جاۋاپلاشما چىقمايدۇ جانىڭ.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

غەم تىغى ئىچىمگە چۇشۇپ تولغاندۇر،
ئى پەر ئەرەپ ساڭا قاراپ بولمايدۇر.
ئولۇم ساڭا ھەقتۇر يوقىغىن ئالدىمدىن،
ھېچكىم سەندەك قىرىلارغا تەگمەيدۇ.

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى رەشكى پەرى ماۋشى مىم تازىم،
ئى خەمزادە، ئى بىل خەت ئىشتكىن رازىم.
بىلدىمكى، ساڭا تامام ئالەم قۇلدۇر،
سەن يارغا مەندەك بىر قېرى قۇلمۇ لازىم.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ھەرگىز بۇ سوزۇڭنى مەن قوبۇل ئەتمەسمەن،
ئى پەر ئەرەپ ئەسلى نىسپىڭنى بىلمەسمەن.
ئىشىگىمدە سەندەك تۇمەن مىڭ قۇل بار،
سەندەك قېرىنى بىر پۇلغىمۇ ئالماسمەن.

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

تىللىما مېنى ئوك سوز ئىشتكىل مەندىن،
نى ئارى ماڭا ئۇشبۇ سېنىڭ تىللىغانىڭدىن.
ھەركىم تىللىسا ئۇ تىل ئۇزىگە يانادۇر،
سەكسەن ياشىغان قېرىلار ئارتۇق سەندىن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

پاختا بولۇپتۇر ساقىلىڭ ئى قېرى ھال،
قىلغان گۇنايىڭغا توۋە قىل، ئەمدى قال.
كوڭلۇڭ ھوزۇرىنى تېخى ئىزرۇرسەن،
باشىڭغا تاياق ئۇرارمەن ئولەقال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

مەن پەرى ئەرەپكە غەزىنىڭ كوپ بولسۇن،
كوپ سوزلىگىچە ئوتقا سالىپ كويدۇرسۇن.
بىر ئىككىمىز ھەم تەبىق بولغان چاغدا،
ئاق ساقىلىم قارا ساچىڭغا گۇل بولسۇن،

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئالدىمغا كېلىپ ياخشى يىگىتلار بى ھەد،
دەرۋىش، غېنى، شاھى گادالار بى ھەد.
تەڭ سوزلىمەيىن تىغ بىلەن جان بەردى،
ئى نومۇس يوق قېرى قۇتلۇق سەت.

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى قىز ساڭا مەن ھەزلە قاتماق لازىم،
جۇپ ئالمىلىرىڭغا قول ئۇزاتماق لازىم.
لەۋدىنى لەۋىڭگە، سىنەمنى سىنەڭگە قويۇپ،
بىر يەردە باغ - باغ ئىتىپ قۇچاغلاشماق لازىم.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

كوكسۇڭگە نىشانە قويۇپ ئوق ئاتماق لازىم،
قولۇڭنى تاشتا قويۇپ ئۇششاتماق لازىم.
سەن كىم، مەن بىلەن قوچاغلاشقان كىمدۇر،
بۇرنۇڭنى تىشىپ قازاققا ساتماق لازىم.

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

كوكسۇمگە نىشانە قويۇپ ئوق ئاتماق يوقتۇر،
بۇرنۇمنى تىشىپ قازاقىدا ساتماق يوقتۇر.
دەۋايى مۇھەببەت بىرلە كەلگەن كىشىنى،
قۇلىنى تاشتا ئۇششاتماق يوقتۇر.

مەلىكە:

يوقتۇر بۇ جاھاندا مەن كەبى لالەئۇزار،
سەچ جارە قەددىم بىنەپشەئى گۇلرۇخسار.
ئاسانلىق بىلەن ساڭا مۇيەسسەر بولماسمەن،
كوكسۇمدىكى بۇ ئېغىر باھا قوش ئانار.

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

كوكسۇڭدىكى قوش ئاناردىن ئەنجۇر خۇپ،
باشىڭدىكى زۇلپۇڭدىن ئۈست باغلىغان زەنجىر خوپ.
ئۇچامنى قاشلاپ ئوزۇمگە قايماق بىرەدۇر،
سەندىن مەندەك يۈز ياشىغان كەمپىر خوپ.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى پەر ئەرەپ تاڭلا كېلىپ نان تىلىگىل،
ئەنجامە كەبى زۇررە دەرەپشان تىلىگىل.
ساقال ئاقىرىپ گورغا يېتىپتۇ ئايىغىڭ،
قىل توۋە، ياقاڭنى تۇتۇپ ئىمان تىلىگىل.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزىر ئەلەيسالام بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى قىز سەن مېنى قىلما بۇگۇن نامەھرۇم،
غەم تىغى بىلەن تىلەنسۇن بۇ كوڭلۇم.
ساقال ئاقىرىپ ئۇزەم قېرىغان چاغدا،
كەل بوسە قىلاي تېخى يىگىتتۇر كوڭلۇم.

مەلىكە:

دەرت بولدى يۇرەك سېنىڭ سەررۇي ئېچىلۇر،
مەن بىلدىم سېنىڭ ساق كىتورۇڭنى كىم بىلۇر.
سويمەككە مېنى مەھزە خىيال ئەيلەرسەن،
ئى قېرى بوۋا باشىڭ ئېغىرلىق قىلودۇر.

خىزىر:

غەم تىغى بىلەن ئوزۇمنى ئوزۇم تىلامەن،
كويۇڭدا ئولەرىمنى ئوزەم خوپ بىلۇرمەن.
سەن لەئىل لىۋىڭدىن ماڭا بىر سويدۇرسەڭ،
بىلاكى يۇلۇڭغا جانىم تەسەددۇق قىلۇرمەن.

مەلىكە:

ئى پەر ئەرەپ ياشىڭ كول بولسۇن،
چۇن يىغلىساڭ سوزۇڭگە كىم گول بولسۇن؟
نى ياخشى يىگىتلەر مېنى كورەلمەي ئولدى،
سەن قانچە ئەرەپ؟ ئوزۇڭنى بىل يول بولسۇن.

خىزىر:

ئى قىز، نېمشقا مېنى مۇھتاج ئەيلەرسەن،
پېقىرنى گادا، ئۇزۇڭنى شاھ ئەيلەرسەن؟
ھالا ماڭا ئەر لازىم ئەمەس دەيدۇرسەن،
كوڭلۇك ھۇزۇرىنى قاچان ئىزلەرسەن؟

مەلىكە:

ئەر لازىم ئەمەس ئى قېرى سەندەك دەللە،
خان، شاھقا تىگەرمەن، ساڭا تىگەرمەنمۇ پەللە.
ئالساقچۇ دىگەن ئەرلەر مېنى كورەلمەي ئولدى،
ئوردامغا كىرىپ خالى ئىتۇرمەن جەللە.

خىزىر ئەلەيسالامنىڭ ئاچچىغى كېلىپ بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى قىز تولا سوزلىگىلى ھەيران بولىسەن،
شەرمەندىلىكتىن تولا گىريان بولىسەن.
مەن قېرى ئەرەپكە بى ئەدەپلىك قىلما،
ئوتۇمدا مېنىڭ تېخىمۇ ۋەيران بولىسەن.

مەلىكە:

ئى پەر ئەرەپ ھېچ نېمىنى بىلمەيسەن،
چوللەردە يۇرۇپ قائىدىنى بىلمەيسەن.
مەكتەپ يۇزىنى كورمىگەن پەر ئەرەپسەن،
ئوقۇمىغاچ ھېچنېمىنى بىلمەيسەن.

خىزىر:

مۇللا مەنمۇ كالام رەببانى بىلمەن،
ئايان، ھەدىس، ئىلمى قۇرئاننى بىلمەن.
كوڭلۈڭدىن كەچۈرمە مەن بۇۋىنى ئامى دەپ،
مۇشكات چۈشۈرۈپ شەرھى مۇللىنى بىلمەن.

مەلىكە كوڭلىدە ئويلىدىكىم، بۇ بوۋاي ئۇلۇغ كىشى مەلۇم بولىدۇ، دەپ ئۇزرە ئېيتىپ يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئى پەر ئەرەپ خىزىرمۇ سەن راستىن ئېيتقىل،
سوزۈڭنى ماڭا بۇ دەم بىر ئوختۇرغىل.
مەن تونۇمايمەن قانچە گۇنالار ئوتتى،
ئۇشبۇ گۇناھىم ئەپۇ قىلىپ كويدۇرگىل.

خىزىر:

گەر تونۇمىساڭ تونۇغىن مەن خىزىرى،
گۇستاغلىق قىلىپ ئەمدى قويارسەن ئۇزرى.
پەرمان ئىلاھى ماڭا بولغاچ كەلدىم،
بەھرامنى ساڭا جۇپتى ئەيلەپتۇر تەڭرى.

مەلىكە:

قىز بىلدى خىزىر پەيغەمبەر ئىكەننى،
بىلمەسلىكىدە ئۇزرە قويۇپ سوزلىگەننى.

ئەلقىسسە: مەلىكە گۇلروز خىزىر ئەلەيسالامنى تونۇماي قىل-

غان سۆزلىرىگە يۈز مىڭلارچە پۇشايمانلار قىلىپ، خىزىر ئەلەي-
سسالامنىڭ ئاياغلىرىغا يۈز-كۆزىنى سۈرتۈپ، تۆۋە تەزەررۇ قىل-
دى. ئاندا خىزىر ئەلەيسسالام ئېيتتىكى، ئى مەلىكە، سېنىڭ ئا-
ۋالقى ئىسمىڭ مەلىكە گۈلروز ئەردى. ئاددەمنى تولا ئۆلتۈر-
گەن سەۋەپتىن مەلىكە خۇنروز ئاتالدىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭنى خا-
قان چىن پادىشاھىنىڭ ئوغلى بەھرامغا قوبۇل قىلساڭ، مەن
سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتەرمەن. بولمىسا سوزۇڭنىڭ چالىسى بول-
سا دىگىل. مەن ھەم ئاڭلاي. بەھرام شاھنىڭ دۇئاسى دەرگايى
ھەقتە ئىجابەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاللانىڭ ھوكمى
بىرلە كەلدىم. تېز جاۋاپ بەر! دىدى. ئاندىن مەلىكە زار-زار
يىغلاپ ئۆزىنى بەھرام شاھقا قوبۇل كوردى. ئاندىن كېيىن
تۆۋە قىلىپ، بەھرام شاھقا ئەختى نىكا قىلدى. ھەزرىتى خىزىر
ئەلەيسالام غايىپ بولدى. ئاندىن بەھرام شاھ شەھەر خەلقىغە
كەگرى توي قىلىپ نەزرە بەردى، مەلىكە بىلەن بىللە بولۇپ
مەقسىدىگە يەتتى. مەلىكىنى ئېلىپ خاقانى چىن شەھرىگە كەت-
تى. بۇ ئىشلارغا دوستلار شات، دۇشمەنلەر غەمكىن بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن

ئات ئايىغىدىن سەمرىيدۇ،
ئادەم قۇلىغىدىن.
ئاتقا مىنسەڭ ئاتاڭغا باقما.
ئاتنىڭ كۆڭلى بالىدا،
بالىنىڭ كۆڭلى تالادا.
ئاتلىق پىيادىنىڭ هالىغا يەتمەپتۇ.
ئاتمىش ياشلىقتىن سورىما،
ئالتە ياشلىقتىن سورا.
ئاتنى تەپمەيدۇ دىمە،
ئىتنى چىشلىمەيدۇ.
ئاتنى ساتساڭ يۈگەننى قالدۇر.
ئات كۆتەر ئوبدان بىلەن،
سۇ كۆتەر ئاپتۇۋا بىلەن
ئاتنى مىنسەڭ دۆڭگە چاپ.
ئاتنىڭ بېگىسىنى يولدا كۆر،
خېچىرنىڭ بېگىسىنى سايدا.
ئادەمگە ئادەم كېرەك.



AltunOq

ئادەم تىلىدىن كېتەر،
هايۋان مۈڭگۈزىدىن.
ئادەم قۇلاقتىن،
هايۋان تۇياقتىن.
ئادەمنىڭ تېشىغا باقما،
ئىچىگە باق.
ئادەمنىڭ ئەقلى بولمىسا،
كوز دېگەن تام تۆشىگى.
ئادەمنىڭ جېنى چىقسا،
تازنىڭ كۆلكىسى.
ئادەمنىڭ كىچىگى بولغىچە،
ئىتنىڭ كۈچىگى بول.
ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار.
ئاچ قالمىغىچە ئاشنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
پىيادە يۈرمىگىچە ئاتنىڭ.
ئاچ قوساققا ئاچچىق سۇ،
ئاچ كىشىنىڭ ئاچچىغى يامان.
ئاچچىق بىلەن تاتلىقنى
تېتىغان بىلۇر.
يىراق بىلەن يېقىننى
يۈرگەن بىلۇر.
ئاچچىق ئېقىلنى كېسىدۇ،
ئاچچىق يۈتۈش تاغ يۈتۈش.
ئاچچىقنى كورمەي، تاتلىقنى بىلمەيسەن.
ئاچچىغىڭ كەلسە، بارمىغىڭنى چىشلە.
ئاچكوزنىڭ قوسىغى تويىسمۇ،
كوزى تويماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس.
پىيادىنىڭ ھالىنى ئاتلىق.
ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى،
توقلۇقتىمۇ ئۇنۇتما.
ئاخماقنىڭ دوستى كوپ.
ئاخماقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن.
ئاخماقنىڭ چوڭ ـ كىچىگى يوق.
ئاخماقنىڭ ئۆگى يوق، چاپىنىنىڭ يېڭى.
ئاسمان ئېگىز،
يەر قاتتىق.
ئاش بولسا ئىش بولمىسا،
ياز بولسا قىش بولمىسا.
ئاش ئۆز ئىگىسى بىلەن تاتلىق.
ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ.
ئاش كەلسە يىگىن،
سوز كەلسە دىگىن.
ئاش يوق، ئىشتەي يوق.
ئەرزان گوشنىڭ شورپىسى يوق.
ئارقىدا قالغان ئىشىڭغا،
قار ياغىدۇ بېشىڭغا.
ئاۋال ئويلاپ كېيىن سوزلە.
ئاق بولمىسىمۇ پاك بولسۇن.
كورمەي تۇرۇپ ئاق دىمە،
سىنىماي تۇرۇپ ساق دىمە.
ئاق ئىت، قارا ئىت ھەممىسى بىر ئىت.
ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇنا يوق.
ئاياق يۇگرىگى ئاشقا،

ئېغىز يۇگرىگى باشقا.
ئاغرىق ئورلىسە جېنىڭنى ئالۇر،
شىپا ئورلىسە پۇلۇڭنى.
ئالتۇن چىرىماس.
ئالتۇن يەردە ياتماس،
ياخشىلىق يولدا.
ئالتۇن پەشتاق ئويۇڭدىن،
كوڭلۇمنىڭ تىچى ياخشى.
ئالدىرغان قالۇر، بۇيرىغان ئالۇر.
كورگەن كورگىنىنى سوزلەر،
ئاخماق يىگىنىنى.
بارماققا بار، بەرمەككە يوق،
يالغانغا يۇرەك.
باتۇرلۇق بىلەكتە ئەمەس يۇرەكتە.
باتىنغان گادايىنىڭ خورجىنىغا زىيان.
باش يېرىلسا بوك ئىچىدە،
قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە.
باشقا يۇرتنىڭ سۇلتانلىغىدىن،
ئوز ئىلىڭنىڭ گادايلىغى ئەلا.
باشقا كەلگەندە باتۇر.
بار بولسا تۇرالمايدۇ،
يوق بولسا چىدالمايدۇ.
باي-بايغا باقار، سۇ سايغا ئاقار.
بار كىيسە "مۇبارەك،
يوق كىيسە "كىمنىڭكى؟"
باي ماختانسا تېپىلىدۇ،
يوق ماختانسا چېچىلىدۇ.
باي مېلىنى سوزلەيدۇ، گاداي مۇڭىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوكدا ياتقان گىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان جىگدە.
باغنى باقساڭ باغ بولۇر،
پاتمان- پاتمان ياغ بولۇر.
بىقىمسىز باغ تاغ بولۇر،
يۈرەك ـ باغرىڭ داغ بولۇر.
بالىلىق ئۆي بازار،
بالىسىز ئۆي مازار.
كالا كولگە تىزەكلەپتۇ.

بەش قول تەڭ ئەمەس.
بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن.
بەرمەسنىڭ ئىشى پىشماس.
بويىندىن باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس.
بورىسى يوق جاڭگال بولماس،
ئوغرىسى يوق ئىت.
بۇلبۇل قەدرىنى باغ بىلمەس،
ئاغرىق دەردىنى ساق.
بۆكۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
بېخىل بايدىن سېخى گاداي ياخشى.
بېخىل تاپسا بېسىپ يەر،
سېخى تاپسا ئوپچە يەر.
بېخىل كىشىدىن پۇل ئالماق،
پېتىر ناندىن قىل ئالماق.
بېخىلنىڭ بېغى كوكەرمەس.
بېشى يوغان بەگ بولار،
پۇتى يوغان قۇل.

بېرىپ يامان بولغىچە،
بەرمەي يامان بول.
بىلى بوشنىڭ گېپى بوش.
بىر پەلەكتە مىڭ خەمەك.
بىر تال ئۇزۇم قىرىق كىشىگە يېتەر.
بىر سەر ئالتۇنۇڭ بولغىچە،
بىر سەر ئەقلىڭ بولسۇن.
كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا،
تۇۋىغى سىقىرايدۇ.
بىرلىكسىز كۈچ بولماس.
بىكاردىن كەلگەن مال ئەمەس.
بىلىم بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر.
پايىپاقىا، ناھال قاقاقاندەك،
ھول تامغا ئىشەك. تەپكەندەك.
پۇشمان پايدا بەرمەس.
پۇل دىگەن قولنىڭ كىرى.
پۇلۇڭ كۆپەيگىچە دوستۇڭ كۆپەيسۇن.
پۇلۇڭغا ئىشەنمە، ئەقلىڭگە ئىشەن.
پىلانسىز ئىش، قېلىپسىز خىش.
تاياق گوشتىن ئۆتەر، گەپ سۆڭەكتىن.
تاما - تاما كول بولار، تامماي قالسا چول بولار.
تەڭ يىگەن تەنگە سىڭەر،
يالغۇز يىگەن يەرگە.
ياخشى سوز تاشنى ئېرىتىدۇ.



AltunOq

www.uyghurkitap.com

كوپ سوزلىگەن تۇتۇلار،
ئاز سوزلىگەن قۇتۇلار.
تولا گەپنىڭ مەنىسى يوق،
كەنجى كېۋەزنىڭ غوزىسى.
تۇشۇك مۇنچاق يەردە قالماس.
ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان جىگدە.
توخۇيۇڭنى تاخ دىمە،
مۇشۇكۇڭنى پەش.
تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇغۇڭنى چاقاي.
تۇكۇرۇۋەتكەن تۇكۇرۇكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس.
بۇرنىغا يىمىگىچە، بۇرنىغا سۇ كىرمەس.
ئەتىگەن تىككەن دەرەخنىڭ سايىسىنى كەچتە ئىزلەپتۇ.
تېپىشمىغىچە ئېلىشماس.
تېشى پال - پال،
ئىچى غال - غال.
تېرىساڭ ئورىسەن.
تېرىغان خامان قىلۇر،
تېرىمىغان ئارمان قىلۇر.
تەرمىسەڭ ئۇنمەس.
تېنىمنىڭ ساقلىغى،
جېنىمنىڭ راھتى.
تىكەنسىز گۇل بولماس،
جاپاسىز راھەت.
توڭگۇز قوي بولماس،
دۇشمەن ئوز بولماس.
چىشىم سۇنمىسۇن دىسەڭ،
تىلىڭنى تۇز تۇت.

داپقا بېقىپ ئۇسۇل.
سەللە يوغان ئىمان يوق،
داسقان يوغان بىر نان يوق.
دەشنام يېگىنىم بەش نان يېگىنىم.
جاپا تارتمىغىچە ھالاۋەت يوق.
ئەجەل يەتمەي جان چىقماس.
ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،
يامان تۇققان ئۆلگەندە.
ئەر يېگىلىپ قولغا چۈشەر،
قۇش ئېتىلىپ تورغا.
ئەتىيازنىڭ ئاپتىۋىغا كىلىنىڭنى سال،
كۈزنىڭ ئاپتىۋىغا قىزىڭنى.
ئەر نامرات بولسىمۇ،
قەرىزدار بولمىسا.
ئەرنى - ئەر قىلغانمۇ خوتۇن،
ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن.
ئەرنىڭ سوزى بىر.
ئەگىم بولسىمۇ يول ياخشى،
قارغو بولسىمۇ قىز ياخشى.
ئەل قاياققا باقسا،
سەن شۇ ياققا باق.
جارچىغا كورۇم.
ئەلگە بارساڭ ئېلىپ بار،
ئېيىۋىڭنى قويۇپ بار.
ئەمگەك يەردە قالماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

جاپا ـ چەكمەي ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي سائادەت.
جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.
جان چىققاندىن كېيىن، ياسىنىنىڭ نىمە ھاجىتى؟
جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس.
چوجىنى كۈزدە سانا.
جىق بولسا كېتەر، ئاز بولسا يېتەر.
چالا موللا ئادەم ئۆلتۈرەر.
چامغۇرنى يۇلۇۋالسا ئورنى قالدۇ.
چاپىغىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپتۇ.
چوڭ ھورمەت قىلسا، كىچىك خىزمەت قىلىدۇ.
چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ.
چوچىرىنى خام ساناپتۇ.
چىچەننىڭ تىلى،
چەبدەسنىڭ قولى.
چىچەن يىگىت، ئىلان كوچكەننى تۇيار.
چىشىڭ ئاغرىسا تىلىڭنى تارت،
كوزۇڭ ئاغرىسا قولۇڭنى.
چىشىڭنىڭ بارىدا گوش يە.
چىراق تۇۋى قاراڭغۇ.
چىرايلىق، چىرايلىق ئەمەس،
سويگەن چىرايلىق.
چىرايغا چاي قويۇپ ئىچكىلى بولماس.
چىراقنى پۈدىسەڭ ساقىلىڭ كۈيەر.
خوتۇننىڭ قېشىغا قارىغىچە،
قاچىسىنىڭ تېشىغا قارا.
ھارۋا سۇنسا ئوتۇن بولۇر،

ئېتىك ئۇلسە گوش.
ھاردىم دىسە ھاپاش بوپتۇ.
ئادان ھاكىم يۇرت بۇزار.
ھالۋىنى ھەكىم يەدى،
تاياقنى يەتتىم.
ھالىڭغا قاراپ ھال تارت،
خالتاڭغا قاراپ ئۇن.
ھەسەلنى كوپ يىسەڭ ئەمەن تېتىيدۇ.
ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار،
گۇلنىڭ تىكىنى.
ھەركىشىنىڭ دەردى ئوزىگە چوڭ.
ھەركىم قىلسا ئوزىگە قىلۇر.
ئاسمانغا تۇكۇرسەڭ،
يۇزۇڭگە چۇشۇر.
ھەق ئىگىلەر، سۇنماس.
ھەقىقەت ئىستىسەڭ ئولتور ئىلاننى،
تەرىقەت ئىستىسەڭ قىينىما جاننى.
ھوپۇپنىڭ تومشۇغى ئۇزۇن،
سېغىزخاننىڭ قۇيرىغى.
ئىشچان ئىشنى يەر،
ھورۇن بېشىنى.
ھورۇنغا ھويلا ئىچىدىكى سۇ يىراق.
ھورۇننى ئىشقا بۇيرىساڭ،
ساڭا ئەقىل كورسىتەر.
ھورۇننىڭ ئەتىسى تۇگىمەس،
ئاخۇنۇمنىڭ پەتىسى.
ھورمەت قىلساڭ ھورمەت تاپىسەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چايناپ يىسەڭ لەززەت.
ھۈنەر پۈتمەس گۆھەر،
ھۈنەر قىلساڭ ئۈنەر.
ئوتتۇز چىشتىن چىققان سوز،
ئوتتۇز ئەلگە تارايدۇ.
ئوتقا تەگسەڭ ئۆچەر،
خوشناڭغا تەگسەڭ كوچەر.
ئوتنىڭ تېشىدا كويگىچە، ئىچىدە كوي.
ئورنى كىم كولىسا شۇ چۈشىدۇ.
كوڭلىدە نىمە بولسا ئاغزىدا شۇ.
ئويلىماي سوزلىسەڭ،
ئاغرىماي ئولىسەن.
ئويماقسىز خوتۇن بولماس،
لەقەمسىز ئەر.
ئويناپ سوزلىسەڭمۇ،
ئويلاپ سوزلە.
ئوغرى بولساڭ ئىنساپ قىل،
قازىنىنى ئالساڭ تۈۋىنى قوي.
ئوغۇل تۇغسا ئوزىدىن كورىدۇ،
قىز تۇغسا باشقىلاردىن.
ئوغلۇمنىڭ بالىسى ئوزۇمنىڭ بالىسى.
ئون ئولچەپ بىر كەس.
ئوتۇگى يامان تورگە چىقالماپتۇ،
يىڭى يامان ئاش ئىچەلمەپتۇ.
ئوتكەمدىن ئوتۇپ غەلۋىردە توختاپتۇ.
ئوتكەن ئۆمۈر ئاققان سۇ.
ئوتكەن كۈنگنى ئونۇتما،
شىر چۈرۈگنى قورۇتما.



AltunOq

ئوتكەن ئىشقا سالاۋات.
ئوتمەس ماتا،
زورلاپ ساتا.
ئوشنىگە لاپقوت،
ئوتتۇككە ئاپقوت.
ئوچكىگە جان قايغۇسى،
قاسساپقا ياغ.
ئوزىدە يوق، ئالەمدە يوق.
هويلاڭنى مەهكەم تۇت،
خوشناڭنى ئوغرى تۇتما.
ئوزەڭدىن چوڭنى هورمەتلە.
ئوزەڭنى بىل، ئوزگىنى قوي.
ئوزەڭنى ئەر چاغلىساڭ،
ئوزگىنى شىر چاغلا.
ئوزەم تاپقان بالاغا،
نەگە باراي داۋاغا.
ئوزى بۇ يەردە يۇرگەن بىلەن،
كوڭلى هەر-يەردە پالاز قاقىدۇ.
ئوزى بىر غىرىچ، ساقىلى ئىككى غىرىچ.
ئوزى تاپمىغان مالنىڭ قەدىرى يوق.
ئوزى تويماسنىڭ كوزى تويماس.
ئوزى ئولۇپ، ئوزى يىغلاپتۇ.
ئوزىدىن خورىگى چوڭ.
ئوزىنى ئايىغان سۇلتان،
ئايىمىغان ئۇلتان.
ئوزىنى بىلگەن خار ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقاتقۇچىسى

ئۆزىنى سورىغان يۈرتنى سوراپتۇ.
ئۆزىنى سورىغان قازى ئالدىغا بارماپتۇ.
ئۆزىگە يارىغان ئۆزگىگە ياراپتۇ.
ئۆي مۈشۈكىنى تالا مۈشۈكى قوغلاپتۇ.
ئۆيۈڭگە كىرگۈزمە دەللىنى،
بۇزۇپ تاشلايدۇ ھەممىنى.
ئۆگەنگەن بىكار كەتمەس.
نادانغا قىلغان ئىسسىق سۆزۈم.
ئۆلۈككە گور تېپىلار،
تىرىككە ئۆي.
ئۆلۈكنىڭ ئۆزى يامان،
ئۆرۈشقاقنىڭ سۆزى.
تىرىك ۋاقتىدا سەۋەپ قىل.
ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن،
ئۆلگىلى بولماس.
ئۆلمەكنىڭ ئۆستىگە تەپمەك.
ئۇم ئەمگەكتە ئۈنۈم بار.
ساقالدىكى ئاشقا قوساق تويماس.
ساقلانساڭ ساق بولىسەن.
ساقلىنىش — بايلىنىش.
ساڭا بېقىپ مەن،
ئىشىككە بېقىپ دەم.
سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىپتۇ.
ساناقسىزغا سان تەگدى،
ئىشتانسىزغا ئاغ.
ساندا بار، ساناقتا يوق،
سانى بار، ساپاسى يوق.

سەۋرى قىلساڭ، غورىدا ھالۋا پىشار.
سەۋزىدىن خەۋەر يوق،
پولۇ دەم يەپتۇ.
سوراپ بىلىش ئەيىپ ئەمەس،
سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس.
سۇ باشتىن لاي.
سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ.
سۇغا پىشقان كىشى يامغۇردىن قورقمايدۇ.
سۇنى كورمەي ئۆتۈك يەشمە.
ۋەدىگە ۋاپا مەرتنىڭ ئىشى.
ئۇستاز بار يەردە قولۇڭنى تارت،
موللا بار يەردە تىلىڭنى.
ئۇستا كورمىگەن شاگىرت،
ھەر مۇقامدا يورغىلار.
ئۇيات ئولۇمدىن قاتتىق.
يۇتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن.
ئۇزۇشنى بىلمىسەڭ سۇغا چۇشمە.
يۇزۇم ئاق بولسۇن دىسەڭ
ئىشىڭنى توغرا قىل.
يۇزۇمنىڭ قېلىنلىغى
جېنىمنىڭ راھىتى.
قاتاردىن قالغىچە،
خاتادىن قال.
ئەجرى قىلساڭ تاغدىن قاش تېشى چىقىدۇ.
قاغا جېنىدا قاق قىلۇر،
ئوز جېنىنى خوش قىلۇر.
قازاندا بولسا چومۇچكە چىقار.

قەست قىلغاننى پەس قىل.
نە ئاغرىسا جان شۇ يەردە.
قوينى قاسساپ سويسۇن،
ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن.
قول ئىچىگە ئىگىلىدۇ.
تىل يارسى كەتمەس.
قولۇڭدىن كەلگەننى ئىلىكىڭدىن ئايىما.
قوسىقىڭدا ئاغرىق بولمىسا،
تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.
قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا خوش ياقماس.
قىزىم ساڭا ئېيتاي،
كېلىنىم سەن ئاڭلا.
قىش ئوچىغى تار، قوپ ئويۇڭگە بار.
قىشنىڭ سوغىغى ياندىن ئوتەر،
ئەتىيازنىڭ جاندىن.
قىرسىز يەر بولماس،
ھۈنەرسىز ئەر.
كەڭ تون يىرتىلماس،
كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس.
نامرات بولساڭ كوچۇپ باق.
يېڭىنى ئايىغان كونا.
كوپ ئاڭلا، ئاز سوزلە.
كوپ يۈرگەندىن سورىما،
كوپنى كورگەندىن سورا.
كوپ ئوقىغان كوپنى بىلۇر،
ئوقىمىغان نىمىنى؟
كورۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كوز قورقاق، قول باتۇر.
كوزگە ئېلمىغان چۇماق
پۇتقا سانچىلۇر.
قوساقنى كەڭ تۇتسا،
بىر تال ئۈزۈم قىرىق كىشىگە يېتىدۇ.
كۈن ئارقىدا قالساڭ، يىل ئارقىدا قالىسەن.
كۈن چىقمىسىمۇ كەچ بولىدۇ.
كۈندە غوغا بېشىڭدا،
ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا.
كۈندۈزى سوزلىسەڭ ئەتراپىڭغا باق،
كېچىسى سوزلىسەڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق.
كۈنلۈك يولغا چىقساڭ،
ئايلىق ئوزۇق ئال.
كۈننىڭ پىلانى سەھەردىن،
يىلنىڭ پىلانى باھاردىن.
كۈن نۇرىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.
كېيىنكى پۇشمان، ئوزەڭگە دۈشمەن.
كىشىگە قىلغان كىشىدە قالمايدۇ.
كىشىنىڭ ھالىغا كىشى يەتمەس.
ئېتىڭ ياخشى بولسا
قامچا نىمە كېرەك؟
قامچىغا كۈچىماي يەمگە كۈچا.
ئېچىشقان يەرگە تۇز سېپىپتۇ.
ئېسىلساڭ دارنىڭ ئېگىزىگە ئېسىل،
پۇتۇڭ يەرگە تەگمىسۇن.
ئىشەك ـ ئىشەكتىن قالسا قۇلىغىنى كەس.
ئىشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى،
ئىشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىغى تېچ.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئىشكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى،
مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى.
ئېقىل ئايىنماس،
ئالتۇن چىرىماس.
ئېقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.
ئېقىلغا ئىشارەت، نادانغا جوۋالدۇرۇز.
ئىشلىسەڭ پۇتەر،
ئىشلىمىسەڭ ئۆتەر.
ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن.
ئىشلىگەننىڭ ئاغزى ئاشقا تېگەر،
ئىشلىمىگەننىڭ بېشى تاشقا.
ئىزا يېگىنىم ــ غىزا يېگىنىم.
ئىلاننىڭ تېشى سىلىق،
ئىچى زەھەر.
ياتقان ئىلاننىڭ بېشىنى قوزغىما.
ياتنىڭ يېنىدىن ئۆتەر،
تۇققاننىڭ جېنىدىن.
ئېقىللىقنىڭ قەدرى،
ئاخماقنىڭ يېنىدا بىلىنەر.
ئېغىرلىق دانالىق،
يېنىكلىك نادانلىق.
ئېغىز يۈگرىكى باشقا،
پۇت يۈگرىكى ئاشقا.
ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك.
ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا، بۆرىنىڭ خۇداسى.
ئىش ئۇملۇكتە، كۈچ بىرلىكتە.
ئىش ئۈستىدىن قورقار.

ياخشى ئاتقا بىر قامچا،
يامان ئاتقا مىڭ قامچا.
ياخشى دوست باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.
ياخشى سوز تاشنى يارىدۇ،
ياخشىدىن نام قالۇر،
ياماندىن دات.
ياخشىغا كورۇم يوق،
يامانغا ئولۈم.
ياخشىلىق كورۇنمەس،
يامانلىق كومۇلمەس.
ئۇچىسى قىچىشقان ئىشەك،
توگمەن بېشىغا بېرىپ ھاڭرايدۇ.
ياغاچ قازاندا ئاش بىر قېتىم پىشىدۇ.
ياغ بىلەن گوش بىر تۇققان،
پىيازنىڭ كويگىنى كويگەن.
يارنى تاپقاندا گەپ يوق،
گەپنى تاپقاندا يار.
يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسا دېڭى چىقماس.
ياغاچ قۇلاققا گەپ ئوتمەس.
يالغۇز قالغان قوينى بورى يەر.
يامان ئاتاق بىلەن ياشىغىچە،
ياخشى ئاتاق بىلەن ئولگەن ياخشى.
يامان ئىنەك ئولمىگىچە، سۇتلۇك ئاتالماس.
ياشلىق نادانلىق، قېرىلىق بەڭۋاشلىق.
يامانغا ياغ ياراشماس.

ئوچكىگە يۇمغاقسۇت:

يەر ئالتۇن قوزۇق،
غاجىلاپ يىسەڭ تۈگىمەس.
يول ئازاۋى
گور ئازاۋى.
يولدا قوشۇلغان ھەمرا ئەمەس.
يىتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە،
بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ.
يېقىن تۇرسا چىشلىشىدۇ،
يىراق تۇرسا كىشنىشىدۇ.
يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ،
قولۇغۇڭ تىنچىماس.
يېغى ياندىن قوپار،
بالا قېرىنداشتىن.
يىمىشلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن،
بىلىملىك ئەرنىڭ يۈزى.
يېنىڭدا كىم بولسا،
چىرايلىغىڭ شۇ.
يىراق يەردىن ئات ئالما،
يېقىن يەردىن قىز.
يىراقتىكى تۇققاندىن
يېقىندىكى خوشناڭ ياخشى.
يىراققا بەرسەڭ:
يېقىندىن ئالسەن.
يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ.
غەيرەتلىك ئەردىن،
تاغ قېچىپ قۇتۇلماس.

غوٗجامنىڭ ئېتى ئۇلۇغ،
سۇپىرىسى قۇرۇق.
غوٗجامنىڭ غوٗجىسى بار،
چامغۇرنىڭ ئورىسى.
ئالتۇن تاۋاقتا سۇ ئىچمەن.
گەپ يەردە ئەمەس، ئەردە.
گەپنى قىل سىغار يەرگە،
سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە.
مەرتنى مەيداندا سىنا.
مەن كۆيەرمەن بالامغا،
بالام كۆيەر بالىسىغا.
مۇزاينىڭ يۈگرىشى ساماننىقىچە.
موللا تولا بولسا قوي هارام بولىدۇ.
موللىغا بەردىم ئوقىسۇن دەپ،
ئۇستىغا بەردىم توقىسۇن دەپ.
مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن.
مۈشۈكنىڭ قېشىدا گوش تۇرماس.
مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر.
مېهماننىڭ كېتىشىنى سورىما،
كېلىشىنى سورا.
مېهنەتنىڭ تېگى راهەت.
مىڭ ئاڭلىغان بىر كورگەنگە يەتمەس.
نامراتچىلىق تاشتىن قاتتىق.
نامراتنىڭ نېنى يانچۇغىدا.
نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىغى تورت.
چىچەكنىڭ ئېتى يامان،
قىزىلنىڭ يېلى.
خوتۇنۇم ئولدى قامچام سۇندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

دۈشمەن بۆيرىسا بارما،
دوست بۆيرىسا قالما.
داۋاسىز دەرت بولماس،
ھەۋەسسىز قېرى.
رەختنىڭ ياخشىسى تاۋا،
تونىنىڭ ياخشىسى جۇۋا.
قانائەتلىك قوساق تويغۇزىدۇ،
قانائەتسىز كالا سويغۇزىدۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى:
**سۇلتانەم ئۆمەر**

ئانىسى تەپكەن موزاينىڭ گۆشى ئاغرىمايدۇ.
ئالدىراشنىڭ تۆۋى ئوكۇنۇش.
ئاز سوزلە، كوپ ئاڭلا، ئاز يە، كوپ چاينا.
ئاۋۋىلىدا مېنىڭ ئىدى، سۈرئۈدىم دۇرا بولدى.
باشنىڭ ساقلىغى بولسا، تەننىڭ ساقلىغى بولىدۇ.
بىرىگە ئۆلۈم تىلىگىچە، ئۆزەڭگە ئۆمۈر تىلە.
بىلگەنگە ياخشىلىق قىلغىنىڭ بىكار، تىڭشىمىغانغا سوز.
بېشىڭ نەدىن كەتتى، ئاغزىڭدىن.
بەرگەن بەككە ياراپتۇ، بەرمىگەن كىمگە؟
بورىنى قانچە باقساڭمۇ، ئىككى كوزى جاڭگالدا.
دوغا نەدە بولسا، غوغا شۇ يەردە.
دىخانچىلىق بەزىدە چىلىق ـ چىلىق، بەزىدە قۇرۇق پىلىك.
ئېقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى ئاياق تارتار.
ئېغىرلىق ـ راخمانلىق، يېنىكلىك ـ شەيتانلىق.



AltunOq

گۈل چىرايلىق بولسا كېپىنەك قونىدۇ.
كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار.
كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر.
ماي سېسىسا تۆز سېپەر.
تۆز سېسىسا نىمە سېپەر؟
نىيىتى يامان ئادەم دائىم باشقىلاردىن ئېيىپ ئىزلەيدۇ.
ئۆزى قىلغان ئەر ئۆزى يىغلىمايدۇ.
ئۆزەڭنىڭ كۆڭلىنى ئايىغىچە،
دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى ئايا.
ئۆكۈزنى كاردىن چىقارغان بويۇنتۇرۇق.
ئۈمىتسىز پەيغەمبەر، مۈرتسىز پىر يوق.
پۇل تاپقىچە يول تاپ.
پايدىسىز كىلىشمىدىن، پايدىلىق جېدەل ياخشى.
پايدىسى يوق مازاردىن شەيخىمۇ قېچىپتۇ.
چاشقان تەشكەن سۇپۇردىن ئۈن قۇيۇلۇۋېرىدۇ.
سىمىزنىڭ پۇتى سەككىز.
ساغلام روھسىز ساغلام تەن بولماس.
قولى گال ئۈستىدىن ئايىغى ئىتتىك گاداي ياخشى.
شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىغى بار.
ياشلىق — يالقۇن، قېرىلىق — كۆل.
يامغۇردىن قېچىپ قار ئاستىدا قاپتۇ.
يېقىننى ئاراز، ئامراقنى يىراق قىلىدىغان غەيۋەت.
ياخشىنىڭ گېپى ماي بولىدۇ، يامانىنىڭ گېپى لاي.
قالاشنى بىلسەڭ قارمۇ كۆيىدۇ.
قىسىر كالا تولا مورەيدۇ.
قىزلىق ئۆي خان كۆۋرىكى.
قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار.

ئەر يېگىلسە قولغا چۈشۈدۇ،
قۇش يېگىلسە تورغا.
ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،
نامراتلىقتا پۇتلاش.
ئەرنىڭ يۈز خەترىنى قىلمىغان خوتۇن،
پىرگىمۇ دوست بولالمايدۇ.
ھاياتلىغىمدا ئەيلىمىدىڭ يات،
ئۆلگىنىمدە قىلمىغىن پەريات!

توپلىغۇچى: **ئابدۇراخمان ئەبەي**

ئادەمگەرچىلىك كىچىككىنە يەردە.

ئالدىرىغان قىز ئەر تاللىماس.

ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كوز.

ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ.

ئات ئالساڭ مىنىپ كور،
چىنە ئالساڭ چېكىپ كور.

ئاتىنىڭ تەپكىنى ھار ئەمەس،
ئېشەكنىڭ تەپكىنى ھار.

ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس.

بالا كورگەننى دورايدۇ،
قېرى كورگەننى سورايدۇ.

بالا - قازا قاش - كىرپىكنىڭ ئارىسىدا.

بارچە ياخشى، مەن يامان،
بارچە بۇغداي، مەن سامان.

باتۇر ئاڭقاۋ كېلىدۇ، پالۋان ئوكتەم.

باي سېغىنغاندا يەر،
كەمبەغەل تاپقاندا.

بېخىل ئالغاننى ئۇنتۇلار،
سېخى بەرگەننى.

بىر كوزى قاسساپتا،
بىر كوزى ناۋايدا.

بولغانسېرى بولغۇسى كېلەر.

بەرسە قولىدىن ئالار،
بەرمىسە يولىدىن.

بورىنىڭ بالىسى بورە.

دوست كوپ، توغرىسى ئاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېشەك باينىڭ، تاغار باينىڭ،
يىقىلسا يۆلىمەيمەن، ئۆلسە تۇلىمەيمەن.

خانغا يارىغان ئېشىم تازغا يارىماپتۇ.

كىمنىڭ مېلى كىمگە قالماس،
كىمنىڭ يارى كىمگە (قالماس).

كىشىنىڭ ئېشىنى يىسەڭ، تىلىڭ قىسقىرار.

كۆرسە ھالى يوق،
كۆرمىسە كارى يوق.

"ماقۇل" غا جاۋاپ يوق.

مىڭ پەراقىڭدىن بىر ئەلىمىڭ يامان.

مەيلى بارغا مايىل بول.

نان تۆرۈپ قالسا سۇغا يۈگۈر،
سۇ تۆرۈپ قالسا گۆرگە يۈگۈر.

نەشپۈتنى نەۋرەڭگە قوي،
شاپتۇلنى مېھمانغا.

پاختەكتە بار كوكۇل تورغايدا يوقمۇ؟

چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ.

چوكۈن تاشسا ئۆز بويىنغا تاشار.

توڭگۇزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلسىمۇ يۇلغان،

تۆرقى ئىنسان، قىلىغى ھايۋان.

تۇققاندىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇغى،
تاماقتىن يامانلىغان قوساقنىڭ توقلۇغى.

توكىنى شامال ئۇچۇرسا،
ئۈشكىنى ئاسماندا كور.

ئۇستاز ئۇنتۇلماس.

شەنبە شىكار، ئازنا بىكار.

شەرىيەتنىڭ مىڭ بىر پۇتىغى بار.

يامان ياماندىن قورقار،
كەتمەن ساماندىن.

يولنى يۈرگەن يىڭىدۇ.

يەرنىڭ كوزى ئاچ.

ھورۇننىڭ ھۇنىرى ئۇيقا.

قايناق سۇ ئىچ، كوكلۇك تىچ.

قاغا تىبوت قاراپ، بىر چوقۇيدۇ.



AltunOq

www.uyghurkitap.com

قوينى سەركە باشلايدۇ،
ئۇيۇننى ئەركە (باشلايدۇ).

قوي تۇغىدۇ بىرە - بىرە، يۇرىدۇ گىرە - گىرە،
ئىت تۇغىدۇ گىرە - گىرە، يورىدۇ بىرە - بىرە.

قۇيرۇغىنى كوتەرگەن كالا تېزەكلمەي قالماس.

ئەسكىنى ئەپلىگىچە ئېسىلىك كېتەر.

ئۇلۇمدىن قورققان ئاشىق ئەمەس.

توپلىغۇچى: **مەھەممەت رەھىم**

# بۇلاق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1981 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1982 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098.574
باھاسى: 0.71 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

源　　泉　　　　（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 12.25印张 1插页
1981年12月第1版　1982年5月第1次印刷
印数：1—20,000

统一书号：M10098·574　定价：0.71元

书号：10098·574
定价：0.71元